ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# مەلىكە بەرنا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09858-3

9 787228 098583 >

定价：17.00 元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# مەلىكە بەرنا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事.9/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09858-3

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010416号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间故事 — 9 (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.125印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-7,000

ISBN 978-7-228-09858-3 定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

مەلىكە بەرنا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ‑ №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001‑7,000
ISBN 978‑7‑228‑09858‑3
باھاسى: 17.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى



# مۇندەرىجە


ياغاچچى بىلەن بوياقچى........................1

ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر ............6

ئەقىللىق كېلىن ..............................16

ئەقىللىق دېھقان ...............................21

چاققان ئوغرىنىڭ ۋەزىر بولۇشى ..............23

ئەقىلىڭ — بايلىقىڭ ..........................36

قازى بىلەن مەھەممەت رازى ..................41

ئارغىماق ماجىراسى ............................61

پادىشاھ ھوشيار ..................................69

مىراس .............................................76

ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي ..................85

ھېكايە خۇمار پادىشاھ ...........................90

قازىنىڭ قىزى .....................................103

باي بىلەن چاكار .................................110

پادىشاھنىڭ كەنجى قىزى ......................114

بېگىمنىڭ تايغىنى ...............................118

توغرا ھۆكۈم .......................................122

گومۈش شاھزادە بىلەن چېچەن قىز .......... 129
باغۋەن بوۋاي ........................................ 133
بارىكاللا .................................................. 135
ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ .................................. 138
مەلىكە بەرنا ............................................ 140
دانىشمەن ۋەزىر ....................................... 145
ئەقىللىق ئادەم ......................................... 148
دانا پادىشاھ ............................................. 153
پەم ........................................................... 158
مۇشۇكلەرنىڭ قىساسى .............................. 160
تەدبىرلىك ئالىم ......................................... 165
شېتىلە بىلەن پېتىلە ................................. 175
ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان .......................... 181
ئۈچ ئەخمەق .............................................. 193
يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق ..... 199
ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي .................. 218
ئامەتلىك بايۋەچچە ..................................... 234
بىر تىللانىڭ ئاقىۋىتى ............................... 249

پادىشاھ بىلەن قىزىقچى ........................265

گەپ بەرمەس بىلەن نەپ بەرمەس ............268

مۇنۇكباي ........................................273

كاج بىلەن جاھىل ...............................279

بەڭگىنىڭ خىيالى ...............................282

نادان بىلەن تادان ..............................286

بەش گاس ........................................288

تېۋىپنىڭ ئوغلى ................................294

تەلۋە كۈيئوغۇل ...............................299

كۆسەي قاشلىق ۋاپادار .......................308

نەغمەجان .........................................318

ئىسىت، ھۈنىرىم ...............................328

ئىككى گىرى .....................................331

كاج خوتۇننىڭ ئۆلۈمى ........................337

گۈل چامغۇۋاي ..................................339

قوغۇنچىنىڭ باھاسى ...........................344

مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك ـ دىك.....346

# ياغاچچى بىلەن بوياقچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. بۇ ئىككى ئۇستا پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئوردا - سارايلىرىنى ياساپ زىننەتلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ بوپتۇ. ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپتۇ. ياغاچچى ئۇستا تولىمۇ تەدبىرلىك، توغرا ئادەم ئىكەن، لېكىن بوياقچى ئىچى تار، كۆرەلمەس، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ياغاچچى ئۇستىنى ياخشى كۆرگىنىنى كۆرەلمەيدىكەن، شۇڭا دائىم ياغاچچىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرىسىمۇ، لېكىن چوپىلىغا توختىغۇدەك بىر ئەيىب تاپالماپتۇ. ئىچى يامان بوياقچى ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىر ياغاچچىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ - دە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئى پادىشاھئالەم، — دەپ قول قوشتۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ بوياقچى، — جانابلىرىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى بىر نازۇك ئىش بىلەن كەلدىم، ئېيتاي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز ھەمراھىم ياغاچچى ئۇستىنىڭ جېنىد-

غا زامىن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم، ئېيتماي دې-
سەم، جانابلىرىنىڭ بەرگەن تۇزىنى ئاياغ ئاستى قىلغاندەك
بولۇپ قالىمەنمىكىن دەپ قورقتۇم. ئاخىر ئويلاپ، جانابلىرى-
غا بولغان ساداقىتىمنى يوقىتىپ قويۇشنى ئۆزۈمگە ئىككىللا
ئالەمدە گۇناھ دەپ بىلىپ، بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھۇزۇر-
لىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ پۈتۈن دىق-
قىتىنى بوياقچىغا قارىتىپ:
— قېنى، ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى بايان قىلغايسەن، —
دەپ جاۋاب كۈتۈپتۇ.
— تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام — ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى
ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە جەننەتـ-
نىڭ ئىچىدە يۈرگۈدەكمەن. جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل باغلى-
رىنى ئارىلاپ، ھۆر - غىلمانلار بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىپ
بىر پېشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كۆزۈمگە تونۇش بىر زات
كۆرۈندى. تەنلىرىم يايرىغاندەك بولدى. بايقىغۇدەك بولسام، ئۇ
جانابلىرىنىڭ ئاتىسى مەرھۇم شاھىمىز ئىكەن. ئۇ زات مېنى
كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىغا چاقىردى، قېشىغا باردىم.
ئاتىلىرىنىڭ يۈز - كۆزى نۇرغا تولغان، ئەتراپىدا ھۆر - پە-
رىلەر جەۋلان قىلىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن پادىشاھىمىزنىڭ ئۇلار
بىلەن زادى كارى يوق. مەن پادىشاھىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر
خاپا بولۇپ تۇرغىنىنى بايقىدىم. شاھىمىزدىن ئەھۋال سورىدىم.
شاھىم مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، جانابلىرىنى سورى-
دى. مەن: «ئوغۇللىرى كاتتا سەلتەنەت بىلەن پادىشاھلىقنى
قىلىۋاتىدۇ» دېدىم. لېكىن، شاھىم بۇ جاۋابقىمۇ قىزىقمىدى.
مەن ھەيران بولدۇم. ئاخىر شاھىم: «مەن جەننەتتە خۇدانىڭ
ئۇلۇغ رەھمىتىگە ئىگە بولدۇم. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جەننەتنىڭ
ئىچى پاراغەت بىلەن تولغان، بىراق بۇ يەرلەردىكى ئىمارەتلەر

ئۇ ئالەمدە ياساتقان ئىمارەتلىرىمگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلىرىمگە ئوخشاش ئىمارەتلەردە تۇرۇشنى خالايتتىم، لېكىن جەننەتتە ئۇنداق ئۆيلەرنى ياسايدىغان مېنىڭ ياغاچچى ئۇستام يوق. ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا قايتساڭ، ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويغىن، ئىلاج قىلىپ شۇ ياغاچچى ئۇستىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن» دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتلىرى كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ھاياجان ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام، مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇۋېتىپتۇ. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدىم ـ دە، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، مەرھۇم شاھىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مانا، بولغان ئەھۋال شۇ. بۇنى جانابلىرىغا يەتكۈزمەسلىكنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرمىدىم، — دەپ بوياقچى كۆز يېشى قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ ۋە ئاخىردا ئاتىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپتۇ، دەررۇ ئۆلىمالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۆلىمالار كىتاب ئېچىپ، ئاخىر:

— بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە جاكار قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئوتۇن يىغدۇرۇش لازىم. ئەنە شۇ ئوتۇننىڭ ئېگىزلىكىگە كۆز يەتمەيدىغان بولغاندا ئۇنىڭغا ئوت يېقىش كېرەك. ياغاچچى ئۇستىنى بولسا، شۇ ئوتۇننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ كۆيدۈرسەك، شەرت ئادا بولىدۇ. ئوت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر ياغاچچىنى كۆتۈرۈپ ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە پادىشاھ ياغاچچىغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپ، ئاھالىگە جاكارلاپ ئوتۇن يىغدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ياغاچچى دەررۇ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزى-

نى قوتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كۆرۈپتۇ: ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن
تاكى ئوتتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە قەدەر لەخمە كولاپتۇ. بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى كېلىپ ياغاچچىنى ئو-
تۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆلىمالارنىڭ دۇئاسى-
دىن كېيىن، ئۇنى ئوتۇننىڭ تېگىگە باستۇرۇپتۇ. ياغاچچى
ئوتۇننىڭ ئاستىغا كىرىپ، مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى تۆشۈكنى
تېپىپ، لەخمە بىلەن ساق - سالامەت ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ. ئو-
تۇن بىر قانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياش پادى-
شاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

ياغاچچى ئىككى ئايغىچە ۋاقىتنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئويلا - ئويلا، مەن بۇ بوياقچىغا ھېچ-بىر يامانلىق قىلمىسام، نېمە ئۈچۈن ماڭا قەست قىلىدۇ؟ زادى ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. ئەمدى ماڭا كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشسۇن، دەپ بىر ئامال ئويلاپتۇ - دە، بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، پادىشاھ ياتىدىغان ئۆيىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۆگزىنىڭ قاتتىق غاراسلاپ كەتكىنىدىن پادىشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، دەررۇ پاسىبانلىرىنى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.



پاسىبانلار ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى

ياغاچچى تۇرغۇدەك. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. ياغاچچى ئۇلارغا:

— قورقماڭلار، مەن ئەرشتىن چۈشتۈم. مەرھۇم پادىشاھىمغا جەننەتتە ئىمارەت ياساپ بەردىم. خۇدايىتائالا مېنىڭ ئەجىلىم تېخى پۈتمىگىنى ئۈچۈن يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پاسىبانلار ياغاچچىنى ئۆگزىدىن چۈشۈرۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ. ياغاچچى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، ئۆز سۆزىنى بايان قىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن جانابلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ قايتتىم، ئىمارەت ياساپ بەردىم. ئاتىلىرى بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلىگە ناھايىتى جىق مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە جانابلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. خوش، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، تەقسىر، مەن ئىمارەتنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى تاماملىدىم، بىراق سىر - بوياقلار بىلەن قىلىنىدىغان زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىرى رەھمىتى تېخى ئۇ ئۆيگە ئورۇنلاشمىدى. مەن بۇياققا قايتىشتا، ئاتىلىرى: «ئۆينىڭ زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، ئوغلۇم دەرھال بوياقچى ئۇستامنى ئەۋەتسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بۇنىمۇ بېجىرسە، مەن ھەددى - ھېسابسىز خۇش بولاتتىم» دېدى ۋە بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا تاپشۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئارزۇسىنىمۇ ئورۇنداش ئۈچۈن بەل باغلاپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغدۇرۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن بوياقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

# ئۆزنى كەم كولسا ئۆزى چۈشەر

بۇرۇن بۇرۇنكەن، تۇلكە خىزىركەن، ئېيىق پادىشاھ، مايمۇن ۋەزىركەن، بايلارنىڭ ئۆيى ساراي ـ قەسىركەن، گۆش دەپ ئالغىنىڭ ئۆپكە ـ بېغىركەن، گادايغا كۈن يوق، دۈمبە يېغىركەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر شەھەردە زالىم بىر باي بولغانىكەن.

شۇ شەھەرگە يېقىن يەردە ئولتۇرىدىغان بىر كەمبەغەل موزدۇز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تاز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئاتا كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە، ئۇنىڭ تىككەن ئاياغلىرى، ھەتتا شاھنىڭ ئىنئامىغا مۇشەررەپ بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان شۇ شەھەرنىڭ ئاچ كۆز بېيى نىيىتىنى ئالا قىلىپ، موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بالىسىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا ئېلىپ كەپتۇ. ئاق كۆڭۈل موزدۇز ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېپقاپتۇ.

ئەسلىدە باينىڭ ئەكەلگىنى باينىڭ ئۆز بالىسى بولماستىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ زۇلۇمغا چىدىماي قاچقاندا باي تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، قاتتىق تاياق دەستىدىن ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان چاكار ئىكەن.

شۇ كېچىسى موزدۇز بىلەن بىر يەردە يېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەن چاكار ئەتىسى

ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، باي: «ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى تۆلەپ بېرىسەن، ئەگەر بەرمىسەڭ، خۇن دەۋاسى قىلىپ شاھقا ئەرز قىلىمەن !» دەپ مېيىتنى ئېلىپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. موزدۇزنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. باينىڭ غەرىزىنى ئالدىن چۈشەنگەن موزدۇزنىڭ بالىسى: «دادا، مېنى چاكارلىققا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. موزدوز ئامالسىز ئوغلىنى بايغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالا باينىڭ ئۆيىدە كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى باينىڭ ھەر خىل تۆھمەت - قىلتاقلىرىدىن ھىمايە قىپتۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، بالا بۇ جەرياندا بايغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ. باي بولسا، ئۇنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، بالىغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ. ئاچ كۆز باي ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، بۇنى ۋاقتىدا كۆزۈمدىن يوقاتمىسام، ئۇ مېنى يوقىتىدۇ، دەپ ئويلاپ بالىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ:

— ئەي تاز، مەن كەلگۈچە بىكار ئولتۇرماي ماۋۇ قومدا يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئۆلتاڭ كەس، — دەپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى بالىغا ئەزرائىلنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپتۇ.

— بولىدۇ، باي غوجام، — دەپتۇ تاز.

باي كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر نان بىلەن بىر چىنە قايماقنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. كەچ بولغاندا باي قايتىپ كەپتۇ. تاز بولسا، قايماق بىلەن نانىنى باينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— ماۋۇ نان بىلەن قايماقنى ئاپام سىلىگە ئەۋەتتى. ناننى ئۇشتۇماي يېسۇن، قايماقنى بۇزماي ئىچسۇن، دەيدۇ، —

دەپتۇ. باي ئاچچىقى بىلەن:

— ۋاي تاز، ناننى ئوشتۇماي قانداق يېگىلى، قايماقنى بۇزماي قانداق ئىچكىلى بولسۇن؟ ! — دەپ كايىپ كېتىپتۇ.

مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان تاز:

— باي غوجام، قۇم بىلەن يىپ ئەشكىلى، يىپ بىلەن ئۆلتاڭ كەسكىلى بولغان يەردە، نېمىشقا ناننى ئوشتۇماي يېگىلى، قايماقنى بۇزماي ئىچكىلى بولمايدىكەن؟ ! — دەپتۇ.

بالىدىن لەت بولغان باي ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ ۋە بالىغا ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

باينىڭ بەش ياشلىق بالىسى بولۇپ، باينىڭ خوتۇنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، بالىسى باينىڭ يېنىدا قالغانىكەن. بىر ئاخشىمى قورسىقى ئاغرىپ ياتالمىغان باينىڭ بالىسى تەرەت قىلىمەن دەپ جېدەل قىپتۇ. باي تازغا بالىنى تالاغا ئاچىقىپ تەرەت قىلغۇزۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ. تاز باينىڭ بالىسىغا: «تەرەت قىلساڭ، كەينىڭگە بىگىز تىقىمەن» دەپ بالىنى تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بالا ئورۇنغا كىرىپ يەنە جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ، باي يەنە تازغا بۇيرۇپتۇ، تاز يەنە تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بۇ ئىش تۆت - بەش قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئۇيقۇلۇقتا ئاچچىقىنى باسالمىغان باي:

— هوي تاز، ماۋۇ شۇمنى بېسىقتۇر، — دەپتۇ. باينىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاز باينىڭ بالىسىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ بېسىقتۇرۇپ، تامغا يۆلەپ، غولچىنى كېرىپ قويۇپ يېنىپ كىرىپتۇ.

— بالا قېنى؟ — دەپتۇ باي.

— باي غوجام، غوجىزادىلىرى كىچىك بولغان بىلەن

ئەقلى چوڭ ئىكەن. «ئاتام قېرىپ قالدى، ئاتام ئۆلسە، ماڭا قانچىلىك مىراس قالىدىكىن، ئۆلچەپ باقاي» دەپ تامنى غۇلاچلاپ قالدى. ئىلىپ كىرەي دېسەم، ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ تاز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قولىغا كەكىنى ئېلىپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپتۇ. تاز شام كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باي شامنىڭ يورۇقىدا قارىسا، راستتىنلا باللىسى تامنى غۇلاچلاپ تۇرغانىكەن، باي غەزىپىگە پايلىماي: «مانا، ساڭا تېگىدىغان يەر - زېمىن» دەپ، باللىسىنىڭ بېشىغا كەكە بىلەن بىرنى قويۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن تازغا:

— سەن بېرىپ گۆر كولا، كۆمىدىغان يەرلىك قۇلىقىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن، — دەپتۇ. تاز قەبرىستانلىققا بېرىپ بىر كەتمەن چېپىپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ.

باي ئەتىسى جامائەتنى يىغىپ جەسەتنى يەرلىككە ئېلىپ چىقسا، گۆر تەييار بولمىغانىكەن. باي:



— ھەي تاز، قېنى چاپقان گۆرلۇكۇك ؟ — دەپتۇ.

— ۋاي باي غوجام، ئۆزلىرى قولىقىغا چېنەپ قازغىن دېگەنتىلە، ئون قولاق تېرەنلىكتە كولىۋەتتىم. ئەگەر تېرەن بولۇپ قالغان بولسا، توپا سىيرىپ ئازراق تىندۇرۇۋېتەي، — دەپتۇ تاز. باي خاپىچىلىقتا يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆزى گۆر كولاشقا باشلاپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن بوپ-تۇ. نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۆچۈن ئوتۇن كېرەك بوپتۇ.

— ھوي تاز، سەن هارۋىنى قوشۇپ جاڭگالغا بېرىپ، بىر هارۋا يانتاق سۆرتىپ كەل، — دەپتۇ. باينىڭ مەقسىتى لىق بىر هارۋا ئوتۇندىن تاشقىرى هارۋىنىڭ كەينىگە يەنە بىر باغلام يانتاقنى سۆرتىپ ئەكەلدۇرۇش ئىكەن.

تاز جاڭگالغا بېرىپ ئاتنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر سايە جاينى تېپىپ ئۇخلاپ، كەچ بولغاندا بىر باغلام يانتاقنى سۆرتىپ قايتىپ كەپتۇ.

— ھەي تاز، ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ كايىپ كېتىپتۇ باي. تاز:

— باي غوجام، هارۋىنىڭ ئارقىسىغا سۆرتىپ ئە-كەل دېمىگەنمىدىلە، مانا سۆرتىپ ئەكەلدىم، — دەپتۇ. باي غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا پادىشاھ ئوردىسىدىن تازنى چاقىر-غىلى ئادەم كەپتۇ. تاز بۇ خەۋەردىن ھەيران بولۇپ، ئوردىغا بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن: پادىشاھ تازغا بىر جۈپ ئاياغ بۇيرۇتقانىكەن. باي تاز تىككەن بىر جۈپ ئاياغنى تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بازاردىن ئادەتتىكى ئاياغدىن بىر جۈپ سېتىۋېلىپ پادىشاھقا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. تازدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن باي ئۇنى پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا

يەم قىلىنغۇيتىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى قوللانغانىكەن.

تاز شاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن:

— بۇ مەن بۇيرۇغان ئاياغقا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپ بىر جۈپ ئاياغنى تازنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاز ئۇ ئاياغلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ ۋە بۇ ئاياغلارنىڭ ئۆزى تىككەن ئاياغ ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھ باشقا مۇلازىملاردىن سۈرۈشتە قىلغانىكەن، باينىڭ يامان غەرىزى ئاشكارىلىنىپتۇ.

شاھ باينى زىندانغا سېلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىپتۇ. باينىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلارمۇ ئازاد بوپتۇ، شۇ قاتاردا تازمۇ ئۆز ئۆيىگە تىنچ - ئامان قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يېرىم يىلدەك بولغاندا، بىر كۈنى بىر گۈندىپاي كېلىپ تازنى زىندان بېگى چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر غەم - قايغۇغا پېتىپتۇ. تاز ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. تاز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، گۈندىخانىغا يېتىپ كەپتۇ، گۈندىخا-



نىدا باي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. باي:
— ئەي بالام، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ پەلەكنىڭ ئىد-شى. مەن قىلغان گۇناھلىرىمغا توۋا قىلدىم، مانا زىندان بې-گى گۇۋاھ بولسۇن. سېنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ چاقىرتتىم. ئايالىم بىلمەيدىغان مىلڭ تىللا پۇلنى ئېتىز چېتىدىكى بىر تۈپ سېدە تۈۋىگە كۆمۈپ قويغانىدىم. سەن بېرىپ ئۇ پۇلنى ئېلىپ يۈز تىللانى زىندان بېگىگە، ئون تىللانى سېنى چاقى-رىپ كەلگەن گۇندىپايغا بەر، ئۈچ يۈز توقسان تىللانى سەن ئالغىن، قالغان بەش يۈز تىللانى مەن كېيىنكى ئوقتىمم ئۈچۈن دەسمايە قىلاي، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاز باينىڭ بىر يامان غەرىزى بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن چاندۇرماي پۇلنى ئېلىپ، باينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈز تىللانى زىندان بېگىگە، ئون تىللانى گۇندىپايغا بېرىپتۇ ۋە يېرىم كېچە بىلەن باينى زىنداندىن ئاچىقىپتۇ. باي تازغا: «ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت» دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. تاز باينىڭ يەنە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈڭلۈك تۈۋىدە يېتىپتۇ. كېچىدە باي خو-تۇنىغا:
— ئەتە تازنى تۇتىدۇ. زىندان بېگى ئۇ يەردە بىر جەللاد-گۇرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر گۇندىپايىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويماقچى، پادىشاھقا، ھېلىقى تاز موزدۇز كۆزەتچىلىك قىلى-لىۋاتقان گۇندىپاينى ئۆلتۈرۈپ باينى ئېلىپ قېچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلماقچى، — دەپتۇ.
ئەتىسى سەھەردە باي بىلەن خوتۇنى ئىككى تاغارغا قوي-ماق سېلىپ تالاغا ئاچىقىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تاز تا-غاردىكى قويماقنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە كىرىپ

يېتىۋاپتۇ. ئۇلار ئالدىراش ئىككى تاغارنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، باي خوتۇنىغا:

— ئەجەب قۇتۇلدۇق تازدىن. ئۇ ھازىر مېنىڭ ئورنۇمدا زىنداندا ياتقاندۇ، — دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ھوي دادىسى، تاز بىرنەچچە يىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقتا سىڭىپ قالغان، شۇڭا بىزگە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى.

— ئۇ تازنىڭ جېنى شۇنداق مەھكەم ئىكەنكى، بىر قېتىم مەن ئۇنى ئىرغاي توقماق بىلەن ئۇرسام، توقماق چىددىماي ئۇزۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىرگە كېلىۋاتامدۇ يا؟ — دەپتۇ باي.

ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ تاماق يېمەكچى بوپتۇ. تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ ئەمدى چاي ئىچەيلى دەپ تۇرغاندا، تازنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كېتىپ تاغارنىڭ ئىچىگە سىيىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي دەرھال چاي ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان چىنىسىنى سىرغىپ چىقىۋاتقان سۈيدۈككە تۇتۇپ، ھاۋىنىڭ ئىسسىقىدا قۇيماقنىڭ يېغى ئېرىپ كەتكىلى تۇردى، دەپ ھېلىقى چىنىدىكى ياغنى قاپىقىغا قۇيۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار بىر دەرياغا يېقىن يەردە توختاپتۇ ۋە يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قونماقچى بوپتۇ. باي يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەجەب قۇتۇلدۇما بۇ تازدىن» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغارنىڭ ئىچىدىن: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن ھېلىقى سادا ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران بولغان باي تاغارنى ئېچىپ قارىسا، تا-

غاردا تاز ياتقۇدەك. باي بىلەن خوتۇنى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قې-
تىپلا قاپتۇ. تاز تاغاردىن چىقىپتۇ. باي ھېچ نەرسە بولمىد-
غاندەك، چاندۇرماي:
ــ سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم.
بىزنى يالغۇز قويماي ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەپسەن، بەرگەن
تۇزۇمنى ئاقلاپسەن، ــ دەپ ماختاپتۇ.
كەچتە ياتار چاغدا باينىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا
بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. تاز بۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى
پەملەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئورۇن سېلىپتۇ، دەريا تەرەپكە بالىغا
ئورۇن سالدۇرۇپتۇ، ئۆزىنىڭ يېنىغا بايغا، نېرى چەتكە ئۆزىگە ئورۇن
سېلىپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچىغان باي بىلەن خوتۇنى قاتـ-
تىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تاز ئۆزىنىڭ ئورنىغا باينىڭ
خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ
ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا باي ئورنىد-



دىن سەكرەپ قوپۇپ، چەتتە ياتقان خوتۇننى يوتقانغا يۆگەپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزى ھېچ نەرسە بىلمىگەن قىياپەتتە ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ئەتىسى باي خوتۇننى ئويغاتماقچى بولۇپ قارىسا، خوتۇنى يوق تۇرغۇدەك. باي ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىسا، تاز يىراقتا بىر توپ قوينى ھەيدەپ يۈرگۈدەك. مال - دۇنيا دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان ئاچ كۆز باي تازنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. تاز ئەسلىدە سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پادىچى بالىنىڭ قويلىرىنى بېقىشىپ بېرىۋاتقانىكەن. باي:

— بۇ قويلارنى نەدىن تاپتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كېچىدە مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدىلە، سۇنىڭ تەكتىدە قوي دېگەننىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن، شۇنىڭدىن ئازراق ئالغاچ چىققاندىم، — دەپتۇ تاز.

— قېنى ئۇ قويلار؟ — دەپتۇ باي بويىنىنى سوزۇپ. تاز قويلارنى دەريا بويىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، قويلارنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باي غوجام، كۆرمەيۋاتامىلا ؟ ئەنە تۇرمامدۇ، — دەپتۇ. باي قارىغۇدەك بولسا، راستتىنلا سۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قوي تۇرغۇدەك. ئاچ كۆز باي دەريا ئاستىغا چۈشمەكچى بوپتۇ، يەنە ئىككىلىنىپ توختاپ قاپتۇ.

— ئەگەر قورقۇۋاتقان بولسىلا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مەن: «ماڭ» دېگەندە ماڭسىلا، «ئاچ» دېگەندە كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — دېگەنىكەن، باي دەرياغا قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىۋېرىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىر قاينام يۇتۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئەقىللىق كېلىن

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەقىللىق ھەم سېخىي ئىكەن. ئۇ كۆۋرۈك سېلىش، كۆل چاپتۇرۇش، يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ئېھسان قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىدىكەن. باينىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئەقىلسىز ئىكەن، باي بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىدىكەن ھەم ئوغلىغا ئەقىللىق بىر قىزنىڭ نېسىپ بولۇشىنى ھەر كۈنى نامىزىدا خۇدادىن تىلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، سەن بۇ يۈز قوينى ئۈچ قېتىم سېتىپ كەل، — دەپ شەھەرگە يولغا ساپتۇ. باينىڭ ئوغلى قويلارنى شەھەرگە ئاپىرىپ بىر قاسساپقا ساتماقچى بولۇپ، قاسساپتىن پۇلنى ئېلىۋېلىپلا قويلارنى بەرگىلى ئۇنىماي:

— دادام ماڭا بۇ قويلارنى ئۈچ قېتىم سات دېگەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن قاسساپ يىگىتنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قازى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— قانداق مۇتتەھەم نېمىسەن؟! قوينى ئۈچ قېتىم ساتقان نەدە بار؟! — دەپ غەزەپلىنىپ، قويلارنى قاسساپقا ئېلىپ بېرىپتۇ. باينىڭ ئوغلى قويلىرىدىن ئايرىلىپ نېمە قىلارىنى

بىلمەي بىر كونا راۋاقنىڭ تۈۋىدە مۈگدىنىپ ئولتۇرسا، بىر ساھىبجامال قىز كەپتۇ. ئۇ قازىنىڭ قىزى بولۇپ، بايا بولغان ۋەقەلەرنى دادىسىدىن ئاڭلاپ يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىپ كەلگەندەكەن. قىز يىگىتكە:

— يىگىت، غەم قىلما، ئەتە قوي ساتقان پۇللارنى ئېلىپ قازىخانىغا بارغىن، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ. قىز ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، دادىسىغا: «ئەتە بىر كۆنلۈك قازىلىقنى ماڭا بەرسىڭىز» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. قازى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى يىگىت پۇللارنى ئېلىپ قازىخانىغا كەلسە، ھېلىقى قىز قازىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك، يىگىت تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. قىز قاسساپنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ، يۈز قوينى قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. قاسساپ نائىلاج قويلارنى ئەكېلىپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋاپتۇ. لېكىن، يىگىتنىڭ قايغۇسى بېسىلماي:

— دادام بۇ قويلارنى ئۈچ قېتىم سات دېگەنىدى، مەن بىر قېتىممۇ ساتالمىدىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دەپ مۈگدىنىپتۇ. قىز يىگىتكە يول كۆرسىتىپ:

— سەن قويلارنى پالانى يايلاققا ئاپىرىپ باققىن. ئالدى بىلەن قويلىرىڭنىڭ قىغىنى بىرەر دېھقانغا ساتقىن، ئاندىن يۇڭىنى بازارغا ئاپىرىپ سات. قويلىرىڭنى بولسا، ياخشى بېقىپ راسا سەمرىگەندە ساتقىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۈچ قېتىم ساتقان بولىسەن، — دەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن پۇلنى ئەكېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتىكەن، دادىسى ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، بۇ پۇللارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئالدى بىلەن قوينىڭ قىغىنى ساتتىم، ئاندىن

يۇڭلىرىنى ساتتىم، ئاخىردا قويلارنى ساتتىم، — دەپ، بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى دادىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. باي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭۈلدىكىدەك قىز تېپىلغانلىقىدىن دىلى يايراپ، ئۇ قىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلىشۇالماقچى بولۇپ قازىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قازى باينىڭ ھۆرمەتلىك كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي كېلىنىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئوغلىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ - دە، يول يېرىم بولغاندا، ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، سەن ئۆيگە بېرىپ ئىككى بېشى بار ئاتتىن بىرنى ئېلىپ كەل، — دەپ ئوغلىنى ياندۇرۇپتۇ. يىگىت ئۆيگە كېلىپ ئىككى بېشى بار ئات تاپالماي، ئىككى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى چېتىپ بېقىپتۇ، قاملاشماپتۇ. ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ.

— ئېغىلدىكى بوغاز بايتالنى ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئايالى ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا كۈلۈپ، — ئىككى بېشى بار دېگەن مانا شۇ.

يىگىت ئاتنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ راست گەپنى ئېيتىپتۇ. باي كېلىنىنىڭ ئەقلىگە تېخىمۇ قايىل بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي بەش يۈز قوينى ئون بەش كۈنلۈك يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئاپىرىپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپ، تەڭگە - تىللالارنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ قايتىپتۇ. ئۇ بىر چۆلدە كېلىۋاتسا، ئالدىدىن قىرىق قاراقچى چىقىپ ئۇنى تو-تۇۋاپتۇ. چەمبەرچاس باغلانغان باي قىلىچ ئاستىدا ئەلەملىك يىغلاپتۇ، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار

ھەيران بولۇشۇپ:

— نېمىگە يىغلاپ، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بىئەجەل نامۇ نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىشىمگە يىغلايمەن، يەنە سىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارغا كۈلىمەن، چۈنكى ئۆيۈمدە ھېسابسىز بايلىقىم بار. سىلەر مېنى ھازىر ئۆلتۈرسەڭلار ناھايىتى ئاز نەرسىگە ئېرىشكەن بولىسىلەر، — دەپتۇ باي. قاراقچىلار:

— بىز سېنىڭ ئۆيۈڭنى قانداق تاپىمىز؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلەرگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ دەپ بېرىمەن ھەمدە كېلىنىمگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىمەن. خەتنى ئېلىپ بارساڭلار، تەلەپىڭلار ھەل بولىدۇ. بىراق، بىر شەرتىم: سىلەر ئاشۇ مال - دۇنيالار كەلمىگۈچە، مېنى ئۆلتۈرمەيسىلەر، — دەپتۇ. قاراقچىلار ماقۇل بوپتۇ.

باي مەكتۇپنى مۇنداق يېزىپتۇ: «ئۆيۈمدىكى قىرىق بۇغرامنى، قىرىق ھىنگانىمنى، قىرىق ئۇچقۇر ئېتىمنى، قىرىق سەركەمنى، بىلەيىنى ئېلىپ كېلىڭ. گال پالتامنى تاشلاپ كېلىڭ. ئىشىك ئالدىدىكى بىر جۈپ قاپاق تېرەكنىڭ بىرىنى كېسىۋېتىپ كېلىڭ، بېشىمغا مىڭ كۈلپەت ياغدى».

ئىككى قاراقچى باينىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەكتۇپنى كېلىنىگە بېرىپتۇ. قىز مەكتۇپنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قاراقچىلارنى پەم بىلەن ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ قاماپ قويۇپتۇ. قىز مەكتۇپنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، خەتتىكى قىرىق بۇغرا تۆگە دېگىنى قىرىق نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى، قىرىق ھىنگان دېگىنى قىرىق نەپەر مۆتىۋەر، قىرىق ئۇچقۇر ئات دېگىنى قىرىق چەۋەنداز يىگىت، قىرىق سەركە دېگىنى قىرىق پالۋان يىگىت، بىلەي دېگىنى مەن، گال پالتا دېگىنى ئېرىم، بىر جۈپ تېرەك چوقۇم ئىككى قاراقچى، دەپ چۈشىنىپ يۇرت –

جامائەتنى يىغىپتۇ ۋە:

— قېرىنداشلار، باي دادام قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. باي دادامنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىلەردىن ياردەم سوراپ بۇ يەرگە چاقىردىم. باي دادام ئىككى قاراقچىدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگەن قاراقچىلارنى قاماپ قويدۇم، — دەپ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

جامائەت قىزنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇلار شۇ ئاخشىمى قاراقچىلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى يول باشلىتىپ، يەتتە كۈندە قاراقچىلارنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. باي كېلىنىنى ئاتلارچە باغرىغا بېسىپتۇ، يۇرتداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپتۇ. باي ئۆزىنىڭ تەڭگە - تىللالىرىنى ئۇلارغا سەدىقە قىپتۇ.



# ئەقىللىق دېھقان

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا ناھايىتى نامرات بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىل بويى كىشىلەر ئىشىكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئاخىر ئۇ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىگە چىدىماي داد ئېيتىپ پادىشاھ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغانغا نېنىم يوق، كىيىدىغانغا كىيىمىم يوق نامرات بىر بىچارىمەن، — دەپتۇ دېھقان

پادىشاھ:

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپتۇ. دېھقان:

— مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس. قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، ئۇنىڭدىن باشقا سىلىگە دەيدىغان تەلىپىم يوق، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ.

پادىشاھ، مەندەك بىر پادىشاھ ئۇچۇن، كالا تېرىسىچىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇغا يارلىق چۈشۈرۈش قانچىلىك ئىشتى، دەپتۇ ـ دە، بىر پارچە يارلىق يېزىپ، مۆھرىنى بېسىپ دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. دېھقان تەزىم ۋە بىرمۇز-

چە رەھمەت ـ ھەشقاللا بىلەن ئوردىدىن كەينچە مېڭىپ چىـ
قىپ كېتىپتۇ.

دېھقان ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر پارچە كالا تېرىسى ۋە بىر دانە چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا تېـ
ـرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چېلەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بەگنىڭ ئالدىغا پادىـ
شاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يارلىقنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقسا: «تەۋەيىڭلاردىكى بۇ دېھقانغا كالا تېرىسى چوڭلۇقىدا يەر، بىر چېلەك سۇ بېرىڭلار» دېگەن يارلىق ئىـ
كەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ئونبەش تاناپ يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۆستەڭ يېنىغا بېـ
ـرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، تۈۋى يوق چېلەكنى ئۆستەڭگە قويۇپ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بۆككەنىكەن، ئېرىققا بىر تاشلىق سۇ چىقىپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. يەر بىلەن سۇنى بەرمەي دېسە، پادىشاھنىڭ يارلىقى بار، شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز يەر بىلەن سۇنى دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دېھقان ئالۋان ـ سېلىق، زاكاتتىن خالىي بوپتۇ. تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ يىل بويى دېھقاننىڭ ئېتىزىغا ئېقىپ، بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ.

# چاقتان ئوغرىنىڭ ۋەزىربولۇشى

ئۆتكەن زاماندا بىر ئادەم ئۆمرىنى ئوغرىلىق بىلەن ئۆت-كۈزۈپتۇ. ئۇ قېرىغان چاغدا ئوغرىلىق ھۈنىرىنى ئوغلىغا قالدۇرۇش يولىدا كۆپ ئەجىر قىپتۇ، ئوغلى ئۆگەنگىنىنى داۋراڭ سالماپتۇ. بۇنى سەزمىگەن قېرى ئوغرى ئوغلىغا:

— مەن ئۈچ يىلدىن بېرى سېنىڭ بىلەن ھەپىلىشىۋاتى-مەن، سېنى تۈزۈكرەك كەسىپ ئەھلى قىلالمىدىم. مەن سې-غىزخانىنىڭ بېسىپ ياتقان تۇخۇمىنى تۇيدۇرماستىن ئوغرى-لىۋالايمەن، — دەپ كايىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ھۈنىرىڭنىمۇ كۆرۈۋالاي، — دەپتۇ ئوغلى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا ـ بالا بىر جاڭگاللىققا بېرىپتۇ. ئۇلار قۇچاق يەتمەس بىر چوڭ چىنارنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن شېخىدا سېغىزخانىنىڭ ئۇۋىسىنى، ئۇۋىدا بىر سېغىزخانىنىڭ تۇخۇم بېسىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئوغرى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، قولىنى ئۇۋىغا سايتۇ، سېغىزخان تۇيماستىن جىم يېتىۋېرىپتۇ. ئوغرىنىڭ بالىسىمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئوغرى دە-رەخكە ياماشقاندا بالىسى دادىسىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ چەمىنى سۆ-كۈپ ئېلىۋېتىپ پېتىكىنى چىقىرىۋاپتۇ ـ دە، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئوغرى ئىشنى تۈگىتىپ، دەرەختىن چۈشۈپتۇ

ۋە تۇخۇمنى بالىسىغا كۆرسىتىپ:

— كۆردۇڭمۇ، سىغىزخان سەزمىدى، — دەپتۇ.

— ئۆزۈڭچۇ؟ ئۆتۈكۈڭگە قاراپ باقمىنا ! — دەپتۇ ئوغلى پاراقلاپ كۈلۈپ. دادىسى شۇ چاغدا بالىسىنىڭ ئۆز ئۆتۈكىنىڭ چەمنى سۆكۈپ، پىتىكىنى چىقىرىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

— ئوغرىلىقتا مېنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپسەن، — دەپ بالىسىدىن بەك خۇشال بوپتۇ ئوغرى، — ئەمدى ئۆز كۈنۈڭـ نى ئۆزۈڭ ئېلىپ، ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپقىن.

شۇنداق قىلىپ، قېرى ئوغرى بالىسىغا رازىلىق بېرىپتۇ ۋە سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپتۇ. بالىسى كېچەيۇ كۈندۈز يول يۈرۈپـ تۇ، تاغلار ئېشىپ، چۆللەر كېزىپتۇ، چىغىر يوللاردىن ئۆتـ تۈپ، چوڭ يولغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئادەم بىر ئوغلاقـ لىق ئۆچكىنى يېتىلەپ شەھەر تەرەپكە كېتىپ بارغانىكەن. بالا ئوغرىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ، ئىشنى مۇشۇ يەرـ



دىن باشلىماقچى بوپتۇ. ئوغرى ماراپ يېرىپ ئوغلاقنى تۇ-تۇۋاپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇنى تۇيماستىن كېتىۋېرىپتۇ، بىر يەرلەرگە بېرىپ ئارقىسىغا قاراپتۇ، ئوغلاقنىڭ ئايرىلىپ قال-غانلىقىدىن ھەيران بوپتۇ ـ دە، ئۆچكىسىنى يول ياقىسىغا باغلاپ قويۇپ، ئوغلاقنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆتۈپ تۇر-غان ئوغرى چاققانلىق بىلەن ئۆچكىنىمۇ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئوغلاقنى ئىزدەپ ھېچنەدىن تاپالماي، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەل-گەن ھېلىقى ئادەم ئۆچكىسىنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان بۇ ئادەم: «يا پەرۋەردى-گارا، بۇ قانداق ئىش بولغانلىقتۇ» دەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. دەريادىن ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالغان ئوغرى ئۆچكىچىلەپ ئۈچ قېتىم مەرەپتۇ. ھېلىقى ئادەم، ئۆچكەم دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋاپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ، كىيىملىرىنى دەريانىڭ قىرغىقىغا سېلىپ قو-يۇپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ھې-لىقى ئۆچكىنىڭ ئىگىسى ئۇ قاتقا ئۆتكۈچە ئوغرى بۇ قاتقا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ قىرغاقتىكى كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىپ، يول ئەتراپىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز نە ئۆچكىسىنى، نە ئوغلىقىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئۈمىدسىز ھالدا بۇ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ، لېكىن كىيىملىرىنى تاپالماپتۇ ۋە قىپيالىڭاچ بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدىلا بۇنىڭ ئوغرى قىلىۋاتقان ھىيلە ئىكەنلى-كىنى بىلىپ زارلىنىپتۇ ھەم ئوغرىنى قارغاپتۇ.

شۇ چاغدا يىراقتىن تۆگە كارۋىنى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا تۆگىلەرنى باققاچ تونىمەكچى بوپتۇ. يالىڭاچ قالغان ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ يەردىن چاپسان كېتىڭلار، بۇ يەر خەتەرلىككەن، بۇ يەرنىڭ ئوغرىسى كۆرۈنمەيدىكەن، ئەمما ھېچنېمىنى قويى-

مايدىكەن، مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قويدى، سىلەرنىمۇ ئامان قويمايدۇ، — دەپتۇ.

— بىزگە ئوغرى يېقىن يولىيالمايدۇ، — دەپ كۇلۇشۇپ-تۇ كارۋانچىلار، — كۆزەتچىلىرىمىز بار.

كارۋانچىلار تۆگىلەردىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ بىر يەرگە توپلاپتۇ، ئىككى كۆزەتچىنى قارىتىپ، قالغىنى ئارام ئاپتۇ. كۆزەتچىلەر گۇلخان يېقىپ، گۇلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوغرىنى پايلاپتۇ. تۈن ئاۋۇغاندا:

— ئوغرى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ بىر كۆزەتچى.

— ياق، كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر كۆزەتچى.

شۇنداق قىلىپ، بىرى: «كېلىدۇ»، بىرى: «كەلمەيدۇ» دەپ تالىشىپتۇ، دەتالاش تازا ئاۋۇغاندا، ئوغرى ئۇلارنىڭ يېنىغا تۇيدۇرماي كېلىۋاپتۇ، گۇلخاننىڭ ئوتى سۇسلىشىپ «لىپ» قىلىپ ئۆچكەندە، بىر كۆزەتچىنىڭ كۆزىنى تاياق بىلەن نوقۇۋاپتۇ. كۆزەتچى: «سەن تېخى مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇرامسەن» دېگىنىچە شېرىكىنى راسا مۇشتلاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئېسىلىپ يومىلاقلىشىپ كېتىپتۇ. كارۋانچىلار ئۇلارنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئوغرىنى تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇلخاننىڭ يېنىغا كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىرى بىرىنى بېسىۋېلىپ مۇشتلاۋاتقۇدەك. كارۋانچىلار ئوغرى تۇتۇلۇپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ. قاراڭغۇدا ئوغرى قايسى، كۆزەتچى قايسى پەرق قىلالمايلا راسا مۇشتلىشىپتۇ، «ئوغرىنى تۇت، ئوغرىنى ئۇر» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ، قولىغا نېمە چىقسا، بىر - بىرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇپتۇ.

ئوغرى بۇلارنى ھەللەيلىكۈنگە سېلىپ قويۇپ، ھەممە تۆگىلەرنى بىر يارلىققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

تاڭ يورۇغاندا كارۋانچىلار ئەس - ھوشىنى يىغىپتۇ. قا-رىغۇدەك بولسا، قاراڭغۇدا ئۆزلىرى بىر - بىرلىرىنى ئۇرۇ-شۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى كۆكەرتىپ، يېرىشقان، ئارىسىدا ئوغرى تۇرماق، شەيتانمۇ كۆرۈنمەپتۇ، ئەتراپتا بىرمۇ تۆگە يوق. ئۇلار ئوغرىدىن تۆگىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ يول بويلاپ قوغلاپتۇ، شۇ قوغلىغانچە ئۇزاقلارغا كېتىپتۇ.

ئوغرى كارۋانچىلارنىڭ يىراق كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلى-نىپ مال - دۇنيالارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، باشقا بىر يول بىلەن كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ئەتراپتىكى شەھەرگە بېرىپ، مال ۋە تۆ-گىلەرنى قويماي سېتىۋېتىپتۇ ۋە بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ.

ئوغرى شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، كىشىلەر توپلاشقان سورۇنلاردىن شەھەر پادىشاھى توغرىسىدا جىق گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى-مۇ بىلىپ بوپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ شۇنچە قىممەت باھا مال - دۇنيالىرىنىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن توشقان بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئالتۇن توشقاننى پادىشاھنىڭ قەيەردە ساقلايدىغانلىقىنى ھېچ-كىم دەپ بېرەلمەپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆزى بىلمەكچى بوپتۇ - دە، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىۋاپتۇ. تۈن ئاۋۇغاندا، پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، بىخۇدلۇق قىلمىغايلا، ئالتۇن توش-قاننى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، — دەپ بولۇپلا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

پادىشاھ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— ھەي خوتۇن، ئالتۇن توشقان راست ئوغرىلاندىمۇ؟ — دەپتۇ.

خانىش بېشىغا قويغان بىرقانچە ماموق ياستۇقنى كۆتۈر-گەنىكەن، ئالتۇن توشقان شۇ يېتى پارقىراپ تۇرغۇدەك. پادى-شاھ كۆڭلى ئارام تېپىپ، يېتىپ قاپتۇ. ئوغرى ئالتۇن توش-

قانىنىڭ بار يېرىنى بىلىۋېلىپ قايتىپتۇ. ئەتىسى كەچتە ئوغرى ئۇ ئالتۇن توشقاننى ھېچقانداق شەپە چىقارماي ئوغرىلىۋاپتۇ.

ئالتۇن توشقاننى قولدىن چىقىرىپ قويغان پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ، ئامال قىلىپ ئوغرىنى تۇتۇشقا قەسەم قىپتۇ. ئۇ تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خالتا تىللانى تۆكۈپتۇ، ياساۋۇللىرىنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ئۇنى كۆزىتىشكە قويۇپتۇ، بىرەر تال تىللانى ئېلىشقا ئېگىلگەن ھەرقانداق ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ. ئوغرى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، «خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبەر غېمىڭ قىلالماپتۇ» دېگەندەك، پادىشاھ خالتىلاپ تىللا ئەكېلىپ بەرسە، جېسەكچىلىرىنىڭ نېمە ئامالى بار، دەپتۇ ـ دە، سۇ توشۇغۇچى بولۇۋاپتۇ، ئىككى قولىغا ئىككى چېلەكنى ئاپتۇ، ئىككى تاپىنىغا سېغىز لايىنى سۈركەپتۇ، جېسەكچىلەرنىڭ ئالدىدىن سۇ توشۇغان بولۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈۋېرىپتۇ. جېسەكچىلەر بىر ـ بىرىگە: «قاراڭلار، بۇ تازا ئاق كۆڭۈل، توغرا ئادەمكەن، قولىدىن چېلەكنى چۈشۈرمەي سۇ توشۇۋاتىدۇ، چېچىلىپ ياتقان تىللالارغا قاراپمۇ قويمىدى» دېيىشىپتۇ.

ئوغرى ئۇياققا ئۆتكىنىدىمۇ، بۇياققا ئۆتكىنىدىمۇ چاندۇرماستىن تىللالارنى دەسسەپ، تاپىنىدىكى سېغىز لايغا چاپلاشتۇرۇۋېلىپ، ھەممە تىللانى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەل ئايىغى بېسىققاندىلا جېسەكچىلەر تىللالارنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ، جېسەكچىلەرنى زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خالتا ئالتۇننى خالتا بىلەنلا تىكلەپ قويۇشنى ۋە يولنىڭ ئىككى چېتىگە جېسەكچى قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئالتۇننى خالتىسى بىلەن ئېلىۋېلىش ئاسان ئەمەستۇ، دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

ئوغرى بازاردىن بىر ئاق بوز ئاتنى سېتىۋاپتۇ ـ دە، بىر تەرىپىنى قاپقارا قىلىپ بوياپتۇ. ئۇنى مىنىپ قويۇندەك چېپىپ كېلىپ، ئالتۇننى خالتىسى بىلەنلا ئېلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ:

— ھارام يېگۈر نان قېپىلار، ئالدىدىن ئۆتكەن ئوغرىنىڭ تۇتالمىغىنىنى، قانداق ئات مىنىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەزى جېسەكچىلەر ئاق بوز ئات دېسە، بەزىلىرى قارا ئات مىنىپتۇ، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ.

— سەنلەر ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ، مېنى ئەخمەق قىلىغۇدەك بولۇشتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ھەممە جېسەكچىلەرنى جازالاشقا ئەمر قىپتۇ. پادىشاھقا ئوغرىنى تۇتالمىغانلىقى ئەلەم بوپتۇ. ئوغرىنىڭ چېچەنلىكى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ۋەسۋەسىچىلىك بىر ئاز بېسىقىپتۇ. ئوغرىمۇ شەھەرنى سەيلە قىپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى شەھەر سەيلىسىگە چىققان كۈن ئىكەن. ئوغرى پادىشاھنىڭ قىزىنى نۆرغۇن كېنىزەكلەر بىلەن چارباغدىن چىقىۋاتقاندا كۆرۈپ قاپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىدىن ئىنسان ئەمەس، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايمۇ خىجىل ئىكەن، ئاسماندىكى چولپانمۇ تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىز قىممەت باھا بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەنىكەن، ئۇنچە ـ مەرۋايىت، گۆھەرلەرنىڭ جۇلاسى كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن. ئوغرى قىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ھازىرچە ئامال بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، زىبۇزىننەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپماي، نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر مەلىكىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى ئوغرىلاشقا بەل باغلاپتۇ. بىر كۈنى كەچقۇرۇن بازاردىن ياندىغاندا، ئوغرى قاسساپ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ ۋە

ئازراق گۆش ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، قاساپ دۇكانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمايلا گۆشنى تارتىپ، يوچۇقتىن سۇنۇپتۇ. پايلاپ تۇرغان ئوغرى قاساپنىڭ قولىنى بىلەكتىن كېسىپ ئۈزۈۋې-لىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە ئوغرى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋاپتۇ. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ئۇ مەلىكىگە بېزەكلىرى تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىكەن، ئوغرى مەپتۇن بولۇپ قاراپ قاپ-تۇ. ئوغرى قىزنىڭ بويىندىكى بېزەكلەرنى تۇيدۇرماي يې-شىۋاپتۇ ۋە لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئويغىنىپ قېلىپ، ئوغرىنىڭ قولىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە:
— ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، لە-نىتى ئوغرى، — دەپ ۋارقىراپتۇ، قىز ئوغرىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەپتۇ.
كېنىزەكلەر ھۇجرىغا كىرىپتۇ. شام ياندۇرۇپ قارىسا، قىز قوزۇقتا باغلاقلىق كېسىلگەن قولنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك. شۇ چاغدىلا قىز ئوغرىنىڭ ئالداپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شاھ:
— ئوغرى قۇتۇلۇش كويىدا ئۆز قولىنى كېسىۋېتىپ قېچىپتۇ. ئەمدى مەن ئۇنى تاپالايمەن ! — دەپتۇ.
پادىشاھ ئەتىسى ئەتىگەندىلا بارلىق پۇقرالارنىڭ شەھەر مەيدانىغا توپلىنىشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. پۇقرالار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، ئاخىر پادىشاھنىڭ كۆزى بىر قولى يوق كىشىگە چۈشۈپتۇ.
— ئوغرىنى تاپتىم، ئاۋۇ چولاق ئوغرىنىڭ نەق ئۆزى، تۇتۇڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. ياساۋۇللار چولاقنى تۇتۇپ كەپتۇ. پادىشاھ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ئوغرى بول-ماي، قېرى قاساپ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئەھۋالنى قاس-

ساپتىن ئۇقۇپتۇ.

— بۇ قولنىڭ ئىگىسى ئوغرى ئەمەسكەن، بۇ قولنى كېسىۋالغان ئادەم ئوغرىكەن، — دەپتۇ - دە، ئوغرىنى تاپالماي، سولىشىپ قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ چاققان ئوغرىنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، ھېچكىم تۇتالماپتۇ، ئوغرىنىڭ داڭقى پادىشاھلىق تەۋەسىدىن ھالقىپ، باشقا پادىشاھلىقلارغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ پادىشاھقا قوشنا يەنە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ تۇرىدىكەن. ئوغرىنىڭ خەۋىرى ئۇنىڭغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ پادىشاھقا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپتا: «ئەگەر ئۇ ئوغرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇدرىتىڭ يەتمىسە، قول ئاستىڭدىكى ئەل - يۇرتۇڭنى ماڭا تاپشۇر !» دەپ يېزىلغانىكەن. مەكتۇپ بۇ پادىشاھقا ھاقارەت ۋە ئەلەم بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ: «مەن بۇ ئوغرىنى تۇتالماي يۈرگى-



نىمدە، ئەل - يۇرتۇمنى تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ئارزۇ قىپ-
سەن. بۇ ئوغرىنى سەنمۇ تۇتالمايسەن» دەپتۇ. قوشنا پادىشاھ
يەنە مەكتۇپ يېزىپ: «ساڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىمەن!
مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە سىنىڭ تەۋەيىڭدىكى بۇ ئوغرى قەس-
رىمدىن بىر تال قىلىمنى ئوغرىلاپ كېتەلىسە، ئەل - يۇر-
تۇمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بۆلۈپ بېرەي. ئەگەر ئوغرى شۇ مۇد-
دەت ئىچىدە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئەل - يۇرتۇڭنى
ئۆزۈمگە قارىتىپ، سېنى ئۆمۈرۋايەت قۇل قىلغايمەن» دەپتۇ.
پادىشاھ ۋەزىر - ئۆلىمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
ئۆز پۇقرالىرىنى شەھەر مەيدانىغا توپلاپتۇ. پۇقرالارغا قوشنا
پادىشاھنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن:
— بۇ ئوغرى مۇشۇ قىرىق كۈن ئىچىدە قوشنا پادىشاھ-
نىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئوغرىلاپ كەلسە، ئۇ ئوغرى ياش
بولسا، قىزىمنى ئۇنىڭغا توي قىلىپ بېرىپ، مىراسخور قى-
لىۋالغايمەن، ياشانغان بولسا، مال - دۇنيا بىلەن رازى قىل-
غايمەن، — دەپتۇ.
ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپ، قىرىق كۈن توشىدىغانغا قى-
رىق سائەت قالغاندا، ھېلىقى ئوغرى ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى
ئىشقا كىرىشىش ۋاقتى يەتتى» دەپتۇ ۋە بىر تۆگە ھەم مۆڭ-
گۈز - پۇڭگۈزلىرى بىلەن تولۇمچە سويۇلغان بىر ئۆچكە تې-
رىسىنى سېتىۋاپتۇ، تېرىنىڭ ھەربىر تال قىلىغا بىردىن
قوڭغۇراق باغلاپتۇ، ئۇنى خۇرجۇنغا سېلىپ، تۆگىگە مىنىپ،
قوشنا پادىشاھنىڭ شەھرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئوغرى ئۇ شە-
ھەرگە يېرىم كېچىدە يېتىپ بېرىپ ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا
قاراپ مېڭىپتۇ، ئوردا دەرۋازىسىغا يېقىن قويۇق دەرەخلىككە
تۆگىنى باغلاپ، ئۆزى تامدىن ئارتىلىپ ئوردا ھويلىسىغا چۈ-
شۈپتۇ، خۇرجۇندىكى قوڭغۇراقلىق ئۆچكە تېرىسىنى كىيىپ،

پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، يىتىۋېلىپ ئىڭىناپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ خانىشىغا:

— ئەتە مېنىڭ قوشنا پادىشاھقا قويغان شەرتىمنىڭ مۇددىتى توشىدۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزى ۋە ئەل - يۇرتىنى ماڭا تاپشۇرىدۇ، — دەپ ماختىنىۋاتقانىكەن.

شۇ ھامان ئىشىك تۈۋىدە چىقىۋاتقان جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن پادىشاھنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپتۇ، خوتۇنى ئۇنىڭدىنمۇ بەك قورقۇپتۇ. پادىشاھ قولىغا شامنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ، ئېچىپتۇ - دە، مۇڭگۈزلىرى لىڭ-كىڭشىپ، قوڭغۇراقلىرى جاراڭشىپ تۇرغان بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ.

— كىمسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئاۋازىنى ئارانلا چىقىرىپ.

— ئەزرائىلمەن، — دەپتۇ ئوغرى.

— ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپتۇ پادىشاھ تىترىمۇ بوش ئاۋاز بىلەن.

— جان كېرەك، جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم ! — دەپتۇ ئوغرى.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ، ئاغزى گەپ-كە كەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ ئوغرىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپتۇ، ھېچبولمىغاندا خوتۇنۇم بىلەن بولسىمۇ ۋىدالىشىۋېلىشقا رۇخسەت بەرگىن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— خوپ، خوتۇنۇڭ بىلەن ۋىدالىشۋال، لېكىن مېنى كۈتتۈرۈپ قويما. مەن يەنە نۇرغۇنلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ماڭىمەن، — دەپتۇ ئوغرى.

پادىشاھ خۇددى ساراڭدەك ۋارقىراپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

— خوتۇن، بۇ جانىنى ئالىدىغان ئەزرائىل ئىكەن، مېنىڭ



جىنىمنى ئالغىلى كەپتۇ، مېنى چاققان يوشۇرۇۋال، — دەپتۇ.

خوتۇنى ساندۇقنى ئېچىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن خوتۇنىمۇ كىرىپتۇ - دە، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغرى كىرىپ، ساندۇقنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، چاندۇرماي تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، تۆگىگە ئارتىپ كېچىلەپ مېڭىپتۇ. ئوغرى سۇبھى دەمگىچە ھېلىقى پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ساندۇقنى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە چىقىپلا ساندۇقنى كۆرۈپتۇ، خۇشاللىقىدىن پەرمان چىقىرىپ خەلقنى توپلاپتۇ.

— مانا بۇ ساندۇق قوشنا پادىشاھتىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن. ئەمدى بۇ ساندۇقنى ئوغرىلاپ كەلگەن كىشى ئالدىمغا كەلسۇن ۋە ساندۇق ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دەپ بەرسۇن، مەن

ۋەدەمنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

توپ ئارىسىدىن ياشلار، قۇرامىغا يەتكەنلەر، قېرىلار چىد-
قىپ: «مەن ئوغرىلاپ كەلدىم، مەن ئوغرىلاپ كەلدىم» دېيىد-
شىپتۇ، بىراق ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دەپ بې-
رەلمەپتۇ. ئاخىردا ھېلىقى ئوغرى ئۆزى چىقىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن ئۆزلىرىنى ساراسىمىگە سې-
لىپ ئاۋارە قىلغان، پەرمان چىقىرىپ تۇتالماي كەلگەن ئوغرى
بولىمەن. بۇ ساندۇقنىمۇ سىلىنىڭ نام - شەرىپلىرى ئۈچۈن
ئوغرىلاپ كەلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە سىلىگە مەكتۇپ يازغان
قوشنا پادىشاھنىڭ ئۆزى ھەم ئۇنىڭ خانىشى بار، — دەپتۇ.
كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ ۋە زاڭلىق قىپتۇ.

پادىشاھ ساندۇقنى ئېچىشقا ئەمر قىپتۇ، ئوردا ئەمەلدار-
لىرى ساندۇقنى ئاستا ئېچىپتۇ. قوشنا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ
خانىشى بۇ پادىشاھ ئالدىدا نومۇستىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ
ساندۇق ئىچىدىن چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە
تۇز سەپمەستىن، ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قىرىق كېچە -
كۈندۈز توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، گۈزەل قىزىنى ئوغرىغا
نىكاھ قىپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ زامانلاردىن ئىلگىرى ئوغرىدىن
ۋەزىر بولغانلار يوق ئىكەن.



# ئەقىللىك ـ بايلىقتۇر

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى تۇرپان خانلىقى دەۋرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ خەزىنىسى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە، ئۈنچە ـ مارجانغا لىق تولغان، يەر ـ زېمىنى، ئوتلاق ـ يايلىقى چەكسىز، چارۋا ـ ماللىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن. ئاشۇ پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ كەلگۈسىدە ئۆز تەخت ـ بەختىنىڭ قىزىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئەتىۋارلاپ تەربىيىلەپ چوڭ قىپتۇ. قىزمۇ پادىشاھنىڭ ئۈمىدىدىكە يارىشا ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز گۈزەل، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىكەن. قىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى پادىشاھلىقلارنىڭ شاھزادىلىرى لايىق بولۇپ كەپتۇ. پادىشاھ ئەزەلدىن قىزىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىپ كەلگەچكە، كەلگەن شاھزادىلەرنى ئىززەتلەپ مېھمان قىلىپ، ئۇلارغا:

— قىزىمنىڭ رازىلىقىنى ئالساڭلار، مەن رازى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادىلەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئۆز كىيىملىرىنى كۆرسىتىپ زور ئۈمىد بىلەن كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق مەلىكىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ھەسرەت بىلەن باشلىرىنى قىلچىقا تۇتۇپ بېرىپتۇ.

كۆنلەر ئۆتۈپ، مەلىكىنىڭ سوئال سوراپ، ئۇنىڭغا كىمـ.
كى جاۋاب بېرەلىسە ئۇنى ئۆزىگە لايىق قىلىپ تاللايدىغانلىـ.
قى، جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغانلىقى ھەق.
قىدىكى خەۋەر چەت بىر يېزىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرگە
يېزىدىكى ھەممىلا كىشى قىزىقىپتۇ، بىراق مەلىكىنىڭ سو.
ئالىغا جاۋاب بېرەلمىسە، پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن
ئەنسىرەپ: «يېگەن نېنىمىزنى تىنچ سىڭدۇرەيلى» دېيىشىپ
ئۆز رايىدىن يېنىشىپتۇ. شۇ يېزىدا بىر موللا بولۇپ، ئۇ
شاگىرتلىرىنى ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەيدى.
كەن. ئاشۇ مولىلىنىڭ تەربىيىلەۋاتقان ئەقىللىق، زېرەك بىر
شاگىرتى بار ئىكەن. موللا ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يەت.
تە ئىقلىمدىكى ھەممە ئۆلىما ـ دانىشمەنلەرنىڭ ئىلىم ـ
ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىپ بولغانىكەن. موللا شاگىرتىغا ناھايى.
تى ئىشەنچ قىلىدىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ئۆز شاگىرتىنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى بىر سىناپ كۆر.
مەكچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن سېنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى كۆپ ئە.
جىر قىلدىم، سەنمۇ ئەجرىمنى بىكار كەتكۈزمەي، كۆڭلۈمدى.
كىدەك ئۆگەندىڭ، مەن ئەمدى ئەجرىمنىڭ مېۋىسىنى بىر
كۆرەي دەيمەن، — دەپتۇ. شاگىرت مولىلىنىڭ ئالدىدا قول
قوشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— قېنى، موللام، ئېيتسىلا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، —
دەپتۇ. موللىسى ئۇنىڭ ئۇستۇېشىغا بىر قاراپ چىقىپ:

— يۇرتىمىزنىڭ مەلىكىسى سوئال سوراپ، سوئالىغا
جاۋاب بېرەلىگەن كىشىنى ئۆزىگە لايىق قىلىپ تاللايدىكەن.
مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ باقساڭ، بەلكىم تەلە.
يىڭ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

شاگىرت بالا موللىسىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ-
دىن دۇئا ئاپتۇ ـ دە، ئۆيىگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوش-
لىشىپ، دەرھال شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەرگە
ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ شەھەرگە
كىرگەن ۋاقىت چىڭقى چۈش مەزگىلى بولۇپ، كوچىدا ئادەم-
لەر شالاڭ ئىكەن. ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمدىن
پادىشاھ ئوردىسىغا بارىدىغان يولنى سوراپ بىلىپ، ئۇدۇل ئوردا
ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇ-
زۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغان-
كەن. پادىشاھ ئىشىك باقارلىرىدىن بالىنىڭ كېلىشتىكى مەقسى-
تىنى بىلىپ، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن مەسخىرە ئارىلاش:

— كېپەنلىكىڭنىمۇ ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟ ! — دەپتۇ تەكەب-
بۇرلۇق بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان بالا:

— تويلۇق كىيىمىمنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. پادى-
شاھ مەلىكىگە ئىشارەت قىپتۇ. مەلىكە سۆز باشلاپ:

— دادام دېگەندەك، جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئۆلىسەن، جاۋاب
بەرسەڭ، مەن سېنىڭ، — دەپتۇ. بالىمۇ مەردانىلىك بىلەن:

— ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ كەلگەنمەن، — دەپتۇ. مە-
لىكە پىسىڭگىدە



كۈلۈپ، سوئالنى
باشلاپ:

— ئىككى
نەرسە جۈپلەنسە
دادام قايغۇرىدۇ.
ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ.

— ئۇ ئىك-
كى نەرسە بىز،
چۈنكى مەن

نامرات، سىزگە لايىق ئەمەس. ئاتىڭىز شۇنداق دەپ قايغۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ بالا.

— بىرنەرسە ئايرىلسا ئىككىگە، ئاتا ـ ئاناڭ قايغۇرار. ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇ مېنىڭ تېنىم بىلەن كاللام، — دەپتۇ بالا. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە مەمنۇن بولۇپ:

— ئەمدى ئۈچىنچى سوئالغا جاۋاب بېرەلىسەڭ مەن سېنىڭ، — دەپتۇ.

— قېنى، كەرەملىك مەلىكەم، — دەپتۇ بالا.

— قەغەز چېلەككە سۇ ئالغىلى بولماس، — دەپتۇ مەلىكە. ئەقىللىق بالا تەمتىرىمەي تۇرۇپ:

— بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز. سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خۇددى قەغەزدەك نازۇك، سۇ تەگسە تېتىلىدۇ. سۇ بولسا مېنىڭ مۇئامىلەم، ئەگەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەلگۈدەك گەپ قىلسام ياكى سىزدىن يۈز ئۆرۈسەم، ئىككىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. غەم قىلماڭ، مەن سىزگە كۆڭلىڭىزدىكىدەك دىلدار بولالايمەن، — دەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا تېگىشكە قوشۇلۇپتۇ. بىراق، پادىشاھ:

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، — دەپ مەلىكىنى توختىتىپ قويۇپتۇ ـ دە:

— سەن ئەتىگىچە ماڭا بىر ئۆي ئالتۇن تېپىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى بىلىپ، بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى ئويلاپ، بىر ھىيلىنى خىيالىغا پۈكۈپتۇ ـ دە، پادىشاھقا:

— مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتكە كۆنسىلە، مەن شەرتلىرىنى ئورۇندىاي، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتىڭنى ئوتتۇرىغا قوي، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئالتۇننى ئېلىپ كەلگەندە ۋارقىرىمايلا، بولمىسا، ئالتۇن تاش - داشگالغا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. بالا كېتىپتۇ. بالا بازارغا چىقىپ قىرىق تاغار سېتىۋېلىپ، بەش مەدىكار يالالاپ، تاغارلارنى تاش - كېسەك پارچىلىرى بىلەن توشقۇزۇپ پادىشاھ ئوردىسىغا يېقىن بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. كەچ كىرگەندە بالا مەدىكارلار بىلەن ھېچقانداق شەپە چىقارماي تاغارلارنى پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۆگزىسىگە تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، مەدىكارلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ يولغا سېپتۇ. بالا تاڭنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈن نىسىپىدىن ئۆتكەندە ئۇ تاغاردىكى تاش - كېسەك پارچىلىرىنى تۆكلۈكتىن ئۆيگە تۆككەنىكەن، چۆچۈپ ئويغانغان پادىشاھ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى پەم ئېتەلمەي:

— ئاللا - تۇۋا، بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ تۇۋلاپ سېپتۇ. پادىشاھنىڭ قورقۇپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغان بالا دەرھال ئۆگزىدىن چۈشۈپ، پادىشاھقا:

— بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ پېشانىسىدىن كۆرسىلە، چۈنكى مېنىڭ شەرتىمنى ئورۇندىيالمىدىلا. — دەپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، قىزىنى بېرىشكە رازى بوپتۇ.

پادىشاھ ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، ئەل - يۇرتنى چىللاپ، قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكە بىلەن يىگىتنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئۆزىنىڭ قېرىلىقىنى ھېس قىلىپ، پادىشاھلىقنى كۈيئوغلىغا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز موللىسىنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، بىلىم - ھېكمەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، يۇرتنى روناق تاپقۇزۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ جاھاندىن ئۆتۈپتۇ.

# قازى بىلەن مەھەممەت رازى

مۇنداق رىۋايەتلەر قىلىپتۇلەركى، بۇرۇندا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ مەككارلىق ۋە ھەييارلىقتا تەڭداشسىز ئۈچ ھەييا- رى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارغا:

— مېنىڭ تۇزۇمنى يېدىڭلار، ئوبدان كىيىندىڭلار، ياخ- شى ئاتلىرىمنى مىندىڭلار، قايسىڭلار باغداد شەھىرىگە بې- رىپ، شەھەر قازىسىنى زەخىملەندۈرمەي، ئازار بەرمەي يالىڭ- غاچ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىگىن - ئاياغلىرىنى ئېلىپ كېلەلەيسىز- لەر؟ كىم بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، مىڭ تىللا ئىنئام قىد- لىمەن، — دەپتۇ. ھەييارلار دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەي بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار بىردەم سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بىر ھەييار ئور- نىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئۇلۇغ شاھىمىز، بۇ ئېيتقانلىرىنى ئورۇنداش بىز ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئاشۇنداق قىلىشىمىزنىڭ سە- ۋەبىنى بىلىشىمىزگە مۇمكىن بولسا، شۇنىڭغا لايىق يول تاپ- ساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ- تۇ. پادىشاھ:

— بىلگۈڭلار كەلگەن بولسا، بۇنى سىلەردىن سىر تۇت- مايمەن. مەن باغداد مەدرىسىلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل

قىلىۋاتقان چېغىمدا، بىر كۈنى كېچىسى بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، داد ـ پەرياد چېقىۋاتقان ئۆيگە ئۆزۈمنى ئۇقتەك ئاتتىم. ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت كىملەرنىڭدۇر پومىداقلىشىۋاتقان ئۇپۇر ـ توپۇرى بىلەن بىر ئايالنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار ! ۋاي ـ داد !... ھەي ئىپلاس، تارت قولۇڭنى، ئۆزۈڭ كىمسەن؟ ! ئۆلسەمۇ، ئىللا ـ بىللا...» دېگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئاۋاز چىققان يەرگە بېرىپ قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا بىر گەۋدە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىۋاتقىنىمدا، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم، ئورنۇمدىن ھاپىلا ـ شاپىلا تۇرۇپ ھويلىغا چىقىشىمغا، ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن قوشنىلىرى كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى. ئەسلىدە بىر مۇتتەھەم ھېلىقى ئايالغا زورلۇق قىلماقچى بولغانىكەن. تۇتۇۋالغۇچىلار مېنى باغلاپ مىرشەپكە تاپشۇرۇشتى، ئەتىسى قازىغا توغرا قىلىشتى. مېنىڭ گۇۋاھچىم بولمىغاچقا راست گەپ ئاقمىدى، ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدىم. مەن ھازىر سىلەرگە ئېيتقان قازى شۇ چاغدا باغداد شەھىرىنىڭ قازىلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ياش قازى ئىكەن. يۈز ـ كۆزۈمدە تاتىلانغان بىرەر تىرناق ئىزىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، ئۇ مېنى يالىڭاچ قىلىپ، كوچىمۇكوچا سازايى قىلدى. يەنە قىرىق دەررە ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاتقۇزۇۋەتتى. خالىس قۇتقۇزماقچى ۋە شەپقەتچى بولماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاشۇنداق «تارتۇق»قا ئېرىشتىم، باغدادتا تۇرۇشقا ئىمكانىيىتىم قالمىدى. «بار ئۆيۈڭنى سىز ئويناڭ، دەردىڭىزنى مەن

تارتاي» دېگەننىڭ ئۆزى بولدى، ئاخىر بۇخاراغا بېرىپ ئو-
قۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

پادىشاھنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تاقەت قىلالمى-
غان ھەييار مەھەممەت رازى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، يەر ئۆ-
پۈپ پادىشاھقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— پادىشاھىئالەم، ئەل قىساسى مىنەلھەق. ئىجازەت
بەرسىلە، شۇ قازىنى يالىڭاچ قىلىپ، ئېگىن - ئاياغلىرى-
نى مەن ئېلىپ كېلەي ! — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. پادى-
شاھ رۇخسەت قىپتۇ.

مەھەممەت رازى يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ،
مول يۈرگەندىمۇ يىگنە ئۇچىدا توپا قازغاندەك يۈرۈپ، باغداد
شەھىرى تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ بىر مەنزىلگە چۈشۈپتۇ. ئۇ
كېچىسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، قازىنى قانداق ھىيلە بىلەن
قولغا چۈشۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.



ئەمدى سۆزنى قازىدىن ئاڭلايلى:

باغداد شەھىرىنىڭ بۇ قازىسىنىڭ ئىسمى لاۋھىد ئىبنى مۇقاتىل بولۇپ، ئىلىم - پەن، پەزىلەت ۋە تەقۋادارلىقتا كامىل ئىكەن، قىش - ياز كۈندۈزى روزا تۇتىدىكەن ۋە كېچىنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، بىر ھەسسىسىدە كىتاب كۆرىدىكەن، بىر ھەسسىسىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىكەن ۋە بىر ھەسسىسىدە ناماز ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كىتابتىن: «نامازنىڭ ئاللاتائالاغا دوستىراقى باغۇ بوستانلىق جايدا ئوقۇلغىنى» دېگەن ھەدىسنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ قازىنىڭ سەھرادا باغۇ بوستانلىق ھويلىسى بار ئىكەن. ئۇ، مەن بۈگۈن سەھەر چىقىپ باغدا ناماز ئوقۇپ ھەدىسكە ئەمەل قىلسام، ئاخىرەتلىكىم خەيرلىك بولار، دېگەن ئۈمىد بىلەن چاكىرىنى چاقىرىپ:

— بۈگۈن سەھەردىن بۇرۇن ئاتنى ئېگەرلەپ بەر، — دەپ بۇيرۇپتۇ. چاكار شۇنداق قىپتۇ. قازى تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت شۈكرانە نامازنى ئوقۇپ، ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. بىرھازا يول يۈرگەندىن كېيىن ئاسماندىكى ئايغا قاراپ، ئەمدى تۈن نىسبى بولغانلىقىنى بىلىپ، بىمەھەل يولغا چىقىپ قاپتىمەن، بىرەر ئوغرى - قاراقچىغا يولۇقۇپ قالمىغىيدىم، دەپ ئەندىشە قىپتۇ. ئەلق ياخشىسى، بىر ئاز ياتاي، تاڭغا يېقىن ماڭاي، دەپ ئويلاپتۇ، كېيىن، ئىبادەتكە نىيەت قىلىپ چىقىپ يولدا ياتماق خوپ ئەمەس، خۇدايتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ مېڭىۋېرەي، دەپ يۈرۈشىنى داۋام قىپتۇ. ئۇ مەھەممەت رازى چۈشكەن لەڭگەرگە يېتىپ بېرىشىغا، مەھەممەت رازى لەڭگەردىن چىقىپ، قازىغا قاراپ: «بەختىيار چىقسا شىكار ئېلىگىلى سەھراغا، چۈشەر ئۇز مەيلى بىلەن سەيىد

كېلىپ ئالدىغا» دەپ بېيىت ئوقۇپتۇ ۋە: «ئەلھەمدۇلىللا، خۇدايىتائالادىن نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بەردى» دەپ قا-زىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شەمشىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ئاي يورۇقىدا پاللىدىتىپ تۇرۇپ:

— بەس، ئۆز جايىڭدا توختا! — دەپتۇ. قازى توختاپ قارىسا، سالاپەتلىك بىر ئادەم ئالدىنى توسۇپ تۇرغۇدەك. بى-چارە قازى قورقۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھەي، نېمە ئادەمسەن؟ مەندىن ھايا قىلمامسەن؟ مەن مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بولىمەن، — دەپتۇ. مەھەممەت رازى:

— ھەي قازى، مەندىن نېمە ئۈچۈن قورقمايسەن؟ مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەييارى ۋە ئوغرىسى بولىمەن. «ئاۋۋال سالام، ئاندىن تائام، ئاخىردا كالام» دېگەن گەپ بار. ئەسسالا-مۇئەلەيكۇم، ئى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى، — دەپ قازىغا سالام بېرىپتۇ. قازى سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:



— ئەي مەرد يىگىت، سەن گەرچە ئۆزۈڭنى ئوغرى، هەييار دەۋاتقان بولساڭمۇ، قائىدە ـ يوسۇن بىلىدىكەنسەن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن سۆزلەۋاتىسەن ۋە ئەۋلىيالار سالىمىنى يەتكۈزۈۋاتىسەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن مەن تەنها تۇرسام، تىغ كۆتۈرۈپ، هەيۋە قىلىپ سۆزلەيسەن؟ — دەپتۇ. هەييار:

— «هەركىم بىلەن ئىككى پەرىشتە هەمراھتۇر، بىرى ئوڭ مۈرىسىدە، بىرى سول مۈرىسىدە» دېگەن ئايەتنى ئوقۇمامسەن؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سەن يالغۇز ئەمەس، بەلكى ئۈچ كىشىسەن، — دەپتۇ. قازى:

— ئەي مەرد يىگىت، مېنى قويۇپ بەر، باشقا ئادەمنى تۇت، — دەپتۇ. هەييار:

— مەن ئوۋچى، ئۆزۈمگە قوۋۋەت هاسىل قىلاي دەپ بۇ يەردە ئولتۇرىمەن، قولۇمغا چۈشكەن ئولجىنى هەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. ئەي قازى، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاراڭغۇدا يولغا چىقتىڭ؟ — دەپتۇ.

— غەپلەت بېسىپ چىقىپتىمەن، — دەپتۇ قازى.

— مەن سېنى ئىلمىي نۇجۇمنى بىلىدۇ، دەيتتىم. سەن يەتتە كەۋاكىب①، ئون ئىككى بۇرج②، سەككىز قىرغاق③ نى بىلمەي تۇرۇپ قانداقچە قازىلىق قىلىۋاتىسەن؟

— ئىلمىي نۇجۇمغا ئەمەل قىلماق جايىز ئەمەس، «كىمەرسكى ئىلمىي نۇجۇمغا ئەمەل قىلسا، شۈبهىسىز كاپىر بولغاي» دېگەن هەدىس بار.

— راست ئېيتىپتۇ، سەن هەربىر هەدىسكە ئەمەل قىلىپ-

① يەتتە كەۋاكىب — كۈن، ئاي، مىررىخ، ئەتارۇد، مۇشتەرى، زۆهرا، زۇهەل.
② ئون ئىككى بۇرج — هەمەل، سەۋر، دەلۋ، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەۋزا، جەدد، هۇد.
③ سەككىز قىرغاق — شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال ۋە كۈنتەك تۆت بۇرجىكى.

سەن، لېكىن سەككىز ئايەتكە ئىقرار ئەمەسسەن !
— قايسى سەككىز ئايەت؟
— بۇ سەككىز ئايەت مۇنۇلار: بىز ئەلۋەتتە ئاسمان تەبد. قىلىرىدە سەييارىلەرنىڭ سەير دائىرىسى ئۈچۈن بۇرجىلارنى ياراتتۇق؛ بىز ئاسمان دۇنياسىنى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىد. دۇق؛ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنىد. دۇ؛ بەس، يۇلتۇزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن قەسەمياد قىلىد. مەن، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ئۈچۈن دائىرىلەر. نى ياراتقان تەڭرى نېمىدېگەن ئۇلۇغ؛ قەسەمياد قىلىمەن بۇرج — دائىرىسى بار ئاسمان ھۆرمىتى بىلەن، ئىنسانلار يىراق يەرگە يۇرۇشتە ۋە ئىشلىرىنى باشلاشتا يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشىنى مۆلچەرلەپ، توغرا يول تاپىدۇ. بەس، كۆزىتىڭلار، تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرمەكچى بولساڭلار، يۇلتۇزلارغا قاراڭلار !

قازى ھەيران قېلىپ:
— ھەييار مۇنەججىم ئىكەنسەن. ماڭا قۇرئە بېقىپ كۆر، تەلىيىم ياخشىمۇ، نەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەييار:
— ئەي قازى، تەلىيىڭنىڭ نەس ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە بىلمەيۋاتامسەن؟ تەلىيىڭ نەس بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق پېشكەللىككە دۇچ كەلدىڭ ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قازى سوراپتۇ:
— ھازىر ئاي قايسى بۇرجدا؟
— ئەقرەب بۇرجىدا. بۇ ۋاقىت ئوغرى - قاراقچىلارغا ئەپلىك، ئەمما قازى، مولللارغا خوپ ئەمەس.
— مەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، بوستانلىقتا ناماز ئوقۇماق ئۈچۈن چىققانلىقىمنى بايا ئېيتتىمغۇ، مېنى قويۇپ بەر !

— سەن ئۇ ھەدىسكە ئەمەل قىپسەن، ئەمما گەرچە ئىك-
كى پەرىشتە سەن بىلەن ھەمراھ بولسىمۇ، سەن: «يول يۈر-
مەكچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ھەمراھ تېپىپ، ئاندىن
يول يۈرسۇن» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلماپسەن. ئەگەر بىر
كىشىنى ھەمراھ قىلىۋالغان بولساڭ، مەن ساڭا يولۇقماس ئىدىم.
— سەن نېمە ئۈچۈن: «مۇسۇلمان شۇنداق بولىدۇكى، ئۇ-
نىڭ قولىدىن ۋە تىلىدىن مۇسۇلمانلار ئامان بولىدۇ» دېگەن
ھەدىسكە ئەمەل قىلمايسەن؟
— ئەي قازى، ھەقتائالا يارلىق قىلىپ: «بەندىنىڭ
قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىغا ئۇنىڭ قول - پۇتى
گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن، — دەپتۇ ھەييار ۋە بۇ قىتئەنى
ئوقۇپتۇ:

ئەي قازى، مەن بەسى تەييارمەن،
تىغ بىرلە زەخىم ئۇرغۇچى بەسى سەييارمەن.
ئالىمەن قازى سېنىڭ بارىڭنى،
ئات، تونۇڭنى - جۇۋا، دەستارىڭنى.

قازى سوراپتۇ:
— ئەي ئوغرى، جىنمۇسەن، دىۋىمۇسەن، نېمە بالاسەن؟
ماڭا نېمە مۇنچە ئازار يەتكۈزىسەن؟
— مەن دىۋە بولسام، سەن كاپىردۇرسەن، «مېنىڭى خۇدا-
يىتائالا، دىۋىلەرنى كاپىرلار ئۈچۈن ئىبەردىم» دېگەن. بەس؛
سەن شۇنداق ئىكەنسەن، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە خۇدا
مېنى ساڭا ئىبەرتىپتۇ.
— شەرم تۇتقىل.
— مەن شەرم تۇتسام، بالا - چاقىلىرىم ئاچ قالىدۇ.
«ھايا رىزقنى مەنئى قىلۇر» دېگەن ھەدىس بار.

— ئەي ئوغرى، نېمە ئۈچۈن «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورلىرىدىن» دېگەن بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمايسەن؟

— ئەي قازى، سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورى بولساڭ، مەن خۇدايىتائالانىڭ خاس بەندىسىدۇرمەن.

— سەن قانداقچە خۇدايىتائالانىڭ خاس بەندىسى بولىسەن؟

— مەن قۇرئانخاندۇرمەن، ئالىمدۇرمەن.

— ئەي جۇۋانمەرد، راستىنلا ئىلمۇ ھېكمەتتىن، ئىلىم - پەزىلەتتىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنچىۋالا ئازار يەتكۈزىسەن؟ خۇدايىتائالا قۇرئاندا خەۋەر يەتكۈزۈپ: «خۇدايىتائالانىڭ لەنىتى زالىملارغىدۇر» دېگەن.

— ئەي قازى، ئۆزۈڭ ئوقۇغان شۇل ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە ئۆزۈڭ زالىمدۇرسەن. خۇدايىتائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغىنىڭ ئۈچۈن مېنى خۇدا ساڭا يەتكۈزۈپتۇ. تېز بول، ئاتتىن چۈش، ھەممە نەرسەڭنى ماڭا بەر!

— ئەي جۇۋانمەرد، خۇدايىتائالادىن قورقىسىن، خۇدا: «ئەي ئادەملەر، خۇدايىتائالادىن قورقۇڭلار» دېگەن.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «خەلققە ئېيتقىنكى، ئەي ئۆز ۋۇجۇدىنى يامانلىق - گۇناھلارغا ئىسراپ قىلغانلار، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، توۋا قىلساڭلار، ئەلۋەتتە تەڭرى بارلىق گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ؟

— ئەي قۇرئانخان، سەن بۇ ئىشنى قىلمىساڭمۇ، خۇدا: «رىزقىڭلارنى قىسمەت قىلدىم» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرلە سېنىڭ رىزقىڭنى بېرىدۇ.

— خۇدا ئەزەلدە بۇ ئەندازە بىرلە مېنىڭ رىزقىمنى ئوغرىلىققا قىسمەت قىپتۇ. ئەي قازى، ئېگىنىڭنى سال!

— ئەي ئوغرى، نېمە ئۈچۈن ھەدىس، پەيغەمبەرگە ئەمەل

قىلمايسەن؟ پەيغەمبىرىمىز: «رەھىم قىلساڭ، رەھمەت تاپىسەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ماڭا رەھىم قىل، رەھمەت تاپ.

— شۇنداق، لېكىن مەن ساڭا رەھىم قىلسام، خۇدا ماڭا رەھىم قىلمايدۇ، مەن ۋە بالا - چاقىلىرىم ئاچ قالىمىز. ياخشى مەسلىھەت شۇكى، تېزدىن ئات، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى بەر، ئۇنى سېتىپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بىلەن نەپسىم ئارام ئالسۇن. ئاندىن خۇدايىتائالاغا شۇكۇر قىلاي، ساڭا خۇدايىتائالا رەھىم قىلۇر.

— ئەي ئوغرى، مېنىڭ پەزىلىتىم بار، ئەھلى پەزىلەتكە ئازار قىلما، ئۇۋال بولىدۇ. خۇدايىتائالا قۇرئاندا: «قۇلھەل يەستەۋىللەزىنەيەئلۇ - مۇنەۋەللەزىنەلايەئلەمۇن» (بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر قانداقمۇ تەڭ بولالايدۇ، دانا بىلەن نادان تەڭ بولالماس) دەپ خەۋەر بەرگەن.

— سەن دانا، بىلەرمەن بولساڭ، تەڭ كېچىدە يولغا چىقماس ئىدىڭ، ئەمما مەن بولسام ئوغرى، تۈن ئەركىسى. ماڭا ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن كېچىدە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوغرىلىق ھۈنىرى بولسا قاراڭغۇدا ئاقىدۇ، يورۇقتا ئاقمايدۇ، شۇڭا مەن كېچىدە چىقتىم. شۇ ۋەجىدىن، ھەقىقىي نادان سەندۇرسەن، — دەپ، بۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ ھەييار:

نادانلىقىڭدىن ئېتىڭنى قويدۇڭ قازى،
ھۆكمىڭدىن ئەمەس خۇدا، ئالەم رازى.
ئوت ياققۇسىدۇر ئاسماندىن ھەر سائەت،
شۇل شەھەرگىكىم بولسام ئەگەر مەن قازى.

ئاندىن كېيىن ھەييار يەنە:

— سېنىڭ بىلىمىڭ بولسا ئىدى، «جاھىلنىڭ ئىبادىتىدىن ئالىمنىڭ ئۇيقۇسى ئەۋزەل» دېگەن بۇ ھەدىسكە ئەمەل

قىلغان بولاتتىڭ. ئەگەر سەن ئالىم بولغان بولساڭ، «مۆمىن-نىڭ نىيىتى قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشى» دېگەن ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلغان بولاتتىڭ، — دەپ بۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

ياخشى نىيەت كىشىگە ئەي مۆمىن،
قىلسا ئەھسەن بۇ سۆز پەيغەمبەردىن.
بەلكى تائەت ئېرۇر مۇدام ياخشى،
ياخشى نىيەت ئارتۇقتۇر ئەمەلدىن.

— ئەي ئوغرى، ناھايىتى پىتنە-پاساتچى ئىكەنسەن، — دەپتۇ قازى.

— ئەمدى مېنى پىتنىچى دېدىڭ. «پىتنىدىن مۆمىننىڭ ئامىتى كەلمەس» دېگەن ھەدىس بويىچە، بار-يوقۇڭنى ئالماي قويمايمەن. دەرھال ئاتنى، سەرپايىڭنى، باش-ئاياغ، كىيىم-كېچەكىڭنى بەر! — دەپ ۋارقىراپتۇ ھەييار. قازى قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، ئەمما يەنىلا تەن بەرمەي:

— سېنى بىر كىشى تۇتۇۋېلىپ پادىشاھقا تۇغرا قىلسا، پادىشاھ زىندانغا سالسا ياكى قولۇڭنى كەسسە، قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

— ھەر ئىشنى ئىلمۇ ھېكمەت بىلەن قىلىمەن، شۇڭا سەن ئېيتقان ئۇنداق ئىشلاردىن سالامەتتۇرمەن. سەۋەبكى، ھەم ئالىم، ھەم زالىم، ھەم كالىم[1]، ھەم نازىم[2]، ھەم مەككار، ھەم ئەييار، ھەم غەررار، ھەم تەررار[3]، ھەم ھاپىزدۇرمەن، ھەم ئۆز تەلىيىمنى بىلىمەن. ئەگەر مۇشتەرى سۇمبۇلە

---

① كالىم — ناتىق.

② نازىم — شائىر.

③ ھەم غەررار، ھەم تەررار — ھەييارنىڭ تۈرلىنىپ ئېيتىلىشى.

بۇرجىدا بولسا، شۇ سائەتتە شەبخۇن[1] ئۇرسام دۈشمەنگە غالىب كېلىمەن. ئەي قازى، گەپنى سوزما، ئاتتىن چۈش، يالدڭاچ بول! — دەپ قاتتىق ھەيۋە قىپتۇ ھەييار. قازى تېخىمۇ قورقۇپ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، كۆڭلىدە، مەن ئادەمزاتقا ئەمەس، دىۋە - پەرىلەرگە دۈچ كەلگەن ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، تىلىمۇ كالۋالىشىپ قاپتۇ، لېكىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ مەخلۇقنى گەپكە تۇتۇپ، بىر ئىلاج قىلىپ تاڭغا ئۇلىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، تىلىنى چاينىغان ھالدا:

— ھەي ئوغرى، سەن ھەمىشە كېچىسى تالا - تۈزدە، چۆل - جەزىرىلەردە تەنھا يۈرىدىكەنسەن، دىۋە - پەرىلەردىن قورقمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەييار:

— تىلسىم قىلىشنى بىلىمەن، دىۋە - پەرىلەر مېنىڭ ئالدىمدا مېنىڭسىز ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. سەن ئېتىڭنى، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى بەرمىسەڭ، دىۋە - پەرىلەرگە بۇيرۇپ، سېنى ئاسمانغا ئاچىقتۇرۇپ، كۆك قەرىدىن تاشلىتىپ، رىزە - رىزە[2] قىلىۋېتىمەن. ئاتتىن چۈشە! — دەپ خىتاب قىپتۇ. قازى:

— خۇدادىن قورقىن، بۇ ئىشتىن بەرىكەت تاپمايسەن، — دەپتۇ. ھەييار:

— نېمىشقا بەرىكەت تاپمايدىكەنمەن؟ سېنىڭ ئات، ئېگەر - ئايغىڭنى ساتسام بەرىكەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ قازىنىڭ لىباسى ھالال بەرىكەتتۇر. تېز بول، مېنى ساقلاتما! — دەپ، قولىدىكى شەمشىرىنى ۋالىلدىتىپ كەلگەن پېتى قازىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپتۇ. قازى بېشىنى قاشلاپ، ئۆزىنى خۇداغا تاشلاپ:

---

① شەبخۇن — كېچىلىك ھۇجۇم.
② رىزە - رىزە — كۇكۇم - تالقان.

— ئەي ئوغرى، سەن گەرچە ئوغرى بولساڭمۇ ئادەم بالىسىسەن. مېنى ئىززەت قىل، مەن سېنىڭ مېھمىنىڭمەن. «مېھمانغا ئىززەت قىلىڭلار، ئەگەرچە ئۇ كاپىر بولسىمۇ» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىل، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ھەييار:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتىپتۇلەر. لېكىن، ھازىر سەن بالاغا گىرىپتار بولۇپ تۇرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ھازىر سەدىقە بەرمىكىڭ ۋاجىپتۇر. «سەدىقە بالانى ياندۇرار، ئۆمۈرنى زىيادە قىلۇر». ئەي قازى، ئات - كىيىم - كېچەكلىرىڭنى ماڭا تاپشۇر، ئۇ سەدىقە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە بۇ قىتئەنى ئوقۇپتۇ:

سەدىقە رەت قىلۇر بالانى،
تۇۋا كۆيدۇرۇر گۇناھنى.



قازى دەپتۇ:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ سارىيىمغا بارغىن. ئېتىمنى، تونىمنى، دەستارىمنى[1] شۇ يەردە بېرەي.

— مەن ساڭا ئوخشاش ئۇنداق ئەخمەق ئەمەسمەن. مەن سارىيىڭغا بارسام، ئادەملىرىڭگە بۇيرۇپ: «ئوغرىلىق قىلغان ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ ھەر ئىككى قولىنى كېسىڭلار» دېگەن ئايەت بويىچە مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرىسەن، — دەپتۇ ھەييار.

— ساڭا قەسەم ئورنىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، سەن تاڭلا مېنىڭ ھويلامغا بارغىن. ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، تىلىگەن نەرسىلىرىڭنى بېرىمەن.

— «زۆرۈرىيەتتە قەسەمگە كەپپارەت[2] » لازىم ئەمەس. مېنىڭ ئېسىدىن تەلىيىم يوق. ئەي قازى، سۆزنى ئۇزارتما. ئەگەر يەنىلا كاجلىق قىلىپ ئاتتىن چۈشمىسەڭ، ئېگىن - ئايىغىڭنى بەرمىسەڭ، ھازىرلا ئىككى پارە قىلىپ تاشلايمەن، — دەپ شەمشەرنىڭ ئۇچىنى قازىنىڭ قارنىغا تىرەپتۇ ھەييار. ئاللەقاچان قورقۇپ كەتكىنىدىن شامال تەگكەن ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان قازى ئامالسىز ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى مەھەممەت رازىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئاندىن باش - ئاياغ، سەرپايىنى يېشىپ، ئۆزى بىر كۆڭلەك، بىر تامبال بىلەنلا قاپتۇ. ھەييار:

— ئۆيۈڭدە كۆڭلەك - تامبىلىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازىدىن.

— بار.

— «ئىككى كۆڭلىكى بار كىشى ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرمەس» دېگەن ھەدىسكە بىنائەن كۆڭلەك - تامبىلىڭنى ماڭا بېرىپ، ئۆيۈڭدىكى كۆڭلەك - تامبىلىڭنى كىيى، تېز بول!

---

① دەستار — سەللە.

② كەپپارەت — قەسەمنى سۇندۇرغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان سەدىقە.

— ناماز ۋاقتى بولۇپ قالاي دەۋاتىدۇ، يالىڭاچ قانداق نا-
ماز ئوقۇيمەن؟ — دەپتۇ قازى. ھەييار: «كۆڭلەك - تامبىلى
يوق كىشىگە زۆرۈرىيەتتە يالىڭاچ تۇرۇپ ناماز ئوقۇماق جا-
يىزدۇر» دېگەن ھەدىسنى ئوقۇپتۇ. قازى نائىلاج كۆڭلەكنى
سېلىپ بېرىپتۇ. ھەييار:
— تامبالنىمۇ سال، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ. قازى:
— ھەي نائىنساپ، رەھىمسىز زالىم، كەشىنىڭ ئەۋرەت
قانداق ناماز ئوقۇيمەن؟ — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەييار بۇ مىسرا-
نى ئوقۇپتۇ:

ئەي قازى، ساددا ئەجەب رەنايى،
مەندەك كىشىدىن سورايسەن رەھىم نامايى.

بىچارە قازى ھېچ چارە قىلالماي، تامبىلىنىمۇ سېلىپ
بېرىپ، جان قايغۇسىدا يىغلاپ تۇرۇپتۇ. ھەييار بۇنى كۆرۈپ:
«يۈز جاپا جانىڭگە تەگسە دوست ئەييار ئەيلىمىدىڭ، جامە-
دەستارىڭ سالۇردا ھىيلە ئىدبار ئەيلىدىڭ» دېگەن بېيىتنى
ئوقۇپتۇ ۋە شۇ ئەسنادا ھەييارنىڭ كۆزى قازىنىڭ قولىدا
پارقىراپ تۇرغان بىرنەرسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ گۆھەر كۆزلۈك
ئالتۇن ئۈزۈك ئىكەن.
— ئەي قازى، قايسى مەزھەپتە ئۈزۈك سالماق راۋا؟ —
دەپ سوراپتۇ قازىدىن. قازى:
— شافىئىي مەزھىپىدە بىدئەت، ئىمام ئەزەم مەزھىپىدە
سۈننەت. مەن ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدە، — دەپتۇ. ھەييار:
— مەنمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدە، ئۇنداق بولسا ئۈ-
زۈكنى ماڭا بەر ! — دەپتۇ. قازى قورققىنىدىن ئۈزۈكنىمۇ
بېرىپتۇ. ھەييار:
— بارىڭنى ماڭا بەردىڭ، مەن ساڭا رەھىم قىلدىم، ئە-

لەم ـ جاپا يەتكۈزمىدىم، مەندىن رازى ۋە خۇشنۇد بول ! ـــ دەپتۇ ۋە بۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ:

يۈز ھىيلە بىلەن بېشىڭدىن ئالدىم دەستار،
جامە ـ كۆڭلىكىڭ بىلەن ھەم ئىزار[1].
سەن باغداد شەھرىگە ئىرۇرسەن قازى،
مەن قول باغلاپ ئىشىكىڭدە خىزمەتكار.

بۇ رۇبائىينىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئاڭلىغان قازى، بۇ قاراقچى تېخى ئۆيۈمگىمۇ بارىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەقلىدىن ئازغان كىشىدەك ئۇن ـ تىنسىز بولۇپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ. مەھەممەت رازى قازىنىڭ كىيىملىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، قازىنىڭ ئېتىنى ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئېتىغا باغلاپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلىپ، پادىشاھقا قازىنىڭ ئېتىنى كۆر-سىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مەھەممەت رازىغا تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇپ، ۋەدە قىلغان مىڭ تىللانى ئىنئام قىپتۇ ھەمدە:

ـــ بۇ نەرسىلەرنى يەنە قازىغا ئاپىرىپ بەر، ـــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسى سۇبھى تاڭدا مەھەممەت رازى باغدادقا يېتىپ كېلىپ، قازىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى قازىدىن ئاڭلايلى:

قازى بەرەھنە ھالدا بىرئاز يول يۈرۈشى بىلەن تاڭ سۈ-

---

① ئىزار ـــ تامبال.

زۇلۇپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بىر يۇلغۇنلۇقنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇگۈن كۈندۈزنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەي، دەپ يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بۇ يەردە قازىغا ئاغمىخانىلار، چاشقانلار مەشرەپ ئويناپ بېرىپتۇ. قازى تۈرلۈك ۋەھىمە ئىچىدە كۈننى ئاران كەچ قىپتۇ، قاش قارىيىشى بىلەن يۇلغۇنلۇقتىن چىقىپ چوڭ يولغا يېقىنراق بىر جايدا يامغۇر ئويۇۋەتكەن بىر ئۆرەكنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، شۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا يولغا چۈشۈپ، تاڭ ئالدىدا، بىر قولىدا ئالدىنى، بىر قولىدا كەينىنى تۇتۇپ، خىجالەت، يۈز مىڭ مۇشەققەتتە ئۆيىگە كەپتۇ. بالا ـ چاقىسى ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئېگىن كىيگۈزۈشۈپتۇ. قازى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەمدى بايان قىلىپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكارى كىرىپ:



— ھەزرىتى جانابلىرىنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ، جامە ـ دەس ـ تارلىرىنى كىيىپ كەلگەن بىر كىشى ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. قازى:

— ئوغرى شۇ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ كىرگۈز ـ مەڭلار، — دەپ تۇرۇشىغا، مەھەممەت رازى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ ۋە سالاممۇ قىلماي، تۇزۇت ـ پۇزۇتسىزلا قازى ئولتۇرغان چۇشەككە چىقىپ، قازىنىڭ ئوڭ قولىنى بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىچارە قازى قورقىنىدىن ھوش ـ ھەرىكەتتىن توختاپ، تونۇماس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ئەي شەيخ زامان، قايىدىن كېلۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇن كىتاب ئوقۇشتۇم، بۇگۇن توقۇشتۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەھەممەت رازى.

— ئەمدى نېمە ئۇچۇن كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن سالام قىلمايسەن؟ — دەپتۇ قازى. مەھەممەت رازى:

— سالام ئۇچ ۋەجىدىن لازىم بولۇر: بىرى، ھۆرمەتتىن؛ يەنە بىرى، قورقۇنچتىن؛ يەنە بىرى، تەمەدىن. سەن ھۆرمەتكە لايىق ئەمەسسەن، مېنىڭ سەندىن قورقۇنچۇممۇ، تەمەيىممۇ يوق.

— ھەي ئوغرى، مەن ھازىر ئەمر قىلسام، «ئوغرىلىق قىلغان ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاڭلار!» دېگەن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، سېنى دارغا ئاسۇرلەر ياكى قولۇڭنى كېسۇرلەر...

— مەن شەھەرگە بەش نۆۋەت كەلدىم، بۇ شەھەر مېنىڭ ـ دۇر، سەن مېنىڭ قولۇم، خوتۇنۇڭ كېنىزىكىمدۇر، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭمۇ مېنىڭ بالامدۇر، — دەپتۇ مەھەممەت رازى. قازى تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، شۇ زامات ئوغرىغا ئون تىللا ئاچىق ـ تۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي جۇۋانمەرد، بۇ دىنارنى ئېلىپ قايتقىن، خوتۇن،

بالا - چاقىلىرىمغا چاڭ سالما، خوتۇننى كىچىك ۋاقتىمدا ئالغانىدىم، بۇ مۇلۇك - سارايلار ئاتامدىن قالغان، — دەپتۇ.

مەھەممەت رازى ئون توققۇز دېگەن بىر ئايەتنى ئوقۇپتۇ. بۇ مەھەممەت رازىنىڭ ئون يەردە توققۇزدىن دىنار بەر دېگىنى ئىكەن. قازى يەنە توقسان دىنار ئاچىقىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە كۆڭلىدە، بۇ ئوغرى دانىشمەن ئىكەن، ھەر ئىش قولىدىن كېلىدىكەن، بۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاي، ئۇنداق قىلمىدسام قازىلىقىمغىمۇ قول سوزمىسۇن، دەپ ئويلاپ، «بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولغىن» دەپ ئۇنى قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. مەھەممەت رازى تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. كېچە مېھماندارچىلىقى ئۆتۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قازىنىڭ خوتۇنى ناشتىلىققا بىر غازنى كاۋاپ قىلىپ چىقىپ داستىخانغا قويۇپتۇ ۋە:

— ئەي مېھمان، بۇ غاز كاۋىپىنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىڭ، — دەپتۇ. داستىخان ئۈستىدە قازى، مەھەممەت رازى ۋە قازىنىڭ خوتۇنى ھەمدە قازىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن ئىككى چاكىرىمۇ ھازىر ئىكەن. مەھەممەت رازى غازنىڭ بېشىنى قازىنىڭ ئالدىغا، بويىنىنى قازىنىڭ مەزلۇمىنىڭ ئالدىغا، ئىككى قانىتىنى ئىككى ئوغلىنىڭ ئالدىغا، ئىككى پۇتىنى ئىككى چاكارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قالغان تۆش قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. قازىنىڭ خوتۇنى رازى بولماي:

— جانابى مېھمان، بۇ تەقسىمات باراۋەر بولمىدى، — دەپتۇ. مەھەممەت رازى:

— «ئىررەئىسۇبىررەئىسى[1]» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا

① ئىررەئىسۇبىر رەئىسى — كىشى كىشىنىڭ بېشىنى كەسكەن (ئۆلتۈرگەن) بولسا، ئۆلتۈرگۈچى (قاتىل)نىڭ بېشىنى كېسىش لازىم، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە باشقا باش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

مۇۋاپىق، پۈتۈن خەلقى ئالەم كۆرسىمۇ قوبۇل قىلغۇدەك تەقسىم قىلدىم. باشقا بېشىنى قويدۇم، چۈنكى قازى ئاخۇنۇم باشىدۇرلەر؛ سىزگە بوينىنى قويدۇم؛ ئىككى ئوغلىڭىزغا قانىتىنى، چۈنكى باشتىن كېيىن بويۇن تۇرغىنىدەك، قازىدىن كېيىن ئوغۇل تۇرىدۇ، ئوغۇل ئاتا - ئانىنىڭ قانىتى؛ ئىككى قۇلىڭىزغا ئىككى پۇتىنى قويدۇم، ئۇلار چېپىپ يۈرۈپ خىزمەتكارلىق قىلىدۇ؛ مەن سىزگە مېھمان، مېھمانغا ئۇچا تارتماق رەسىمدۇر، — دەپتۇ. قازى بىلەن خوتۇنى دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. قازى كۆڭلىدە مەھەممەت رازىنىڭ پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ، ئۇنى خاسىيەتلىك بىر كىشى چاغلاپتۇ. شۇڭا ئۇ، مۇشۇنداق چوڭقۇر پىكىرلىك ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، كىشىنىڭ ئەقلى زىيادە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، مەھەممەت رازىنى يەنە بىر كېچە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. قازى ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىغان جۇرئەتسىز، لەقۋا ئىكەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى ئانى تېپىپ، ھۆكۈمدە ھەققانىي گەپ قىلغۇچى ۋە لىللا تۇرغۇچى بولماي، ئەكسىچە ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، نۇرغۇن ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئېچىنغان ھالدا، مەھەممەت رازىغا:

— بۇرادەر، نېمە بولسا بولدى، لېكىن سىز مېنى ھەقىقەت دەرۋازىسىدىن ئادالەت مىزانى مەيدانىغا ئېلىپ كىردىڭىز، — دەپتۇ. قازى بىلەن مەھەممەت رازى بىر - بىرىگە قول بېرىشىپ مەڭگۈلۈك دوست بولۇشۇپتۇ. مەھەممەت رازى قازىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ خەيرلىشىپتۇ.

# ئارغىماق ماجىراسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننى قۇم باسمىغان، تۆ-گىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئاسمىغان چاغلاردا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. بۇ پادىشاھ يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورى-غاچقا، شەھەر ئەتراپىنى مۇستەھكەم سېپىل - قەلئەلەر بى-لەن ئورىغاچقا، ئەلنى ھەرقانداق باسقۇنچى، ئوغرى - يالغاچ-نىڭ قەستىدىن تورىغاچقا، خەلقى پاراۋانلىقتا، مال - ۋارانلىرى كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە ئورمانلىقتا خاتىرجەم ياشاي-دىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنى شۇنچىلىك كەڭ ئىكەنكى، ئۇ پايتەختنى ئىككى ئورۇندا قۇرۇپ، يازلىقى بىرىدە، قىشلىقى يەنە بىرىدە تۇرۇپ، ئايلىنىپ يۇرۇپ يۇرت سورايدىكەن.

بىر يىلى كۈزدە شاھ يازلىق پايتەختتىن قىشلىق پاي-تەختكە يۆتكىلىپتۇ، يول بويى شىكار قىلىپ، ئۆزىگە نۇر-غۇن مۇلازىملارنى ھەمراھ - يار قىلىپ، مەھەللە - ئايماقلار-نى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياخشىلارغا ئىنئام بېرىپ - تارتۇقلاپ، يامانلارنىڭ ھاياتلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

شاھ تۇلپار - ئارغىماقلارغا ھەۋەسمەن كىشى ئىكەن، بەيگە قىلىش ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشى ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بەگ - سىپاھلىرى ئىچىدە بەيگە خۇمار چە-ۋەندازلار تولا ئىكەن. ئاشۇ بەگ - سىپاھلارنىڭ ئارىسىدا

كېرىمهاجى ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارغىمىقى باش-قىلارنىڭكىدىن خوپ ئەلا، رەڭگى قۇلا ئىكەن. كېرىمهاجىنىڭ قۇلا ئارغىمىقى چىپپىشقا چۇشسە، قاناتلىق قۇشمۇ كەينىدە قالىدىكەن، بۇ ئات ھەر دائىم بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، شۇ-ڭا ئارغىماقنىڭ ئىگىسى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي، شاھنىڭ قېشىدىلا ماڭىدىكەن.

شاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردە ئاشۇنداق بىر ئارغى-ماقنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدىكەن، كېرىمهاجىغا ئات تۇپەيى-لىدىن مەرھەمەتىنى ئايىمايدىكەن، ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن ۋە كۆيۈنىدىكەن. ئەمما، كېرىمهاجى دېگەن بۇ كىشى قىزىل كۆز، ئىچى يامان، نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىللەتلىرىنى پادىشاھ بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرىگە، تىل ياغلىما سۆزلىرىگە بىگۇمان ئىشىنىدىكەن.

كېرىمهاجى ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، پادىشاھنى ئۆزىگە ياقتۇرۇپ، ئالدامچىلىقىنى بىر مەزگىل ئاقتۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى شاھنىڭ سەپىرىدىن ئاڭلايلى:

شاھ بەگ - سىپاھلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن يول يۇرۇپتۇ. ئۇ بىر مەنزىلگە يەتكەندە، ۋاقىت پېشىندىن ھالقىپ ئۆتكەندە كېرىمهاجىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن دەم ئې-لىشقا توختايدىغان، كېچىسى مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغان بولۇپ قونالغۇ راسلاپتۇ.

شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت كاتتىلىرى دەرھال ھاردۇق سوراشقا كېلىشىپتۇ، يولدا كەلگۈچە تون - يەكتەكلىرىنىڭ پېشىگە پۇتلىشىپ نەچچە يەردە يىقىلىشىپتۇ، ئاتلىقلار ئۇزاپ كېتىپتۇيۇ، پىيادىلەر ئارقىدا قېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھ ھوزۇرىغا نۇرغۇن خالايىق جەم بوپتۇ.

شاھنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىچىدە داۋۇتقارىي ئىسىملىك

كاتتا بىر بايمۇ بار ئىكەن. داۋۇتقارىي بۇ يۇرتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ساۋاتى تولۇق، نام - شەرىپى ئۇلۇغ، ئالىقىنى كەڭ، ئۆيى ھەرقانداق مېھمانغا دەڭ، بايلىقى پادىشاھقا يېتەلمىسىمۇ، ۋەزىر ئەزەمگە تەڭ كىشى ئىكەن. داۋۇتقارىينىڭ كەڭرى كەتكەن تېرىلغۇ يېرى، يايلىقى، قوي - قوزا، ئات - چارۋىسى بولۇپ، تېخى يېقىندىلا يايلاقتىكى بىر بايتىلى قۇلۇنلاپتىكەن. يېڭى تۇغۇل-غان تاي شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، رەڭگى ئوتقاشتەك، تۈكلىرى سۇزۇك قاشتاشتەك، بوينى ئىنچىكە، پۇتلىرى مەز-مۇت، كۆزلىرى چاقناقكەن. تاي ھەپتىلەپ ئەمەس، كۈنلەپ بوي تارتىپ ئۆسكىلى باشلاپ، كونا موي - تۈكلىرىنى تاشلاپ، قەددى - قامىتىنى تۈزەپ شاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئارغى-ماق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىۋاتقان مەزگىلدە شاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىكەن.



داۋۇتقاربي شاھ بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، كۆ ـ رۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تۆ ـ ۋەنلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىپ، شاھ پايە ـ قەدىمىنىڭ ئۆز خاندانىغا تەشرىپ قىلىنىشىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە بۇ بەختكە مۇيەسسەر بوپتۇ. داۋۇتقاربي قويدىن پاقلان، ئۆچكىدىن ئوغلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ تونۇرغا تىقىپتۇ، توخۇدىن چۈجە، كەپ ـ تەردىن باچكىلارنى زىخلارغا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاتتىن تاي، تۆگە ـ دىن بوتىلاقلارنى داشقازاندا پۈتۈن پىشۇرۇپتۇ. قىسقىسى، كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل، سەرخىل بولغاندىمۇ ھەر خىل ئەتىۋار نەرسىلىرىنى پادىشاھىئالەمنىڭ كۆرۈپ تاماشا قىلىشى، ھوزۇر ئېلىشى ئۈچۈن سورۇنغا ئېلىپ كەپتۇ. ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىچىدە ھېلىقى تايمۇ بار ئىكەن. تاي ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاپتۇ، ھەتتا پادىشاھىئالەمنىڭ ئۈستۈن نەزەرىمۇ ھەيرانلىق يىپلىرى ئار ـ قىلىق تايغا باغلىنىپتۇ. شاھنىڭ كەم سۆز لەۋلىرى ئېچىـ ـلىپتۇ، ماختاش دۇردانىلىرى چېچىلىپتۇ. بۇ ھالنى، بولۇپمۇ تاينىڭ تەسۋىردىن ئاشقىرى قىياپىتىنى كۆرگەن كېرىمهاجى ـ نىڭ قىزىل كۆزلۈك كېسىلى قوزغىلىپ، يۈرىكى ھەسەت قوقاسلىرىدا پۇچىلىنىپتۇ. ئۇ نەپسانىيەتچىلىك خىياللىرىنى كۆلكىسىگە يوشۇرۇپ، مۇددىئاسىنى ئارزۇ ئوتلىرىغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، لەۋلىرى كۈلگەندەك قىلغىنى بىلەن، قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ داۋۇتقارىيدىن سوراپتۇ:

— بۇ تاي ئۆزلىرىنىڭمۇ؟

— خوش، شۇنداق، ئۆز يىلقىلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى بايـ ـتالدىن تۇغۇلغان.

— سىلىنىڭ يىلقىلىرىدا نەسىللىك ئارغىماق بارمىدى؟

— يوقسۇ، بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەتتىكى ئاي-غىردىن بوغاز بولغان بايتالدىن تۇغۇلدى ۋە ئارغىماق بولۇپ يېتىشتى.

كېرىمهاجىنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇنداق جاۋاب ئىكەن، شۇڭا ئۇ داۋۇتقارىينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ پەرياد كۆتۈ-رۈپتۇ:

— داد، پادىشاھىئالەم، مال ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلسا، بۇ تاي ماڭا بۇيرۇلسا ! چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئارغىمىقىمنىڭ پۇشتى، ئۇ مېنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك...

كېرىمهاجى سەۋەبسىز ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ بولمايدى-غانلىقى، ئادەتتىكى ئاتتىن ئارغىماق تۇغۇلمايدىغانلىقى، ناۋادا ئۆزىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنىمىگەن بولسا، مەغرىب-تىكى بايتالنىڭ بوغاز بولمايدىغانلىقى، شۇڭا داۋۇتقارىينىڭ ئۇ ئارغىماق بالىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمەي قۇتۇلالمايدى-غانلىقى ھەققىدە ھە دەپ داۋراڭ سېلىپ، پادىشاھنى قايىل ۋە كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

پادىشاھقىمۇ «ئادەتتىكى بايتالنىڭ بىكاردىن - بىكار ئارغىماق قۇلۇنلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ»غاندەك تۇيۇلۇپتۇ، «مەشرىقتىكى ئارغىماقنىڭ كىشنىشى مەغرىبتىكى بايتالنىڭ ئارغىماق تۇغۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ. مۇھىمى، پادىشاھ كېرىمهاجىغا يېقىن، بىرى قولتۇق بولسا، بىرى بىقىن بولۇپ ئۆتۈشكەچكە، ئۆز يېقىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىماپتۇ، شۇڭا داۋۇتقارىينىڭ ئارغى-مىقىنى كېرىمهاجىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شاھ ھۆكمىگە بىنائەن كېرىمهاجى تاينى ئېلىپ كېتىپتۇ. داۋۇتقارىي بۇ ھۆكۈمگە غىڭ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ

قالغاچقا، ئۇنىڭ يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن، دەسسىگىنى خوخا ــ تىكەنگە ئايلىنىپتۇ. نە ئامال؟ داۋۇتقارىي تەقدىرگە پۈتۈپتۇ، كۆڭۈل ئارامى يېتىپتۇ، ئارىدىن ئالتە ــ يەتتە ئاي ئۆتۈپتۇ.

داۋۇتقارىينىڭ نىياز ئىسىملىك ئەقىللىق، باتۇر بىر خىزمەتكارى بار ئىكەن. ئۇ خوجايىنىنىڭ يۈرىكى زەردابقا تولۇپ، چىرايى ئازاب ئىچىدە سولۇپ، كۈندىن ــ كۈنگە كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قارارىغا كەپتۇ ۋە:

ــ سىلى ماڭا بىر دانە كۈمۈش نەيزە، بىر دانە قۇيۇچ نەيزە ياساتسىپ بەرسىلە، مەن ھېلىقى تايىنى قوللىرىغا قايتۇرغۇزۇپ بېرىشىنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم. نەيزىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچتىن كەم بولمىسا ... ــ دەپتۇ.

داۋۇتقارىي نىياز باتۇرغا ئىشىنىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەربىرى ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى نەيزە تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

نىياز باتۇر ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پايتەختكە ــ كېرىمھاجى ياشايدىغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزى ئويلىغان پىلان بويىچە دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى پايتەختتىكى ئىتلارنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈشتىن باشلىنىپتۇ. نىياز باتۇر كوچىمۇكوچا، ھويلىمۇھويلا ئارىلاپ يۈرۈپ نەدە ئىت كۆرسە، مەيلى ئۇ ئىگىسىز لالما ئىت بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ زەنجىرلەپ باققان تايغانلىرى بولسۇن، ئىتلا بولسا ھېچقاندىقىنى ئاياپ ئۆلتۈرماپتۇ.

مەشرىق ئەھلى بۇ ئەھۋالنى دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ئەرز سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى چىقىرىپ، نىياز باتۇرنى تۇتۇپ كېلىپ سوراققا تارتىپتۇ:

— خەقنىڭ ئىتلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

نىياز باتۇر قىلچە ھولۇقماي، پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، جانغا ئەسقاتمايدىغان بۇنداق لالما ئىتلارنى باققاننىڭ نېمە پايدىسى؟ پايدىسى تەگمەيدىغان بۇ كالانپايلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ !

— سەن بۇ ئىتلارنىڭ جانغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ — دەپتۇ شاھ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ نىياز باتۇر، — ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ مەغرىب تەرەپلەردە توڭگۇز ئاپتى بەكمۇ ئېغىر. توڭگۇزلار قوناقلارنى چەيلەپ، ئېتىزلىقلاردا لەيلەپ، زەل - زىرائەتلەرنى بەربات قىلىدۇ، ئەل - يۇرت بۇ بىرنې-مىلەرنىڭ دەستىدىن ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ. بۇ يىل توڭ-گۇزلار بەكمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار مەغرىب ئېتىزلىرىدا خالى-غىنىچە ئايناقشىسا، مەشرىقنىڭ ئىتلىرى بۇ يەردە بەخىرامان ئويناقشىسا، كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ؟ مەن شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى جانغا ئەسقاتمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كې-لىپ، ئۆلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم...

— ھۇ... ساراڭ، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ بىر تەرىپىدە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان كېرىمھاجى جاۋابەن، — مەغرىبتى-كى توڭگۇزلارنىڭ خارتىلدىشىنى مەشرىقتىكى ئىتلار قانداق ئاڭلايدۇ؟ ئەقلىڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ ! ...

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ نىياز باتۇر دەرھال، — كېرىمھاجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىلا، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولسا، مەشرىقتىكى ئارغىماق كىشنىسە، مەغرىبتىكى بايتال ئاڭلىيالارمۇ؟ بۇ كىشنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنەپ، مەغرىبتىكى بايتالنى بوغاز قىلىدىكەنۇ،

نېمىشقا بىزنىڭ يۇرتتىكى توڭگۇزلار خارتىلدىسا، بۇ يەردىكى ئىتلار ئاڭلىيالمايدىكەن؟! شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈشىنى سورايمەن!

نىياز باتۇرنىڭ سۆزى كېرىمھاجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىغا ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئارغىماق ماجىراسى كەپتۇ ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ چوڭ خاتاغا يول قويىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. پادىشاھ ئەدلى - ئادالەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك بولغاچقا، ھېلىقى خاتا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئارغىماق بالىسىنى كېرىمھاجىدىن ئالدۇرۇپ نىياز باتۇرغا تاپشۇرۇپتۇ، داۋۇتقارىيغا ئۆزرىخاھلىق بىلەن تولغان بىر پارچە خەت ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ.

ئارغىماق بالىسىنى كۆرگەن داۋۇتقارىينىڭ غەم - قايغۇسى تۈگەپتۇ، بۆلەكتىن ياشارغاندەك روھلىنىپتۇ. ئۇ نىياز باتۇرغا ئاپىرىن ئوقۇپ، نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا ئارغىمىقىنى چاپتۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئەل بىلەن بىرگە بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

# پادشاھ ھوشيار

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ھوشيار ئىكەن. پادىشاھ پەرزەنتلىرى تۇغۇلۇپ ئالتە ئاي بولغۇچە ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، مىجەز - خۇلقىغا قاراپ ئىسىم قويىدىكەن. پادىشاھ ئۆمرىدە بەش ئوغۇللۇق بوپتۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئۇشلار، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ياتار، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاتار، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى پاتار، بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ساتار ئىكەن. ئۇشلار كىشىلەرنى ئورۇنسىز ماختايدىغان يالغانچى، ياتار ھورۇن، قاتار ئۆسەكچى، پاتار ھەسەتخور ئىكەن، ساتار بولسا ھەرقانداق ئىشتا پادىشاھنىڭ نامىنى ساتىدىكەن.

پادىشاھ ھوشيار يۇرتنى ناھايىتى ئادىل سوراپتۇ. خەلق ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، ھەق سۆزلىسەك يىل ئۆتۈپ پادىشاھ قېرىپتۇ. بەش ئوغۇل بىر - بىرىگە بىلدۈرمەي، پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل - ھەر ياڭزا ھىيلە - مىكىرلەردە بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇشلار پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇپ قالغان تېرەككە يېشىل رەڭ سۈركەپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ياتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ قوۋزىقىغا

سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قاتار ياتارنىڭكىدىن چوڭراق يوپۇرماقلىق نوتىنى سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى پاتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ ئەڭ ئۈچىغا سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. بەشىنچى كۈنى ساتار يىلتىزلىق بىر كۆچەتنى ھېلىقى تېرەكنىڭ يېنىغا تىكىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىدىن پادىشاھلىق تەختىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ ئۇشلارنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— چوڭ بىر توپ توغراقنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتقان تالىپلار: «ئەگەر ئۇستىمىزدىن بىر تال تۇخۇم چۈشسە، نېمىنىڭ تۇخۇمى دەيمىز؟» دېيىشىپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپتۇ. سىلەرچە، نېمىنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇشلار:

— توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— جاۋابىڭ توغرا ئەمەس، — دەپتۇ. ئۇشلار:

— ئۇنداق بولسا، توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەر ئىككى جاۋابىڭ توغرا ئەمەس. توخۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ: «توخۇيۇم نەگە كەتتى؟ توخۇنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، توخۇيۇمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دەپ يېپىشىۋالسا، قانداق قىلىسەن؟ توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئەلمىساقتىن بېرى توغراقنىڭ تۇخۇم تۇغقىنىنى كۆرگەن ئادەم بولغان ئەمەس، — دەپتۇ. ئۇشلار:

— ئۇنداقتا توغرا جاۋاب نە بولۇر؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ جاۋابنى بىلەي دېسەڭ، شەرقىمىزدە، ئۈچ كۈنلۈك



يەردە بىر دېھقان بار، شۇنىڭدىن سورا، لېكىن دېھ-قاننىڭ شەرتىنى تولۇق قوبۇل قىلد-ىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

ئۇشلار ھېلىقى دېھقاننى ئىزدەپ شەرققە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ياتارنى چاقىرىپ:

— بالام، بۇگۈن بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇستىدىن بىر مۇشۇك، بىر ئېشەك، بىر تۆگەمنى ئۆلتۈردى، دەپ ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەرز قىلغۇچى پاكىت ئۇچۈن مۇشۇكنىڭ پۇ-تىنى، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى، تۆگىنىڭ تۇمشۇقىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ-تۇ. ياتار ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ زادىلا تاپالماپتۇ ۋە:

— جاۋابى نە بولۇر؟ — دەپ پادىشاھتىن سوراپتۇ. پادىشاھ:

— غەربىمىزدە، ئۈچ كۆنلۈك يەردە سۇلايمان دېگەن ئو-تۇنچى بار، ئۇنىڭ پۈتۈن شەرتىنى ئادا قىلساڭ، ھاجىتىڭ راۋا بولۇر، — دەپتۇ. ياتار غەربكە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ قاتارنى چاقىرىپ:

— بالام، جەنۇبىمىزدىكى بىر ئەلدە بىر يولۋاس بولۇپ، ئۇ بەكمۇ يىرتقۇچ ئىدى، كىچە - كۈندۈز كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ زادىلا ئارام بەرمىگەنىدى. كېيىنچە بۇ يولۋاس زادىلا خىد-رىس قىلماس بوپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەدبىرى نە بولغان؟ — دەپتۇ. قاتار ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ قاتارغا:

— جەنۇبىمىزدا، ئۈچ كۆنلۈك يەردە بالا تەربىيىلەۋاتقان

بىر خەلپەتنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ دۇئاسىغا مۇيەسسەر بولساڭ، زېھنىڭ كامال تاپقاي، — دەپتۇ. قاتار جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ پاتارنى چاقىرىپ:

— شىمالىمىزدىكى بىر ئەلدە يۇزمىڭ ئاھالە بولۇپ، بەكمۇ تارقاق ياشايدىكەن. بۇ ئەلدە پەقەت بىرلا تاۋۇز بولۇپ، پادىشاھ ئۇنى ئىلىپ پۇقرالارنى تاۋۇز يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىر ئايغىچە پۇقرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ، لېكىن تاۋۇز تۈگىمەپتۇ، پۇقرالارنىڭ ھېچقايسىسى تاۋۇز جېدىلى قىلماپتۇ. ھۆكۈمران تاۋۇز يېيىشتە پۇقرالارغا قانداق شەرت قويغان؟ — دەپ سوراپتۇ. پاتار سوئالنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا، جاۋاب تېپىش ئۈمىدىدا تۇرسۇن غەمگە پېتىپتۇ. پادىشاھ:

— دىيارىمىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك شىمالىغا بېرىپ ئەقىل چوققا دېگەن ئادەمگە بەيئەت قىلساڭ، ئارمىنىڭغا دەرمان بولغۇدەك جاۋابقا ئېرىشىسەن، — دەپتۇ. پاتار شىمالغا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

بەشىنچى كۈنى پادىشاھ ساتارنى چاقىرىپ:

— بۇرۇن بىر ئەلدە ئىنتايىن ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىق پۈتۈنلەي تۈگەپ، خەلق ياۋا كۆكتاتلارنى يەپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئوردىسىدا بىرلا توقاچ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۆزى يەۋېلىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، بىرەرىگە يەڭ ئىچىدە بېرىۋەتسە ئادالەتسىزلىك بولغۇدەك، بۆلۈپ بەرسە ھېچكىم تويمىغۇدەك، شۇ ئەھۋالدا ئۇنى پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى يەپتۇ. پادىشاھ قانداق ئۇسۇل قوللانغان؟ — دەپ سوراپتۇ. ساتار بېشىنى تاتىلاپ، ھېچقانداق جاۋاب تاپالماپتۇ. پادىشاھ:

— نېرى تاغقا بارساڭ بىر پادىچى بوۋاي بار. شاھزادە-

لىك تونۇش سىلىنسا، سالىمىڭ ئىلىك ئىلىنسا، جاۋابقا مۇ-
يەسسەر بولارسەن، — دەپتۇ. ساتار بوۋاينى ئىزدەپ نېرى
تاغقا كېتىپتۇ.

پادىشاھ تەمەخور تەخت ۋارىسلىرىنى كۆزدىن نېرى قىلىپ،
پۇقراچە كىيىنىپ، شەھەر ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكى-
تىنى كۆزىتىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ دىققىتىنى بىر موزدۇز-
نىڭ شاگىرتى جەلپ قىپتۇ. موزدۇزنىڭ ئون نەچچە شاگىرتى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىرى يىپنى ناھايى-
تى پىششىق ئېشىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ سەمىمىي ۋە ئەستا-
يىدىللىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە،
بىرى كېلىپ ھېلىقى شاگىرتقا شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ
تۇرۇپ: «ئۆيۈڭلارغا ئوت كەتتى» دەپ تۇرۇشىغا، يەنە بىرى
كېلىپ: «غەربىي دەرۋازىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنى سۇ
بېسىپ كەتتى» دەپتۇ. شاگىرت بالا ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈگۈر-
مەي، غەربىي دەرۋازىدىكى تۇل خوتۇننى قۇتقۇزۇشقا مېڭىپتۇ.
ھەممىسىدىن بۇرۇن يېتىپ بارغان شاگىرت بالا تۇل خوتۇننى
ھاپاش قىلىپ، سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بۇ شاگىرتنىڭ باشقىلارغا غەمگۇزار-
لىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئۇنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە،
بىر مۇتتەھەم كېلىپ بۇيرۇتقان ئۆتۈكنى ئاپتۇ - دە، پۇل
تۆلىمەي مېڭىپتۇ. شاگىرت پۇل تەلەپ قىلسا، مۇتتەھەم:
«تۆلىدىم» دەپ، شاگىرتنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي كېتى-
ۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، قولىنى سۇندۇ-
رۇۋېلىپ پەرياد چېكىپتۇ. شاگىرت ئۇنى يۆلەپ ئورۇندۇققا
ئولتۇرغۇزۇپتۇ - دە، سۇنۇقچى چاقىرىپ كېلىپ تاڭدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ قارنى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى، يۈرتىنى سوراشقا قادىرلىقىنى مۆلچەر قىلىپ، ئەتىسى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ئۇشلاردىن سورىغان سوئالنى سوراپ-تۇ. شاگىرت:

— توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بىز توخۇنى كۆرمىدۇق، توخۇنىڭ ئۇۋۇسىز توغراققا تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس. توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەزەلدىن توغراق تۇخۇم تۇغقان ئەمەس. بۇ يەردە تۇخۇممۇ مەۋجۇت ئەمەس، «ئەگەر ئۇستىمىزگە تۇخۇم چۈشسە» دېگەن شەرتلا مەۋجۇت، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ياتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— ئەرز قىلغۇچى مۇتتەھەم، ئەرز قىلىنغۇچى كىچىك بالىكەن. بالىنىڭ بىخەستەلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغىنى توشقان بولۇپ، توشقاننىڭ پۇتى مۇشۇككە، قولىقى ئېشەككە، تۇمشۇقى تۆگىگە ئوخشايدۇ. ئەرز قىلغۇچى مۇشۇ ئوخشاشلىقتىن پايدىلانغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن قاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ ئەلدىكى ھۆكۈمدارلار ئامال بار يولۋاسنىڭ تۈكىنى يېتىشىغا سىلىغان، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىششىنى توختاتقان ياكى ئۇلار باشقا جايدىن باشقا بىر يولۋاسنى ئەپلەپ ئېلىپ كەلگەن، ئىككى يولۋاس ئۆزئارا خىرىس قىلىشىپ، ئادەملەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن پاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ ئەلدە ئاھالە تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئالدىدىكىلەر كېلىپ تاۋۇزنى يەيلى دېسە، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە، جەم بولغاندا يېگۈلۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز يېزىلغان، ئالدىدىكىلەر كەينىدىكىلەرنى كۈتۈپ - كۈتۈپ كېتىپ قالغان. كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىغان. شۇ سەۋەبلىك تاۋۇز يەنە ئېشىپ قالغان، ھېچكىممۇ تاۋۇز جېدىلى قىلالمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ساتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ بىر توقاچنى پادىشاھ بىر چاقىرىم يەرگە قويۇپ، كىم بۇرۇن بارسا شۇ ئالسۇن، دېگەن شەرت بىلەن ھەممىنى يۈگۈرتكەن، يۈگۈرگەنلەرنىڭ پەقەت بىرىلا بىرىنچى بولۇپ بېرىپ توقاچنى ئالغان، قالغانلىرى دەۋا قىلاي دېسە، پادىشاھ ئېلىۋال، دەپ قويۇپ قويغىنى راست، ئالالمىغان گۇناھ ئۆزىدە، شۇڭا ھېچكىم نارازى بولمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، شاگىرتنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپتۇ، ئۆزى كېيىنكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بوپتۇ.

بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەش ئوغۇل تەرەپ - تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىدىن پادىشاھلىقنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— يېڭى پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈڭلار، بىرەر ھارۋىغا چاق بولۇپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. ئوغۇللار:

— شۇنچە رىيازەت چېكىپ چاق بولىدىغان بولساق، بۇ يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ئىكەن، — دەپ پادىشاھلىق تەمەسىدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كېچىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقىللارنى ئىشقا قويۇش شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# مىراس

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، توخۇ جىرىم غاجىلىغان، تۆمۈچۈك ئۆگزە تاتىلىغان زامانلارنىڭ بىرىدە بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي قېرىپ يېشى سەكسەندىن ئاشقاندىن كېيىن، پۇت - قولىدا ماغدۇرى قالماي بالىلىرىنىڭ بېقىشىغا موھتاج بولۇپ قاپتۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىلىرى دادىسىنى بېقىشتىن زېرىكىپ، بىر - بىرىگە بەس سالىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. بەزىدە ھېچقايسى بالىسى دادىسىغا بىرەر نانمۇ ئەكېلىپ بەرمەي، بوۋاي كۈن - كۈن ئاچ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىردا بوۋاي ئاجىزلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ بىئىلاج بولۇپ خارلىققا قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن بالىلارنىڭ چوڭى، مەندىن ئوبدان خەۋەر ئال، سەن مېنى ياخشى باقساڭ، ئۇكىلىرىڭمۇ ماڭا كۆيۈنىدىغان بولىدۇ، كۆزۈم يۇمۇلماي تۇرۇپ سىلەر مېنى تاشلىۋەتسەڭلار، بالىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە شۇنداق قىلىدۇ. مېنىڭ بەش كۈنلۈكۈم قالدى، مەن ساڭا ئوبدان دۇئا قىلىپ قوياي، كېيىنچە ياخشى كۈن كۆرىسەن. ساڭا ئوبدان بىر نەرسە قالدۇرىمەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى كولاپ

تېپىۋالارسەن، — دەپتۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوغۇللىرىغىدىمۇ يۇقىرىقى ۋەسىيەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچىسىگە: «كۆلۈڭنى كولارسەن»، ئۈچىنچىسىگە: «سول بۇلۇڭنى كولارسەن» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغۇللىرى دادىسىغا ياخشى غىزالارنى بېرىپ، بەس - بەس بىلەن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي كۆز يۇمۇپتۇ. ئاڭغىچە بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى دادىسىنى ياخشى بېقىپ دادىسىدىن ياخشى نەرسە مىراس ئېلىۋېلىش كويىدا،ئۆز ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى سېتىپ بولۇپ خېلى نامراتلىشىپ قالغانىكەن. بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئۆيىنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىنى كولىغانىكەن، بىردانە داپ چىقىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مىراسنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يىرتىق داپ ئىكەنلىكىگە نارازى بولۇپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ۋە ئويلىنىپ، مەن دادامنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغان، بۇ داپتا بىرەر بەرىكەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى جاھاننىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئاپىرىپ كۆرۈپ باقاي، دەپتۇ، ئۆيگە بېرىپ خوتۇن - بالىلىرىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تەۋەككۈل دەپ داپنى قوينىغا سېلىپ سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، شۇنداق يول يۈرۈپ بىر كۈنى غىڭ ساي-



نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كونا تۈگمەننىڭ قېشىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قاپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئۇخلاش ئۈچۈن تۈگمەننىڭ سۇكىنىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بۇ تۈگمەن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان كونا تۈگمەن بولغاچقا، ھەر كۈنى كېچىسى چۆلدىكى قومۇشلۇقتىن ياۋا توڭگۇزلار كېلىپ تۈگ-مەننىڭ خامپىسىنى يالايدىكەن. بۈگۈن كېچىمۇ بىرقانچە توڭگۇز كېلىپ خامپىنى يالاشقا باشلاپتۇ. توڭگۇزلارنىڭ خارت - خۇرت قىلغان ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن چوڭ ئوغۇل داپنى شۇنداق بىر تاراڭلاتقانىكەن، ياۋا توڭگۇزلار قورقۇنچىلىقتا قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ تۈگمەننىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ قويۇپتۇ. چوڭ ئوغۇل قورقۇپ داپنى تېخىمۇ بەك چالغانسېرى توڭگۇزلار شۇنچە سەكرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلار بۇ كونا تۈگمەندىكى داڭگا - دۇڭگا ئاۋازنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولدىكىن دەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىد-گە، قورقۇپ ھالى قالمىغان ياۋا توڭگۇزلار گۇلدۇرلىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چوڭ ئوغۇل سۇكەندىن سەكرەپ چۈ-شۈپ كارۋان بېشىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— مەن بۇ توڭگۇزلارغا پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇس-سۇل ئويناشنى ئۆگىتىۋاتقىنىمغا بۈگۈن قاق ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغانىدى، ئەتە قىرىق كۈن بولاتتى. ئەتە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇسسۇل ئويناتسىپ ئىنئام ئالاتتىم. سەن پادىشاھنىڭ توڭگۇزلىرىنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، يا توڭگۇزنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرىسەن، يا بولمىسا، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز،— دەپتۇ. كارۋان بېشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قورقۇپ:

— نېمە ئالسىلا بېرەي، غوجام، مېنى پادىشاھنىڭ ئالدى-غا ئاپارمىسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بوۋاينىڭ

چوڭ ئوغلى كارۋانلارنىڭ قىرىق ئات - قېچىردىكى پۇل - ماللىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ راھەت - پاراغەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاكىسىنىڭ مۇنداق ئاسان باي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆر- گەن ئوتتۇرانچى ئىنىسى ئاكىسىدىن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. ئاكىسى دادىسىدىن مىراس قالغان كونا داپنىڭ خا- سىيىتىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتمەن بىلەن كۈلۈڭنى كولاشقا باشلاپتۇ. كۈلۈڭدىن بىر دانە تۈگمەن تېشى چىقىپ- تۇ. تاشنى كۆرۈپ، ئۇمۇ: «ۋاي شور پېشانەم» دەپ پېشانىسى- گە بىرنى ئۇرۇپ، تاشنىڭ تۆشۈكىدىن كۈلا ئۆتكۈزۈپ ئۆشنى- سىگە تېڭىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۈنى چوڭ سايلىق ياقىسىدىكى بىر تۈپ سەگۈ تېرەكنىڭ تۈ- ۋىگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قاپتۇ، شۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ ۋە تېرەك تۈۋىدە قونسا بۆرە يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ تاشنى يۈدۈپ تېرەكنىڭ ئۈچىدىكى بىر ئاچىماققا چىقىپ ئولتۇرۇپ- تۇ. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپ قاراقچى تېرەك- نىڭ تۈۋىگە كېلىپ قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىپ يېيىشىپتۇ. قاراقچىلار پولۇنى يەپ بولۇپ يۈك - تاقلىرىنى يېشىپ، تې- رەكنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلىماقچى بولۇشۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئوتتۇرانچى ئوغۇل چۈرگىلىتىپ سىيگەنىكەن، ئۇنىڭ سۈيدۈ- كى غازاڭلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ خۇددى يامغۇر تامچىسى- دەك قاراقچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ، قاراقچىلار: «ۋاي يامغۇر ياغدى» دېيىشىپ، ھەممىسى تېرەكنىڭ تۈۋىگە يىغىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئوتتۇرانچى ئوغۇل تۈگمەن تېشىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. تاش ئۇلارنى بېسىپ

ئۆلتۇرۇپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل قاراقچىلارنىڭ قىرىق ئات، قېـ-چىردىكى دەپىنە دۇنيالىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ياخشى كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان كەنجى ئوغۇل ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، كەتمەن بىلەن ئۆينىڭ سول بۇلۇڭىنى قازغانىكەن، بىر ئۆينىڭ قۇيـ-رۇقى چىقىپتۇ. ئۇمۇ ئىككى ئاكىسىغا ئوخشاش ئۆيىگە بېرىپ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ قۇيرۇقىنى خۇرجۇنغا سېلىپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سەـ-پەرگە چىقىپ كېتىپتۇ، كۆپ جايلاردىن ئۆتۈپ بىر كۈنى بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بىر ئادەم يەر ھەيدەۋاتقانـ-كەن، ئۇ ئادەم بىلەن گەپلىشىپ ئۇنىڭ باينىڭ ئورتاقچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەم:

— سىلى يەر ھەيدەشنى بىلەملا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ كېلىۋالاي، سىلى يەرنى ھەيدىگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— ماقۇل، — دەپ، كەنجى ئوغۇل يەر ھەيدەشكە باشلاپـ-تۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتىشىگە ئۆينى قوشتىن چىقىرىپ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە ئېلىشىغا سېـ-تىپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، خۇرجۇنىدىكى ئۆينىڭ قۇيرۇـ-قىنى ئېلىپ يەرگە كۆمۈپ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ، خۇر-جۇننى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئۆيمۇ يوق، يەرمۇ ھەيدەلمىگەن. كەنجى ئوغۇلنى ئويغىتىپ: «ئۆي قېنى؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— سىلى كېتىپ ئۇزۇن قالماي ئۇينى يەر يۇتۇپ كەت-
تى، مانا ئۇنىڭ قۇيرۇقى. مەن يالغۇز تارتىپ چىقىرالمىدىم،
ئىككىمىز بىر بولۇپ تارتىپ چىقىرايلى، — دەپتۇ. ئىككىي-
لەن تارتقانىكەن، قۇيرۇق قولغا چىقىپتۇ، ئورتاقچى دېھقان
ئاللا - كاللا دەپ قاقشاپ ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. كەنجى
ئوغۇل بولسا ئورتاقچى دېھقاندىن سورىۋالغىنى بويىچە باينىڭ
ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. باي ئۆيدە يوق ئىكەن. باينىڭ چىرايلىق
بوغماق خوتۇنىنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچا خېنىم، — دەپ سالام
بېرىپتۇ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزلىرى نېمە ئىش بىلەن كەل-
دىلە؟ — دەپ سوراپتۇ باينىڭ خوتۇنى.
— ئىشلەي دەپ كەلدىم، بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئىشلىرد-
نى قىلىپ بەرسەم، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. باينىڭ خوتۇنى
ئۇنىڭغا بىر تۇلۇمدىكى ئارپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن
بۇغداينى ئايرىپ بېرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى خىلمۇخىل غىزالار-
نى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا هويلىدا ئول-
تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن باينىڭ خوتۇنىنىڭ نېمە غىزا
ئېتىپ، ئۇنى قەيەردە قويغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.
كەچ كىرىپ باي قايتىپ كېلىپ بۇ يېڭى مەدىكار بىلەن
كۆرۈشكەندىن كېيىن، كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىد-
خانغا كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى باينىڭ ئالدىغا بىر ئاياق سوغۇق
سۇ بىلەن ئىككى دانە تېرىق زاغرىسىنى قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ-
نى كۆرۈپ باي پۇشۇلداپ:
— تۇزۇكرەك تاماقلار يوقمۇ؟ — دېسە، خوتۇنى:
— كەچ بولۇپ قېلىپ تاماق ئېتەلمىدىم، بۈگۈنچە مۇ-
شۇنى يېگەچ تۇرسىلا، — دەپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە گەپنى كەنجى ئوغۇلدىن ئاڭلايلى:
كەنجى ئوغۇل ئارپا بىلەن بوغداينى ئايرىۋېتىپ، باينىڭ ئۆيە-
نىڭ كەينىدىكى قوناقلىقتا ئىستىۋارا قىلغىلى چىقىپ، ئۇ يەردە
بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىللە بولغانلىق ئالامەت ـ بەلگىلىرى-
نى كۆرۈپ قاپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن قورسىقىغا جىن كىرىپ يې-
نىپ كىرىۋاتسا، تام تۈۋىدە بىر توكۇر قاغىنىڭ ئۇچالماي پالاق-
شىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قوينىغا سېلىۋالغانىكەن.
باينىڭ خوتۇنىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
كەنجى ئوغۇل ئاستاغىنا قوينىدىكى قاغىنىڭ قانىتىنى بىر
تارتقانىكەن، قاغا «قاق» دەپ توۋلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي:
— بۇ نېمە؟ نېمە دەپ توۋلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كەن-
جى ئوغۇل:
— باي ئاغا، بۇ ناھايىتى خىسلەتلىك جانىۋار، ئىسمى
«موللا تاپقاق». بۇ دەيدۇكى، ئاۋۇ كاتىنىڭ تۆپىسىدە داستىخان-
غا يۆگەپ قويغان ئىككى دانە قاتلىما، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئا-
ياق قېتىق بار، دەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باي خوتۇنىغا
دەرھال ئاچقىشنى بۇيرۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بىرمۇنچە غو-
دۈڭشىپ قاتلىما بىلەن قېتىقنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ئىككىي-
لەن راسا مەززە قىلىپ يېيىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قاغىنىڭ
قانىتىنى يەنە ئىككى قېتىم تارتىپ، باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاش-
نىسىغا پىشۇرۇپ ساقلاپ قويغان يىگىرمە دانە تۇخۇم، بىر
توخۇنىڭ گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى داستىخان-
غا ئاچىققۇزۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بۇ مەدىكارنى ئىچىدە مىڭ
قېتىم قارغاپتۇ.
ياتار ۋاقتى بولغاندا باينىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغۇلغا ئۆي-
نىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە ئورۇن سېلىپ بەرمەكچى بولغانىكەن،
كەنجى ئوغۇل: «مېنىڭ كېچىدە تالاغا جىق چىقىدىغان كېسە-

لىم بار، ئىشىك تۇۋىدە ياتاي» دەپ ئۇنىماي ئىشىك تۇۋىگە كېلىپ يېتىۋاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تازا خورەك تارتىپ قاتا-تىق ئۇخلىغان بولۇۋاپتۇ. باي بولسا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ هويلىغا بىر كىشى كىرىپ كەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بولسا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ هېلىقى كىشىنى ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كېتىپتۇ ۋە:

— بۈگۈن سىلىگە بىرمۇنچە ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ ساقلاپ قويغانىدىم، نەدىكى بىر پالاندى قەلەندەر كېلىپ بايغا چېقىشتۇرۇپ هەممىنى يەۋەتتى. خاپا بولماي تۇرسىلا، ياغ چۆچۈتۈپ قويماق سېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ ياتقان كەنجى ئوغۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. بىر چاغدا باينىڭ خوتۇنى قازاندىكى ياغنى قىزىتىپ قويۇپ ئوتۇن ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ، ئوچاق ئال-دىدا ئولتۇرغان ئادەمنى كەينىدىنلا قۇچاقلاپ قازاندىكى قىزىق ياغقا كاللىسىنى بېسىپتۇ. باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ، ئاندىن ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۆلەكلىك تۇرغان بىر تاغاردىكى پۇرچاق ئۈنىغا ئۇنىڭ كاللىسىنى تى-قىپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا چىقىپ يەنە ئاۋۋالقىدەك خورەك تارتىپ يېتىۋاپتۇ. باينىڭ خوتۇنى تالادىن كىرىپ: «ۋاي ئادى-شىم، قورساقلىرى ئېچىپ كېتىپ تا-غاردىكى ئۇننى يې-گىلى تۇردىلىمۇ؟» دەپ بېرىپ بىر تارتقانىكەن، پالاق-قىدە ئالدىغا يىقى-



لىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن خوتۇن ئاستا-
غىنا كەنجى ئوغۇلنىڭ قېشىغا چىقىپ: «ۋاي جېنىم ئاكا،
بىر ئۆلۈك بار ئىدى، يىغىشتۇرۇۋېتىپ بەرگەن بولسىلا، ئاتام-
دىن قالغان بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكۈمنى بەرسەم» دەپ يال-
ۋۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل خوتۇندىن ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ئې-
لىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چى-
قىپ كېتىپتۇ، باينىڭ ئېغىلدا ۋە ئاتخانىدا ئون نەچچە تۇياق
ياراق ئاتلىرى بار ئىكەن، ئۆلۈكنى سىرتقا ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ
قويۇپ، ئاتخانىدىن بىر ئاتنى تۇتۇپ چىقىپ جابدۇپ، ئۆلۈك-
نى ئاتقا تېڭىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاتنى قوي ئېغىلىغا سولاپ
قويۇپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ:

— ۋاي باي ئاكا، قويلىرىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ. ئىستىۋارا
قىلغىلى چىقىپ قارىسام، بىر ئوغرى ئاتقا مىنىپ قويلىرى-
نى ھەيدەپ كەتكىلى قويىقانىكەن، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ سى-
لىنى ئويغاتقىلى كىردىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي دەر-
غەزەپ بولۇپ قولىغا كالتەك ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ:

— ۋۇ ھارام تاماق ئوغرى، — دەپ كالتەك بىلەن بې-
شىغا بىرنى ئۇرغانىكەن، «ئوغرى» ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
بۇنى كۆرگەن كەنجى ئوغۇل:

— ھەي باي ئاكا، شەيتانلىرىغا ھاي بەرسىلە دېسەم، ئۇنىماي
بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىلا، ئەمدى پادىشاھنىڭ ئالدىدا
نېمە دەيلا؟ — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەت-
كەن باي كەنجى ئوغۇلغا ئېغىلدىكى بارلىق ماللىرىنى بېرىپ، بۇ
پېشكەللىكتىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل باينىڭ قويلىرىنى
ھەيدەپ، ئاتقا مىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، بالىلىرى بى-
لەن خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. «ئاتاڭدىن مىراس
ئالغۇچە، دۇئا ئال» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ساختىپەز باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ مالايلىرىنى ھەر دائىم يىل ئاخىرىدا ساختىپەزلىك بىلەن قۇرۇق قول يولغا سالىدىكەن. بىر يىلى ئۇ باي بىر مالىيىغا:

— ھۇرۇنلۇق قىلماي، كۆچۈڭنى ئايىماي ئىشلەپ بەرسەڭ، سەن رازى بولغۇدەك ھەق بېرىمەن. ھازىر ئۇنى - بۇنى دېمەي ئىشلىگىن. گېپىمنىڭ تاشقا باسقان مۆھۈر ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدىن زادى چىقارما، — دەپتۇ.

مالايمۇ ئىشقا كەلگەندە باينىڭ دېگىنىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپتۇ، باي مالايىنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان كۈنلەرمۇ يېقىنلاپ كەپتۇ. ساختىپەز باي مالايىنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭدىن رازى، ھەققىڭ ھېسابىغا مۇشۇ بىر تال قوغۇن ئۇرۇقىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ھەي باي ئاكا، بىر يىللىق ھەققىم ئۈچۈن بىر تال ئۇرۇق بەرسىلە قانداق بولىدۇ؟ ! — دەپتۇ مالاي. باي راسا خاپا بوپتۇ:

— ھەي قاپاقۋاش، بۇنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن تېخى؟ سەن بۇ ئۇرۇقنى تېرىساڭ، كۆزلۈككە بولمىدى دېگەندە بىر قوغۇن ئالىسەن، ئۇنىڭدىن ئاز دېگەندە يۈز تال ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنى

يەنە بىر ئەتىيازلىقى تېرىساڭ، كۈز بولغاندا كەم دېگەندە يۈز قوغۇن ئالىسەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن يۈز تالدىن ئۇرۇق ئالىسەن... شۇنداق قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن بۇ ئەتراپتىكى ئەڭ چوڭ بايلاردىن بولۇپ قالىسەن، ــ دەپتۇ.

مالاي ئۇنداق دېسە، باي مۇنداق دەپتۇ. مالاي بۇ ساختىپەز بايغا زادى گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ. مالاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئالغان پېتى ساختىپەز باينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇرۇقنى ئەتىيازلىقى بىر تاشلاندۇق يەرگە تېرىپتۇ، پەرۋىش قىپتۇ، كۈزدە شۇنداق يوغان، پۇراپ تۇرغان قوغۇندىن بىرنى ئۈزۈپتۇ، ئۇنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىپ بارسا، ئۇنىڭغا بىر باي يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە:

ــ ھەي بالا، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بازارغا، ــ دەپتۇ مالاي.

ــ قولۇڭدىكى نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ باي. مالاي، قوغۇننى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىلىكىنى سورىغىنىغا قارىغاندا، تازا نادان باي بولسا كېرەك، شۇنداق بولسا، تەلەي دېگەن شۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

ــ بۇ دۇلدۇلنىڭ تۇخۇمى، قولۇننىڭ يېرىپ چىقىدىغان ۋاقتى توشۇپ قالدى، خىجالەتتىم بولغاچقا، ساتقىلى بازارغا كېتىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ. ھېلىقى باي بۇ گەپكە ئىشىنىپ:

ــ ئۇنداق بولسا، ماڭىلا سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ــ دەپتۇ. مالاي بۇ باينىڭ راسا ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىقىنى بىلىۋېلىپ:

ــ پۇللىرى يەتمەسمىكىن ! ــ دەپ باينى قىزىقتۇرۇپتۇ.

ــ يېنىمدىكى تىللالىرىم بۇ دۇلدۇل تۇخۇمىغا يەتمىسە، پۈتۈن ۋەسلىمغۇ يېتەر، ــ دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ باي، ــ قېنى نەرخىنى دەپ باقمامسەن؟

— بازارغا ئەكىرسەم ئىككى يۈز تىللاغا ساتاتتىم، مەيلىلىرى بولسا سىلىگە يۈز تىللاغا بېرەي، — دەپتۇ مالاي. باي گەپ قىلمايلا ھەمياندىن يۈز تىللانى ساناپ مالايغا بېرىپتۇ. مالاي «دۆلدۆل توخۇمى»نى بايغا سۇنۇۋېتىپ:
— بەك ئېھتىيات قىلسىلا، باي ئاتا، — دەپتۇ زاڭلىق ئارىلاش، — قوللىرىدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن!
باي خۇشال ھالدا قوغۇننى چاپىنىغا ئاۋايلاپ ئوراپتۇ ـ دە، ئۆز يولىغا قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ، قولتۇقىدىكى قوغۇن چۈشۈپ كېتىپتۇ. قوغۇن دومىلاپ بېرىپ بىر تۈپ چىغنىڭ تۈۋىدىكى تاشقا ئۇرۇلۇپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. چىغ تۈۋىدە ياتقان توشقان قورقۇپ بىر سەكرەپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. نادان باي، بۇ چېقىلىپ كەتكەن دۆلدۆل توخۇمىدىن چىققان قۇلۇن، دەپ ئويلاپ: «ھەي دۆلدۆلۇم، ھەي دۆلدۆلۇم، سەن مەندىن قاچمىغىن» دەپ ۋارقىراپ، ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. توشقان نادان باينىڭ قاتتىق ۋارقىراپ قوغلىشىدىن تېخىمۇ قورقۇپ، بەدەر قېچىپتۇ، ئاخىر كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
نادان باي پالاستەك سۆرىلىپ ئۆيىگە كەپتۇ، بولغان ئىشلارنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى بايدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن نادان ئىكەن.
— سۆرەلمىلىك قىلىپ، بىر ئوبدان دۆلدۆلنى قاچۇرۇپ قويدىلىمۇ؟ تۇتۇپ كەلگەن بولسىلا، مەن ئۇنى مىنىۋېلىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ يۈرمەمتىم، — دەپ ئېرىگە كايىپتۇ.
بۇ گەپتىن ئاچچىقى كېلىپ، باينىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بوپتۇ ۋە تاياقنى ئاپتۇ ـ دە:
— ھە، سەن تېخى كىچىككىنە قۇلۇننى مىنىپ ئويناپ،

بىلىنى سۇندۇرۇۋەتمەكچىمىدىڭ؟ — دەپ خوتۇننى راسا ئۇ-رۇپتۇ، بىر هازادىن كېيىن دۇلدۇل قولۇنىنىڭ قىچىپ كەت-كەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ ئۇرۇشتىن توختاپتۇ. ئۇ ھەسرەت بىلەن كىچىچە كىرپىك قاقماپتۇ، سەھەر تۇرۇپ قولۇننى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ساختىپەز باي ئۆز مالىيىنىڭ نۇرغۇن تىللالارغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى تىللالارغا كۆز قىزارتىپتۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ. ئا-خىر ئۇ مالاينى چاقىرىپ:

— قوغۇننى يۈز تىللاغا سېتىپسەن، خۇش بولدۇم. بىراق، ماڭا تېگىشلىكىنى تېخى ئەكېلىپ بەرمىدىڭ، — دەپتۇ.

— سىلىگە تېگىشلىك يەنە نېمە بار ئىدى؟ — دەپتۇ مالاي، — بەرگەنلىرى قوغۇننىڭ بىر تال ئۇرۇقى، ئۇنىڭغىمۇ رازى بولمىغانمىدىلە؟

— مەن قوغۇن ئۇرۇقى بەردىم، راستمۇ؟ — دەپتۇ باي، — سېنىڭ بىر تاپان يېرىڭ يوق تۇرۇقلۇق، نەدە تېرىپ ئۆس-تۇردۇڭ؟ يەر ھەققى بەرىبىر ماڭا تېگىشلىك. دېمەك، ئەللىك تىللا مېنىڭ بولىدۇ. شۇنى بېرىسەن!

بايدىن قۇتۇلۇشنىڭ زادى ئامالىنى قىلالمىغان مالاي:

— ئالىدىغىنىڭ ئەللىك تىللا بولسا، ئال. سەن ھەرقانچە ساختىپەزلىك قىلغىنىڭ بىلەن، ئاخىر بىر كۈنى شەيتاننىڭ سىرتمىقىغا چۈشمەي قالمايسەن، — دەپتۇ-دە، ئەللىك تىللانى بېرىپتۇ.

مالاي ساختىپەز باينىڭ ئۆيىدىن چىقىپلا، ھېلىقى نادان بايغا يولۇقۇپ قاپتۇ.

— ھەي يىگىت، سەن توغرا ئېيتىپسەن، مەن دۇلدۇل تو-خۇمنى قولۇمدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، چىقىپ قويدۇم. دۇلدۇل قو-

لۇن قىچىپ كەتتى، ئۇنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ — دەپتۇ نادان باي.

— ئۇنى تاپماق ئاسان، — دەپتۇ مالاي، — ھازىر ئۇ مانا بۇ ئۆيدە ئۇزۇن ساقاللىق، يوغان سەللىلىك ئادەم قىيا- پىتىگە كىرىۋالدى، — دەپ ساختىپەز باينىڭ ئۆيىنى كۆر- سىتىپتۇ. نادان باي بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئۆيگە يۇگۇرۇپ كىرسە، ساختىپەز باي تىللالارنى قايتا - قايتا ساناۋاتقۇدەك.

— سەن قىچىپ نەگە باراتتىڭ؟ ! ئەمدى مېنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن ! — دەپتۇ نادان باي ۋە قولىدىكى يۇگەننى چاققانلىق بىلەن ساختىپەز باينىڭ بېشىغا سېلىپ سۆرەپتۇ. ساختىپەز باي قاتتىق ۋارقىراپ، تىرەجەپ تۇرۇۋاپ- تۇ. نادان باي غەزەپكە كېلىپ راسا قامچىلاپتۇ. ساختىپەز باي مالاي ئېيتقان شەيتاننىڭ سىرتمىقى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ، سۇف شەيتان، سۇف شەيتان، نېرى كەت، نېرى كەت ! دەپ دۇرۇت ئوقۇپتۇ.



شۇنىڭدىن كېيىن ساختىپەز باي بىلەن نادان باي يۇرت ئىچىدە شەرمەندە بولۇپ، نو- مۇس ئىچىدە ئاخىر يۇرتتا تۇرالماي، بارلىق مال - دۇنيالىرىنى تاشلاپ، سەرسان بولۇپ يوقىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرى شۇ- نىڭدىن باشلاپ كەمبە- غەللەرگە قاپتۇ.

# ھېكايەخۇمار پادىشاھ

بۇرۇن بىر ھېكايەخۇمار پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، كۈندە بىر يېڭى ھېكايە ئاڭلىمىسا، خۇمارى تۇتۇپ، كۆڭلى غەش بولىدىكەن، چىرايى ئېچىلمايدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ خەلقىمۇ ھېكايە ـ چۆچەككە خۇشتار ئىكەن. شۇڭا، كۈندە بىرى نۆۋەتلىشىپ كېلىپ پادىشاھقا يېڭى ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، ئۆز ئەجرىگە لايىق پادىشاھتىن ئىنئام ئېلىپ قايتىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا، بۇ يۇرتتا پادىشاھ ئاڭلىمىغان بىرەرمۇ يېڭى ھېكايە قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھېكايە خۇمارى تۇتۇپ، چىرايى سارغىيىپ، ھالىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئاڭلاپ بولغان ھېكايە بولسىمۇ قايتا ئاڭلاپ، ھېكايىچىگە ئەجرىگە لايىق يەنە ئىنئام بېرىپتۇ. ھېكايىچىلەرنىڭ قايتا ئىنئام ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىچى تار، كۆرەلمەس، چىدىماس ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئىچى ئاداپ، ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپتۇ ـ بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىر كۆڭلىگە بىر غەرەزنى پۈكۈپ، پادىشاھنىڭ خالىي قېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنى ھېكايىچىلەر ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتقاندا، پادىشاھ ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر ھېكايىچىلەرنى قول ئىشارىسى بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ، پادىشاھ-

نىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ھە، ئاخىرىسى قانداق بولدى؟ — دەپ ئويغىنىپ قا-رىسا، ئەتراپىدا ھېكايىچىلەر يوق. يالغۇز ۋەزىرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھېكايىچىلەر قېنى؟ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە ئۇخلاپ قاپتىمەنغۇ، چاقىرغىن، داۋامىنى ئېيتسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر:

— پادىشاھئالەم، سىلى بىلەن خالىي مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش چىقىپ، ئۇلارنى مەن كەتكۈزۈۋەتكەن، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خۇشياقمىغان ھالدا:

— ھە، نېمە ئىشتى؟ — دەپتۇ. ۋەزىر:

— مېنىڭ ئويلىغىنىممۇ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئۈچۈن. سىلى ئىلگىرى ئاڭلاپ بولغان ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ زىيان تارتىۋاتىدىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:



— قانداق زىيان تارتمىۋاتىمەن؟ — دەپتىكەن، ۋەزىر:
— بىرىنچىدىن، ئاڭلاپ بولغان نەرسىلەرنى قايتا ئاڭلاپ ئۆمۈرلىرىگە زىيان بولۇۋاتىدۇ، ئىككىنچىدىن، خەزىنىلىرىگە زىيان بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ قۇۋلۇق بىلەن. پادىشاھ:
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ۋەزىر:
— مەن زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى ئويلاپ قويدۇم، ئەگەر سىلى قوشۇلسىلا، سىلىمۇ كۆندە يېڭى ھېكايە ئاڭلايدىلا ھەم خەزىنىگىمۇ زىيان بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:
— قېنى، ئۇ قانداق چارە؟ سۆزلە، — دەپتۇ.
— بىز، — دەپتۇ ۋەزىر ئۆز كۆڭلىگە پۈككىنىنى ئاشكارىلاپ، — پۇقرالارغا، بۇگۈندىن باشلاپ ھەركىم يالغان ھېكايە ئېيتىپ پادىشاھنى قايىل قىلالىسا، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمىز، ئەگەر قايىل قىلالمىسا، ھېچنېمە بەرمەيمىز، دەپ جاكارلايلى. بۇنىڭدا بىز گەپنى بىر قىلىۋېلىپ، نېمىلا دېسە: «راست» دەپ تۇرۇۋالىمىز ـ دە، ھېچكىم ئىنئامغا ئىگە بولالمايدۇ، سىلىنىڭ تەلەپلىرىمۇ ھەل بولىدۇ.
پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى چاقىرىپ، ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەممىسى گېپىنى بىر قىلىۋاپتۇ ھەم جارچىنى ئالدىغا چاقىرىپ:
— پۈتۈن يۇرتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرالارغا جاكارلاڭلار، كىمكى ھېكايە ئېيتىپ، مېنى: «يالغان» دېگۈزەلىسە، مەن شۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ. جارچىلار شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ناغرا ـ سۇناي چېلىپ: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتمىگىلار ئاڭلىماس، ئىشىتمىدۇق دېمەڭلار...» دەپ پادىشاھنىڭ پەرمانى-

نى پۈتۈن يۇرتقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانى چىققان كۈنلا، پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇنغا قىزىققان مەدداھلار، قىسسىچىلەر، گەپدانلار بىر ـ بىرلەپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىمىغان، ئويلىمىغان، كۆرمىگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھېكايە ئاڭلاش خۇمارى پەسكويىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، پادىشاھ سۆز ئاچقۇچە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ يالغان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇشىغا، بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز سىنى يالغان ھېكايە ئېيتىدىغان ئوخشايدۇ دېسەك، ھەممىسى مېنىڭ چوڭ دادام قىلغان ئىشلارغۇ، — دەپ يالغاننى راستقا چىقىرىپ ھېكايىچىنى قۇرۇق قول يولغا سېلىشىدىكەن.

نۇرغۇن كۈنلەر يۇرتتىكى چوڭ ـ كىچىك كىشىلەر يالغان ھېكايە ئېيتىش بىلەن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھېكايە خۇمارىنى پەسەيتىش بىلەن، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار يالغاننى راستقا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتتا ھېچقانداق بىر يالغان نەرسە قالماي ھەممىسى راست بولۇپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇن ئۆز ئورنىدا تەۋرىمەي، پۇقرالارنىڭ پادىشاھتىن ئېلىپ تۇرىدىغان ئىنئاملىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يالغان ھېكايە ئېيتىش سەكسەن ياشتىن ھالقىغان بىر بوۋايغا كەپتۇ. ئۇ قاردەك ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ، ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە مۈكچىيىپ، يالغان ھېكايە ئېيتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدىم، مانا ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن دەپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپ، جەھەننەمدە كۆرگەنلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قايتا تىرىلىشى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش بولسىمۇ، ۋەزىرلەر بىر — بىرىگە قارىشىۋېلىپلا:

— راست ئېيتىسەن. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا — بوۋىمىز سېنىڭ نامىڭنى چۈشۈرگەن. سەن ئۇ دۇنياغا ياش كەتكەچكە، بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى ئاز كۆردۈڭ. ئەمدى سەن پادىشاھنىڭ ۋەدە قىلغان دۇنياسىغا قىزىقىپ، بۇ دۇنيانىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن قايتا تىرىلدىڭ. سەن شۇ ساقىلىڭ بىلەن ھەرگىز يالغان ئېيتمايسەن. سەن ئېيتقان ئۇ ئىشلارنى بىزمۇ ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆرۈپ كېلەرمىز، — دەپ بوۋاينى ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن قىلىپ يولغا سېپتۇ.

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئىنئامىنى ئېلىپ خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئويىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، قالغان ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق غەم — ئەندىشىگە چۆكۈپ، ئوردىدىن چىققان پېتى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بوۋاي شۇ ماڭغىنىچە تاكى كەچ كىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپتۇ، تاڭ ئاتقاندا بىر يايلاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئالدىدىن بىرى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، سەپىرىڭىز قايان؟ — دەپ سالام بېرىپتۇ. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئون بەش — ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. بوۋاي بالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئوغلۇم، سەپىرىمنىڭ قايان ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ مەيۇسلىنىپ. بوۋاينىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن بالىنىڭ بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ:

— بۇ دەشت - باياۋاندا يۈرۈشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى، بوۋا؟ — دەپ كوچىلاپ سوراپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ سوئالىغا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— ئۆزۈڭ كىمسەن، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. بالا:

— مەن پادىشاھنىڭ مالچىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، بالىنى ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىكەن دەپ ئويلاپ:

— يولۇمنى توسما، ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرەي، — دەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ بۇنداق نام - نىشانسىز مېڭىپ، بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:



— كونىلار: «بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر كىچىك-نىڭ» دەپتىكەن. نېمىلا بولسا باشلىرىغا كەلگەن دەردنى ئېيت-تىپ باقسىلا، — دەپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلەۋات-قانلىقىنى ئاڭلاپ يەنە تەرسالىق قىلغۇسى كەلمەي، بۇ تەرەپكە يول ئېلىپ كېلىشىدىكى سەۋەبنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئە-قىل تېپىپ، پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن تىل بىر-رىكتۇرۇۋېلىپ خەلقنى ئەخمەق قىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى ئې-چىپ تاشلاپ، ئىنئامنى ئېلىپ، قالغان ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ:

— بۇ سەپىرىم ئەقىل تېپىش ئۈچۈن، — دەپتۇ. بالا بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي - ۋۇي، بوۋا، شۇنىڭغىمۇ غەم قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ ئۇ ئادەتتىكىلا بىر ئىشكەنغۇ، — دەپتۇ. بوۋاي بالى-نىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بالا:

— بوۋا، ئەگەر باشقا زۆرۈر ئىشلىرى بولمىسا، بۈگۈن مېنىڭكىدە مېھمان بولسىلا، قالغان ئىشنى مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز، — دەپتۇ. بوۋاي يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئوغلۇم، سەن مېنى ئەخمەق قىلمايۋاتىدىغانسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، بوۋا، مەقسەتلىرى راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن مۇرادلىرىغا يەتكۈزەي، — دەپتۇ بالا. بوۋاي بالى-غا تېخىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي:

— ئەگەر شۇ ئىش راستتىنلا سېنىڭ قولۇڭدىن كەلسە، نېمە ئۈچۈن ھېكايە ئېيتىپ پادىشاھتىن ئىنئام ئالماي، قوي بېقىپ جاپا چېكىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، مەن قوي بېقىۋاتىمەن، مەن ئۇ يەرگە كەتسەم، قويلارغا قارايدىغان ئادەم يوق. ئىككىنچىدىن، مەن ئارتۇقچە بايلىققا قىزىقمايمەن. كونىلار: «ئارتۇقچە دۇنيا ئۆزۈڭگە دۇشمەن» دەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ جاۋابىغا قايىل بوپتۇ ھەم:

— قولۇڭدىن كەلسە، شۇ ئىنئامنى ئېلىپ يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

بالا بوۋاينىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— ئوغلۇم، سەن زادى قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي بىلەن بالا ئەتىسى سەھەردە قويلارنى ھەيدىگىنىچە پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئوردا ئالدىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇلارنى توسۇپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي بىلەن بالا:

— بىز پادىشاھقا يالغان ھېكايە ئېيتىپ بەرگىلى كەلگەن ئادەملەر، — دەپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار قويلىرىنى قويۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ. بالا:

— بۇ پادىشاھنىڭ قويى. مەن يىلدا ئاران بىر ئانا - بالا قويغا ئىشلەيمەن، ئەمما ئۇنىمۇ ئالالمايمەن. چۈنكى، بىرەر قوي يېتىپ كەتسە ياكى بۆرە يەپ كەتسە ھەققىمنى بەرمەيدۇ. پادىشاھ ئەنە شۇنداق رەھىمسىز. ئەمدى قويلارنى بۇ يەرگە قويۇپ قويسام قويلار يوقاپ كەتسە، بىر ئۆمۈر بىكارغا ئىشلەيمەن. كىرىپ، مەن دېگەننى پادىشاھقا ئېيتىپ بېقىڭلار، — دەپتۇ. ياساۋۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلىپ بول-

غاندىن كېيىن، قويچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ راست دەپ دېسە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا رەھىمسىز ئاتىلىپ قې-لىشىنى نومۇس بىلىپ، ئويلىمىغان يەردىن كەلگەن بۇ زەر-بىدىن تېڭىرقاپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— يالغان، — دەپ ۋارقىراپ سېپتۇ ھەم بالىنىڭ قويلار-نى ھەيدەپ كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىچى تار ئوڭ قول ۋەزىر:

— ئوردىغا قوي ھەيدەپ كىرسە قانداق بولغىنى؟ — دەپتىكەن، پادىشاھ:

— ئۇ ماڭا تولىمۇ سادىق ئوخشايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، قويلارنى جاڭگالدا تاشلاپ كەلگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

ياساۋۇل چىقىپ، بوۋاي بىلەن بالىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى يەتكۈزۈپتۇ. قويچى بالا ئۇنىڭدىن:

— پادىشاھ نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ياساۋۇل:

— پادىشاھ «يالغان» دەپ ۋارقىراپ كەتتى، — دەپ، بولغان ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىپتۇ.

بالا قويلىرىنى ھەيدەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پادى-شاھ ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپ:

— قېنى، ھېكايەڭنى باشلا، — دەپتۇ. بۇ چاغدا بالا:

— پادىشاھئالەم، سىلىگە گۇۋاھچىلار تەييار ئىكەن، ئۇلار يالغانىمۇ راستقا ئايلاندۇرۇشىدۇ. شۇڭا، بىزگىمۇ گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن شەھەر پۇقرالىرىدىن يىغىپ بەرسى-لە، — دەپتۇ. پادىشاھ پەرمان قىلىپ، ئوردىغا نۇرغۇن پۇقرالارنى يىغدۇرۇپ ئەكەپتۇ. بالا يەنە:

— پادىشاھىم، ئارىلىقىمىز يىراق بولۇپ قالدى. گەپنى ئېنىق ئاڭلىماي قالدىلا، شۇڭا يانلىرىدا ئولتۇرغانلاردىن

ئىككىسى بىزنىڭ ئورنىمىزدا تۇرۇپ قويلارنى تـوسـۇپ تـۇر-سۇن، ـــ دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، يېنىدىكى ئادىمىدىن ئىككىنى قويلارنى توسۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

قويچى بىلەن بوۋاي پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئـاپـتـۇ. ئۇلار كېلىشىۋالغىنى بويىچە بوۋاي ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

«مەن ئەسلىي بىر زەردار باي ئىدىم، دۇنيالىقتا ئۈچ ئو-غۇل يۈزى كۆردۈم. ئۇلار ئەقىلغا كىرگۈچە يېمىگەننى يېگـۈ-زۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ باقتىم. ئەقىلـغـا كـىـرگـەنـدە، مەندىن كېيىن قالسا ئەل ئىچىدە خار بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بىساتىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى خەجلەپ ئۇلارنى ئوقۇتتـۇم. ئـۇلار بىلىمدە كامالەتكە يەتتى. لېكىن، مەن ئوغۇللىرىمنى ئـۇنـداق رەھىمسىز، ئىنساپسىز، قارا نىيەت بولار، دەپ ئويلىمىغـانـى-كەنمەن. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ، ماڭا ھاجىتى چۈشمەيدىغاز-لىقىنى بىلىشتىمۇ، قانداق، بىر كۈنى ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ:

ـــ ئاتا، ئۆمۈرلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. كۆزلـىـرد-نىڭ ئوچۇقىدا مال ـ مۈلۈكنى بىزگە تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېـ-رىپ، بىزنىڭ كېيىنلىكىمىزدىن خاتىرجەم بولمامدىلا، بىـز سىلىنى يەنە ئوخشاشلا كۈتىمىز، ـــ دېدى. مەن ئۇلارغـا ئـىـ-شىنىپ دېگىنىنى قىلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار كەل-مەس بولدى. مەن، ئۇلار بىتاب بولۇپ قالغان بولسـا، مېـنـى يوقلاپ كېلەلمەي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

ـــ ماڭ كەت، دىۋانە، ساڭا بېرىدىغـان كـۆيـۈك نـېـنـىـم يوق، ـــ دەپ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ھەيدىۋەتتى. مـەن بـۇ ئـە-لەمدىن يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقـاي دې-

سەم ئاسمان يىراق كېلىپ، كىچىك ئوغۇللىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇلار ئاكىسىدىنمۇ ئۆتەر ئىنساپسىز ئىكەن. شۇنىڭ-دىن ئېتىبارەن مەن ئىگە - چاقىسىز قېلىپ، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن. خۇدا، مېنىڭ بېشىمغا سالغان كۈننى باشقا بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن» دەپ سۆزىنى توختىتىپتۇ. پادىشاھ:

— شۇ ئوغۇللىرى ھازىرمۇ بارمۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، ئۇلار پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

— كىملەر ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. بوۋاي ئورنى-دىن تۇرۇپ:

— چوڭ ئوغلۇم مانا بۇ ئوڭ قول ۋەزىر، قالغان ئىك-كىسى ئەنە قويلارنى توسۇپ تۇرغانلار شۇ، — دەپتۇ. بۇ ھې-كايىنى ئاڭلاپ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:



— بۇ ئۆلمىگەن قېرى يالغان ئېيتىپ، بوھتان چاپلاۋا-تىدۇ. مېنىڭ بۇنداق ئاتام يوق! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. قوي توسۇپ تۇرغانلارمۇ بوۋاينىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى دەپ چالۋاقاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي:

— خوش، ۋەزىر ئەزەم، يالغانغا قايىل بولدىلىمۇ؟ ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ.

نۆۋەت قويچى بالىغا كەپتۇ. ئۇ ھېكايىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، پادىشاھتىن:

— پادىشاھئالەم، ھەربىر يالغان ھېكايە ئۇچۇن قىلغان ۋەدىلىرىنى ئادا قىلسىلا، مەن ھېكايەمنى باشلاي، بولمىسا بوۋامغا تەئەللۇق ئىنئامنى بەرسىلە، كېتىۋالايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. بالا ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— مەن ئاتام بىلەن ئانامدىن ئۈچ ياش چېغىمدا يېتىم قالغان، شۇ كۈندىن باشلاپ قوي بېقىشقا باشلىدىم. ھازىر قىرىق بەش يىل بولدى، بۇ جەرياندا مەن ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، — دېيىشىگە، پادىشاھ:

— يالغان، سەن ئەمدى ئون بەش ياشقا كىرىپ، مەندىن قىرىق بەش يىلنىڭ ھەققىنى ئالماقچى بولۇۋاتامسەن؟! مەن ساڭا ھەق بەرگەن، ئۇ ھەقلەر ئۆزۈڭنىڭ يوقاتقان قويلىرىڭ-نىڭ ئورنىغا تۇتۇپ قېلىندى. سەن بۇنى يالغان سۆزلەپ يوق-قا چىقارماقچى بولۇۋاتىسەن! — دەپتۇ. ئەتراپتىكىلەر پادى-شاھنىڭ قىلمىشىنى راست دېيىشكە پېتىنالماي، ھەممىسى تەڭلا:

— يالغان، پادىشاھقا بوھتان چاپلاۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ چاغدا بالا:

— پادىشاھئالەم، بوۋام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھېكايىسى-

نىڭ يالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ ئەتراپتىكىلەرمۇ تەستىقلىدى. ئەمدى بىزگە بېرىدىغان ئىنئامنى بېرىپ، بىزنى يولغا سېلىۋەتسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن، بالا بىلەن بوۋايغا بېرىدىغان ئىنئامنى بېرىپتۇ. بالا بىلەن بوۋاي شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئالتۇن - كۈمۈشنى خالايىققا تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغانىكەن، بالا:

— بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئەسلى ئۇلارنىڭ ھالال نېسىۋىسى ئىدى. سىلى دىللىرىدىن پاكلىق، ساپلىقنى يوقىتىپ، پۇقرالارنى ئالداشقا يۈزلەندىلە. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ئەقىللىرى بويىچە ئىش كۆرۈشلىرىنى ئۈتۈنىمەن، — دەپ پادىشاھنىڭ سىرىنى ئېچىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يامان غەرەز بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ ئىشنى بۇزغان ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپتۇ، قويچى بالىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت يەنە ئەسلى ئىزىغا چۈشۈپ، ئەلمۇ خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھمۇ پاراكەندە بولماي ياخشى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم ياشاپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغاننى ئېيتىۋەرسە راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# قازنىڭ قىزى

بۇرۇن بۇرۇنكەن، ئالەم زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ ئىكەن. شۇنداق زاماندا، يىراق بىر ماكاندا هازىر ئىسمى ئۇنتۇلغان بىر شەهەر بولغانىكەن. شۇ شەهەرنىڭ قازىسى قېرىپ بېلى مۈكچەيگەن، چېچى ئۇچتەك ئاقارغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بولسىمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، چېچەن، سەزگۈر قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن داڭق چىقىرىپ كېلىۋاتقانىكەن. قازىنىڭ قىزى ئاتىسىغا هەمدەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ دەرد ـ ئەهۋالىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ، قىزىل كۆز، ناـ ئىنساپلارنى يىغلىتىپ، هەممىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ يولغا سالىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، يىراق ـ يېقىندىكى دەردى بار، ئەرزى بار كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى كىشى كېلىپ ئەرز ـ شىكايىتى بارلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم سەمەت، ئاتام ناۋاي ئىدى. ئاتامدىن ماڭا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا مىراس قالغان. ئاتام ئۆلۈپ ئۇ ئاـ لەمگە سەپەر قىلغاندا، مەن بۇ ئادەم بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقان، — دەپ يېنىدىكى ئادەمنى كۆرسىتىپتۇ. كەلگەنـ

لەردىن يەنە بىرىمۇ:
— مېنىڭ ئىسمىم ئەمەت، ئاتام سودىگەر ئىدى. ئاتامدىن ماڭا ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا قالغان. مەنمۇ سەمەتكە ئوخشاش قارا يېتىم بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىيامەتلىك دوست بولۇشقا قول بەرگەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قازى:
— سىلەر ئىككىڭلار قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىكەنسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئالدىمغا نېمە ۋەجىدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. سەمەت:
— مەن ئەمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. ئەمەتمۇ تەڭلا:
— مەنمۇ سەمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. قازى:
— سەن نېمىدەپ ئەرز قىلىسەن؟ — دەپ سەمەتتىن سوراپتۇ. سەمەت:
— بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئەمەت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: «دوستۇم، ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن. مەن ھازىر بىر گۈزەلگە ئاشىق بولۇپ دەردتە قالدىم. توي قىلىپ شۇ گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ، دەردىمگە شىپا قىلمىسام، بۇ ئالەمدىن ئارمان بىلەن كۆزۈم ئوچۇق كېتىدىغان ئوخشايدۇ. سەن مېنىڭ دوستۇم بولغاندىكىن، ياردەم قىلىپ بېشىمنى سىلىمىساڭ بولمىغۇدەك» دېدى. «مەن قانداق ياردەم قىلىمەن؟» دېسەم، «مەن سەندىن نامرات، توي قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ، شۇڭا سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا داداڭدىن قالغان مىراسىڭدىن مىڭ تىللانى بېرىپ تۇرساڭ، تويدىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئىشلەپ قايتۇرساق» دېدى. مەن، دوستۇمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە

ياردەمدىن باش تارتسام، نامەردلىك بولمامدۇ، دەپ ئويلاپ، قەرز بېرىشكە رازى بولدۇم. مىڭ تىللانى ساناپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىنىمدا، ئۇ خۇشاللىقىدىن بېشى يەرگە تەگكۇدەك بولۇپ تەزىم قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تويى بولدى. ئۇلار ئىككىسى بىر چىرايلىق ئەپلىشىپ قالدى. هازىر بىر بالىلىق بولۇپ خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ مەندىن ئالغان قەرزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇنى قايتۇرۇش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماي بەخىرامان يۈرەۋەردى. مەنمۇ، بەلكىم هازىر قولى قىسقا بولسا كېرەك، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىۋالسا قايتۇرۇپ بېرەر، دېگەن ئۈمىد بىلەن قەرزنى سۈيلەپ بارمىدىم. باراي دېسەممۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزى چوڭ كېلىپ بارالمىدىم. مانا ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. مەنمۇ بويتاقلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۇلغا موهتاج بولۇپ قېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. مەن ئۆز مەقسىتىمنى ئېيتسام، ئۇ مەندىن هېچقانداق قەرز ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، مىڭ تىللانى قايتۇرۇشتىن باش تارتىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ مىڭ تىللارىمنى ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. سەمەتنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن قازى ئەمەتكە: «سەنچۇ؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇپتۇ. ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەمەت بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقىنىمدىن باش تارتمايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق دوستۇمغا خىيانەت قىلىش ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ. سەمەت بۇنى بىلمەي، مېنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشۇمغا كۆزى قىزىرىپ ماڭا هەسەت قىلىۋاتىدۇ، بوهتان چاپلاپ مەندىن نەپ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى تۇرسام، قانداقمۇ ناۋاينىڭ ئوغلىدىن قەرز ئالاي، بۇ قانداقمۇ ئەقىلغا سىغسۇن! شۇڭا، قازى ئاخۇنۇم، مەن



سەمەتنىڭ ماڭا بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىپ كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

قازى ئۇلارنىڭ ئەرز - دەردلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان قىزىغا: «قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە قاراپتۇ. قىزمۇ ئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ باش لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. قازى قىزىنىڭ ئىشارىتىدىن ئىشنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— سىلەرنىڭ بۇ ئەرزىڭلار ئادەتتىكى ئىش ئىكەن، بۇنى قىزىم بىر تەرەپ قىلسۇن، مەن ئارىلاشماي، — دەپ قىزىنىڭ ھەل قىلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئەسنىگىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، مامۇق تەكيىگە يۆلىنىپ يېتىپتۇ. قىز ئاتىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن:

— گەپ - سۆزۈڭلاردىن قارىغاندا ئىككىڭلار ياخشى دوستلاردىن ئىكەنسىلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئىككىڭلار دەۋاگەر ئىكەنسىلەر، ئەگەر بىرىڭلارنىڭ يالغان بولۇپ قالسا،

يۈزۈڭلارغا سەت، دوستلۇقۇڭلارغىمۇ تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا بىرىڭلار دەۋادىن كەچسەڭلار ياخشى بولارمىكىن، ــ دەپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپتۇ. سەمەت قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ جىم تۇرۇپتۇ، ئەمەت بولسا قىزنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى ئېپقېچىپ:

ــ پۇل دېگەن كىمگە ئاچچىق؟ ــ دەپ دوق قىپتۇ.

قىز ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن، سۆزلىرىدىن دەرھال بىر ئەقىل تېپىپتۇ ـ دە، سەمەتكە قاراپ:

ــ دەۋاگەر سەمەت، سىز ئەمەتكە قەرز بەرگەندە ئۇنىڭدىن تىلخەت ئالمىغانمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ياق، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تىلخەت تەلەپ قىلمىغانىكەنمەن، ــ دەپتۇ سەمەت. قىز سەل ئويلىنىۋېلىپ، سەمەتتىن يەنە:

ــ سىز پۇلنى ئەمەتكە قەيەردە بەرگەن؟ يېنىڭلاردا ھېچكىم يوقمىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئاق كۆڭۈل، ساددا سەمەت قىزنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئېلىم ـ بېرىم قىلغان چاغدىكى ئورۇننى ئېسىگە كەلتۈرۈپ:

ــ ھە، راست، مەن پۇلنى ئۇنىڭغا بىر توپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ بەرگەنىدىم، ئەمما يېنىمىزدا ھېچكىم يوق ئىدى، ــ دەپتۇ. قىز بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، دەرھال:

ــ دۇرۇس، سىلەرنىڭ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىڭلارغا شۇ ئۈجمە دەرىخى گۇۋاھ بولالايدۇ، ــ دەپتۇ ـ دە، سەمەتكە، ــ سىز دەرھال ئۈجمە دەرىخىدىن سوراپ كېلىڭ. ئەگەر راستتىنلا پۇل قەرز بەرگەن بولسىڭىز، ئۈجمە دەرىخى گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىڭ، ــ دەپ سەمەتنى يولغا سېپتۇ.

ئەمەت، بۇ قىزنىڭ ماڭا يالغۇز قىلىدىغان گەپ ـ سۆزى بولسا سەمەتنىڭ بۆكىگە جىگدە سېلىپ يولغا سالغىنى ئوخ- شايدۇ... دېگەنلەرنى ئويلاپ قىزغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. قىز ئۆز يېنىدا ئەمەت يوقتەكلا پەرۋاسىز ئولتۇرۇپتۇ. بۇ هال ئەمەتكە هار كېلىپ، يەنە، بۇ ئالجىپ قالغان قىز ئوخشايدۇ، شۇنداق بولسا تازا ياخشى بولغىنى. مەن چىشىم چىقىپ مۈشۈ كۈنـ- گىچە دەرەخ گۇۋاهلىقتىن ئۆتۈپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان، راستتىنلا ئەخمەق قىز ئىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، گىدەيگىنىچە ئولتۇرۇپتۇ. ئاردىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، سەمەت قايتىپ كەلمەپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— سەمەت ئەجەب قايتىپ كەلمەيدىغۇ؟ — دەپ ئەمەتتىن سوراپتۇ. ئەمەت ئۆزى ئۇچۇن چۆچۈرىنى خام ساناپ ئولتۇر- غاچقا، قىزنىڭ سوئالىغا ئويلانمايلا:

— بەلكىم ئۇ ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۇۋىگە ئەمدى يېتىپ بارغاندۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەمەت ئۇجمىنىڭ تۇۋىگە بېرىپ، جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە تىرنىقىنى تاتىلاپ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپتۇ. قىز سەمەتنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئېچىنغان هالدا:

— ئۇجمە دەرىخى نېمىدەپ گۇۋاهلىقتىن ئۆتتى؟ — دەپتۇ. سەمەت:

— مەن ئۇجمىگە خېلى يالۋۇرغان بولسامۇ، هېچقانداق سادا چىقمىدى، — دەپتۇ. قىز سەمەتنىڭ ساددىلارچە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ئاق كۆڭۈل يىگىت، سىز تولىمۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىز. سىز قاچان دەرەخنىڭ زۇۋانغا كىرىپ سۆزلىگىنىـ-

نى كۆرگەن؟ لېكىن، سىز ئۇجمە تۈۋىگە يېتىپ بارغۇچە ئۇجمە بۇ يەرگە كېلىپ سىزنىڭ قەرز بەرگەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئاشۇ ئۇجمە تۈۋىدە بەرگەنلىكىڭىز ئىپ-نىقلاندى، — دەپتۇ.

«ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەمەت چاچراپ تۇرۇپ دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— ئەلمىساقتىن بۇيان كىم دەرەخنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرگەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بىردەم-مۇ ئايرىلمىسام، قانداق قىلىپ ئۇجمە بۇ يەرگە كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسۇن. بۇ يەرگە كەلگەن بولسا، مەنمۇ كۆر-مەسمىدىم. سىز سەمەتكە يالغان بېسىۋاتىسىز !

قىز ئەمەتكە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، كەسكىن قىلىپ:

— كونىلار: «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يې-يىشتىن قورقما» دەپتىكەن. ئەگەر سىز پاك بولسىڭىز، قۇشقاچ تىلىڭىز چىقىپ، نېمە ئۈچۈن سېرىق قۇشقاچتەك بىلجىرلايسىز؟ سىز تىللالارنى شۇ ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئالمىغان بولسىڭىز، سەمەتنىڭ قايسى ئۇجمە دەرىخىنىڭ يې-نىغا، قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى قانداق بىلە-سىز؟ — دەپتىكەن، ئەمەت لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. ئا-خىردا ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

سەمەتنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا، سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرگەن قازىنىڭ قىزى سەمەتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. كېيىنچە ئۇلار مەقسەت - مۇرادىغا يېتىپ، بىرلىكتە ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ماقال ئەمەت بىلەن سەمەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن شۇ ئىشتىن قالغانىكەن.

# باي بىلەن چاكار

بۇرۇنقى زاماندا مامۇتاخۇن دېگەن بىر كەمبەغەل ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ئاچ كۆز، زالىم بايلارغا بەكمۇ ئۆچ ئىكەن. بۇ ئادەم ياشىغان يۇرتتا بىر ئاچ كۆز باي بار ئىكەن. ئۇ يىل بويى ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمەك تەس كېلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بارا ـ بارا بۇ بايغا ئىشلەيدىغانلار ئازىيىپ كېتىپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشلەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. بىر كۈنى باي مامۇتاخۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مامۇتاخۇن ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ بايغا ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ:

— مېنىڭ بەش شەرتىم بار. شۇنىڭغا كۆنسىلە، ئىشلەيمەن، بولمىسا، ئىشلىمەيمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ باي.

— بىرىنچىسى، مېنىڭ ئىش ھەققىم ئۈچۈن ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىلا. بۇغداي، قوناقنى ئۆزۈمنىڭ كۆرەمدە ئۆلچەپ ئالىمەن. ئىككىنچىسى، بىر ماڭغان يولدا ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن. ئۈچىنچىسى، كۆلنى كۆتۈرەلمەيمەن. تۆتىنچىسى، مىڭلىغان بەللەرنى كېسەلمەيمەن. بەشىنچىسى، تاغنىڭ بېشىنى چۇشۇرەلمەيمەن، — دەپتۇ

ماموٗتاخوٗن.

ئىشلەتكىلى ئادەم تاپالماي توٗرغان باي بوٗ شەرتلەرگە ماقوٗل بوپتوٗ ۋە: «يىل ئاخىردا بەرىبىر ئوٗنى ئۆلتوٗروٗۋېتىمەن. ئىش ھەققى بېرىش دېگەن يوق گەپ. باشقا شەرتلەرگە كەلسەك، مەن ئوٗنى شوٗنداق ئىشلارغا سالاتتىمموٗ؟ » دەپ ئويلاپتوٗ ۋە تىلخەت بېرىپتوٗ.

بىر كوٗنى باي ماموٗتاخوٗنغا:

— ھەي چاكار، مالڭ، سوٗ ئەكەل، — دەپتوٗ.

— باي ئاكا، بەرگەن تىلخەتلىرىگە ئەمەل قىلسىلا، — دەپتوٗ ماموٗتاخوٗن.

— ئەمەل قىلماي نېمە قىلدىم؟ — دەپتوٗ باي، — مەن سېنى سوٗ ئەكەل دەۋاتىمەن.

— مەن سىلىگە: «كۆلنى كۆتوٗرەلمەيمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم؟ ئاڭلىمىغانموٗ يا؟ — دەپتوٗ ماموٗتاخوٗن. بوٗ گەپنى ئاڭلىغان باي ئوٗ ئوٗتتوٗرىغا قويغان شەرتلەرگە ئوبدانراق ئويلاپ ئاندىن ماقوٗل دېمىگىنىگە پوٗشايمان قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يوٗتوٗپ، سوٗنى ئۆزى ئەكەپتوٗ.

كوٗنلەر ئۆتوٗپ بىر كوٗنى باي ماموٗتاخوٗننى تاغدىن ئوٗتوٗن ئەكېلىشكە بوٗيروٗپتوٗ.

— ۋاي باي ئاكا، مەن: «تاغنىڭ بېشىنى چوٗشوٗرەلمەيمەن» دېگەنىدىمغوٗ؟ — دەپتوٗ ماموٗتاخوٗن.

— مەن سېنى تاغنىڭ بېشىنى چوٗشوٗر دېمىدىم، ئوٗقوٗۋاتامسەن، تاغدىن ئوٗتوٗن ئەكەل دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتوٗ باي.

— باي ئاكا، تازىموٗ دۆت ئىكەنلا، تاغقا بېرىپ ئوٗتوٗن كەسلەش تاغنىڭ بېشىنى چوٗشوٗرگەنلىك ئەمەسموٗ؟ — دەپتوٗ ماموٗتاخوٗن.

باي گەپ قىلالماي قاپتوٗ. شوٗنداق قىلىپ، ماموٗتاخوٗن

باينىڭ ئىشىنى يەپ، قاچىسىنى بىكارلاپ، باينىڭ جىنىنىغا تېگىپتۇ. ئەتىياز كېلىپ، تېرىلغۇ مەزگىلى بوپتۇ. باي:

— ھەي چاكار، ماڭ، يەرلەرنى ھەيدە، بۇ ئىشنىڭغۇ قىلارسەن؟ — دەپتۇ ماموتاخۇنغا.

— ۋاي باي ئاكا، نېمە دەۋاتىلا؟ مەن: «بىر ماڭغان يولۇمدىن ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن» دېمىدىممۇ؟ — دەپتۇ ماموتاخۇن كۇلۇپ تۇرۇپ. باي ئۇنى دېسە، ئۇ بۇنى دەپ، بايغا زادىلا گەپ بەرمەپتۇ. باي ئۇنى دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپىراي دېسە، دەۋادا ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ، ئوسال بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۇدەك بوپتۇ.

ئەتىياز كېتىپ ياز كەپتۇ. ئورما ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. باي ماموتاخۇننى ئورما ئورۇشقا بۇيرۇپتۇ.

— ۋاي باي ئاكا، ۋەدىلىرىگە زادىلا ۋاپا قىلمايدىكەنلا، مەن: «نۇرغۇن بەللەرنى كېسەلمەيمەن» دېمىگەنمىدىم؟ ئىشەنمىسىلە، تىلخەت



نى كۆرۈپ باقسىلا، — دەپتۇ مامۇتاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئاچچىقىدا يىرىلغۇدەك بولۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مامۇتاخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئالدىرىمىسىلا، مەن بۇ ئۆيدە بىر يىلدەك ئىشلىدىم، ئىش ھەققىمنى بەرمەملا؟ — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن باي ئالىتە ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناق بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. چاكار ئۆيگە بېرىپ تىلخەت بىلەن ئۆز كۆرىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ كورە ئىنتايىن يوغان بولۇپ، يىگىرمە ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىكەن.

— نېمە ئۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.

— ئاستا گەپ قىلسىلا، — دەپتۇ مامۇتاخۇن، — سىلى ماۋۇ تىلخەتنى ئوقۇپ باقسىلا. بىز دەسلەپ قىلىشقان بۇ توختامدا نېمە دېيىشكەندۇق؟

— سېنىڭ بۇ كورەڭنى مەن ئۇ چاغدا كۆرمىگەن تۇرسام، — دەپتۇ باي.

— شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن كۆرۈپ باقمىغان؟ — دەپتۇ مامۇتاخۇن. بۇ تالاش - تارتىشتا ئۇ ئاخىر يېڭىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يوغان كورىدە ئۆلچەپ تارتىپ ئون چارەك بۇغداي، ئون بەش چارەك قوناقنى ئاپتۇ. باينىڭ ئاشلىقى مامۇتاخۇننىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران چىقىش قىپتۇ. باينىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇرۇپتۇ. ئاچ كۆز باي دەرد - ئەلەمگە چىدىماي بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ. مامۇتاخۇن شۇ يۇرتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ ۋە بايدىن ئالغان ئاشلىقنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ.

# پادىشاھنىڭ كەنجى قىزى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۈچ قىزىنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ چوڭ قىزىدىن.

— سىز ناۋاتتەك تاتلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ قىزى پادىشاھقا. پادىشاھ يەنە ئوتتۇرانچى قىزىدىن:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز قەنتتەك تاتلىق، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى قىزى پادىشاھقا. پادىشاھ كەنجى قىزىدىن:

— مەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز تۇزدەك، — دەپتۇ كەنجى قىزى پادىشاھقا.

پادىشاھ ئۈچ قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چوڭ قىزى بىلەن ئوتتۇرانچى قىزىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ناھايىتى خۇش بوپتۇ، ئۇلارغا ئىنئام بېرىپتۇ، كەنجى قىزىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئاچچىقى كېلىپ: «ئۇنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، چەت يېزىغا ئاپىرىپ پۇت - قولى تۇتماس بىرىگە چېتىپ قويۇڭلار» دەپتۇ لەشكەرلىرىگە.

پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى دادىسى بىلەن ئوردىدا باياشات

تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ. كەنجى قىزى پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىـ.
چە چەت بىر يېزىدا پۇت - قولى تۇتماس بىر يىگىت بىلەن
مەجبۇرىي بىر ئۆيدە ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپتۇ. كەنجى
قىز ئامالسىز مەھەللىدىكى قوشنىلىرىنىڭ كىرلىرىنى يۇيىـ.
دىغان، نان ياقىدىغان، بالا باقىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇر.
مۇشلىرىنى قامداپتۇ. بىر كۈنى قىز: «ئازراق پۇل يىغقانـ.
دىم، سىزنى تېۋىپقا كۆرسىتەي» دەپ يىگىتكە مەسلىھەت
قىپتۇ. يىگىت ئۇنىماپتۇ. قىز يىگىتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىـ.
ماي، ئۇنى يۇدۇپ تېۋىپقا كۆرسەتكىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولـ.
نىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، قىز ھېرىپ قېلىپ بىر كۆل بويىدا
دەم ئاپتۇ.

— سىز مېنى كۆتۈرۈپ جاپا چەكتىڭىز، مەن مۇشۇ كۆل
بويىدا ئولتۇرۇپ تۇراي، تېۋىپقا سىزلا بېرىپ دورىنى ئەكىپ.
لىڭ، — دەپتۇ يىگىت قىزغا.

قىز دورا ئېلىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. يىگىت كۆل بويىدا
ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت بىر ئاش پىشىم ساقلاپتۇ، قىز كەلمەپـ.
تۇ. بىر ۋاقىتتا كۆل بويىدا ياۋا ئۆردەكلەر پەيدا بوپتۇ.
ئۇلار كۆلگە چۈشۈپ چىقىسىلا، رەڭگى ئۆزگىرىپ چىقىدىكەن،
تۇرۇپ ئاق، تۇرۇپ قارا، تۇرۇپ ئالا بولىدىكەن. بۇنى كۆرگەن
يىگىت ھەيران قېلىپ، بۇ قانداق سىردۇ؟ مەنمۇ بىر چۈشۈپ
چىقىپ ئۆزگىرىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن
ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپتۇ، بىر چۆكۈپلا يەتتە ئەزايى ساق بىر
يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ، شۇ
ھالەتتە ئولتۇرسا، قىز بىرمۇنچە دورىلارنى ئېلىپ كەپتۇ.
قىز يىگىتنى تونۇيالماي:

— بۇ يەردىكى ئاغرىق بىر يىگىتنى كۆردىڭىزمۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— مەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت قىزغا.

قىز ئىشەنمەپتۇ، يىگىت قىزغا بولغان ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى تاغدا ئوتۇن تېرىۋېتىپ بىر ئۆلۈك يىلان ئۇچراپتۇ، يىگىت لازىم بولۇپ قالار دەپ ئۆيىگە ئالغاچ كېلىپ ئۆگزىگە تاشلاپ قويۇپتۇ. شۇ يىلى چوڭ قىيان كېلىپ نۇرغۇن جايلار، شەھەرلەر ئاپەتكە ئۇچراپتۇ. ئادەمزات بارمايدىغان يەرلەردىن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر قاغا قىيان ئېلىپ كەلگەن بىر تىزىق مەرۋايىتنى پارقىرىغان رەڭگىگە قاراپ يىلان ئوخشايدۇ، دەپ يەردىن چوقۇپ ئېلىپ ئۇۋىسى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى ئوتۇنچىلارنىڭ ئۆگزىسىدە بىر ئۆلۈك يىلان تۇرغۇدەك. قاغا ئۇنىمۇ چوقۇپ ئالىمەن دەپ ئاغزىدىكى بىر تىزىق مەرۋايىتنى ئۆگزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ يىلاننى چىشلەپتۇ - دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى كەنجى قىز ئۆگزىگە ئوتۇن ئالغىلى چىقسا، بىر تىزىق مەرۋايىت تۇرغۇدەك. ئۇنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئېرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، كۈنىگە بەشتىن بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلغا بىر جاي سېلىپ، ئۆزلىرى يەر ئېچىپ، مال بېقىپ باي ئائىلىگە ئايلىنىپتۇ. كەنجى قىز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، ئېرىنى ئاتا - ئانىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. يىگىت بىر بېرىپتۇ، ئۇلار كەلمەپتۇ، ئىككى بېرىپتۇ، كەلمەپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم: «پادىشاھئالەم، مەن سىلەرنى بىر مېھمان قىلىۋېلىش ئۈچۈن چاقىرغىلى ئۈچ قېتىم كەلدىم، بارمىسىلا، زادىلا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزىنى ئېلىپ كەنجى قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. كەنجى قىز

ئۇلارنى ئېسىل ئۆيلەردە ياتقۇزۇپتۇ، ئەتىسى چوڭ زىياپەت تەييارلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مېۋىلەرنى، ھەر خىل تاماقلارنى كەلتۈرۈپتۇ. كەنجى قىز ئاشخانىدىكى ئاشپەز ئۇستىلارغا ھەرقانداق تاماق ۋە گۆشلەرگە تۇز ئىشلەتمەيسىلەر دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئۆي ئىگىلىرىنى تونۇيالماي ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ قايسىلا تاماقنى يېسە تۇزسىز، بەتتەم تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقماقچى بولۇپ قىزنى چاقىرتىپ:

— بىزنى مېھمان قىلغانلىقىڭلارغا رەھمەت. لېكىن، نېمە ئۈچۈن تاماقلارغا تۇز سالمايسىلەر؟ بۇ سەۋەنلىك كىمدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تۇزنىڭ رولىنى ۋە قىممىتىنى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن مەن تۇزدىن يىرگىنىپ كەتكەنىدىم، شۇڭلاشقا ئائىلە خىزمەتچىلىرىمىز تۇزنى ئىشلەتمىگەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ قىز پادىشاھقا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ مېھمان قىلغان قىز ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ باغرىغا بېسىپتۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بوپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ، كەنجى قىزىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىپ، كۈيئوغلىنى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ.



# بېگىنىڭ تايغىنى

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، زامان زورنىڭ، تاماشا كور-نىڭ ۋاقتىدا قەييۇم پالۋان ئاتلىق بىر ئوۋچى ئۆتكەننىكەن. ئۇ ئوقيا ۋە شىكارغا ئۆگىتىلگەن بىر تايغىنى بىلەن ئوۋچىلىق قىلىپ، تۇرمۇشتا قىسىلماي، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەي ياشايدىكەن. شۇ يۇرتنىڭ بىر بېگى بولۇپ، تولىمۇ ئاچ كۆز، يەنە كېلىپ تولىمۇ زومىگەر ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە يېقىپ قالغان قانداقلا نەرسە بولسا، كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئامال قىلىپ تارتىۋالىدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ئۈيۈر - ئۈيۈر يىلقىلىرى، سانسىزلىغان قوي، كالىلىرى، ئۆيىدە نەچچە ئونلىغان خوتۇن - دېدەكلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بار ئىكەن. بۇ بەگ شىكارغا ئامراق بولۇپ، پات - پاتلا خىزمەتكارلىرى بىلەن تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىدىكەن ۋە كۆپ ھاللاردا قەييۇم پالۋان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدىكەن. قەييۇم پالۋان ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىكەن. ئېتىۋالغان توشقان، تۈلكە، جەرەنلەرنى تايغىنى قەييۇم پالۋاننىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ كېلىدىكەن. بەگ قەييۇم پالۋان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان كۈنلىرى ھېچنېمە ئوۋلىيالمايدىكەن. نەتىجىدە، قەييۇم پالۋان ئېتىۋالغان ئوۋلىرىدىن بەگكە ھەدىيە قىلسا بەگنىڭ ئىززەت -

نەپسگە تېگىپ، ئۇنى تولىمۇ خاپا قىلىدىكەن. بەگ بولسا، ئۆزىنىڭ بىر يۇرت بېگى تۇرۇقلۇق بىر يالاڭ تۆش بىلەن يالغۇز تايغانغا ئۆزىنىڭ ئولجىسىنى تارتقۇزۇپ قويغىنىدىن تولىمۇ نومۇس قىلىدىكەن. بەگ شۇ قورساق كۆپۈكىدە ئۆزىنىڭ بىرقانچە تايغىنىنى قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىغا سېلىپ تالاتماقچى بولسىمۇ، ئەمما بەگنىڭ تايغانلىرى قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىنىڭ يېنىغا كېلە ـ كەلمەيلا قۇيرۇقىنى قىسىپ غىڭشىپ كېتىپ قالىدىكەن. بۇ ئىش بەگنى تېخىمۇ ئوسال هالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. نومۇسقا چىدىمىغان بەگ قەييۇم پالۋاننىڭ تايغىنىنى قولغا چۈشۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ.

بىر كۈنى بەگ قەييۇم پالۋاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ هېلىقى تايغىنىنى ئۆزىگە بېرىشنى، بۇنىڭ بەدىلىگە ياراملىق بىر ئات بىلەن ئۆزىنىڭ تايغانلىرىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. قەييۇم پالۋان ئۆزىنىڭ بۇ سادىق هەمراهىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىسىمۇ، ئەمما بەگنىڭ بەربىر تارتىۋالىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆچىنى ئېلىشقا نىيەت قىپتۇ ـ دە، بەگكە ئۆزىنىڭ تايغىنىنى بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بەگ شۇ يەردىلا مۇلازىملىرىدىن بىرىنىڭ ئېتىنى قەييۇم پالۋانغا تۇتقۇزۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ تايغانلىرىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. قەييۇم پالۋان بەگكە قاراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر. يەنە پېقىرنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىنى يەردە قويماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، خوش، سۆزلە، — دەپتۇ بەگ قەييۇم پالۋانغا قاراپ.

— ماڭا ئاۋۇ تايغانلىرىنى بەرسىلە، — دەپتۇ ئۇ ئەڭ ئورۇق ۋە كۆرۈمسىز بىر تايغاننى كۆرسىتىپ، — بۇ تايغاننى شىكارغا ئۆگىتىۋالغۇچە، ئۆزۈمنىڭ تايغىنىنى بىر ئاي مۆھ-لەت بىلەن ئۆزۈمگە قالدۇرغان بولسىلا، — دەپتۇ. بەگ بولسا قەييۇم پالۋاننىڭ ئەڭ رەزگى بىر تايغاننى تۇتقىنىغا ئىچىدە خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ «كالتە پەم» لىكىدىن كۈلۈپتۇ، شۇنداق-تىمۇ:

— بوپتۇ ئەمىسە، لېكىن بىر ئايدىن بىر كۈنمۇ ئۆت-كۈزمەيمەن، — دەپتۇ ھەمدە تايغىنىنى ئوبدان بېقىشنى تاپ-شۇرۇپتۇ ـ دە، خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

قەييۇم پالۋان ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى تايغاننى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بېقىپتۇ ۋە ئۆگىتىشكە كىرىشىپ-تۇ، يەنى بەگدىن ئالغان ھېلىقى كۆرۈمسىز تايغاننى كۆڭۈل قويۇپ شىكارغا ياراملىق قىلىپ ئۆگىتىپتۇ، بەگكە بېرىشكە



تېگىشلىك تايغاننى بولسا مايلىق يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىپ، بەگنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش سەمرىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىكارغا ئاچىقىپ ئەمدىلا ئولجىغا تاشلىنىپ دېگەندە چاقىرىپ، قۇلىپ مايلىق گۆشلەرنى يېگۈزۈپتۇ. بىر ئاي توشۇشقا بىرنەچچە كۈن قالغاندا بۇ تايغان شۇنداق ئۆگىنىپتۇكى، ئولجىغا يېتەي دېگەندە خۇددى تەرەت قىلىدىغاندەك زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىغان ھالغا كەپتۇ. بىر ئاي توشقاندا بەگ ھېلىقى تايغاننى ئالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋۋالقىدىنمۇ سېمىز ۋە يوغىناپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپتۇ ھەمدە ئۇنى شىكارغا سىنىلىشقا ئالدىراپتۇ. بىر كۈنى بەگ ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن يەنە شىكارغا جابدۇنۇپتۇ. بۇ كۈنى قەييۇم پالۋانمۇ ھېلىقى كۆرۈمسىز تايغىنى بىلەن شىكارغا چىقىپ بەگ بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. بەگ قەييۇم پالۋاننىڭ ھېلىقى ئىسكەتى يوق تايغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، بۇ قېتىم پالۋاننىڭ چوقۇم قۇرۇق قول قايتىدىغانلىقىنى جەزم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن: «ھايت - ھۇيت» دېيىشىپ، قىقاس - چۇقانلار بىلەن تايغانلارنى ئىشقا سېلىپ جەرەن - توشقانلارنى قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. شۇ ئارىدا قەييۇم پالۋاننىڭ ھېلىقى تايغىنى ھە - ھۇ دېگۈچىلا ئۈچ - تۆت توشقان بىلەن بىر جەرەننى ئاپتۇ. ئەمما، بېگىمنىڭ تايغىنى بولسا بىرەر چاقىرىم يول يۈرە - يۈرمەيلا تىللىرى ساڭگىلاپ يۈگۈرۈشتىن قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قېتىم توشقانغا يېتەي دېگەندە بەگكە قاراپ زوڭ ئولتۇرۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ بۇ قېتىممۇ ئۇسال ئەھۋالدا قاپتۇ. قەييۇم پالۋان بولسا بەگدىن ئۈچىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن: «بېگىمنىڭ تايغىنى توشقانغا يەتكەندە تەرەتى قىستاپتۇ» دېگەن ماقال ئەل ئىچىگە تارىلىپ، تا بىزگىچە كەلگەنىكەن.

# توغراھوكۇم

زامانىنىڭ زامانىسىدا، جاڭگالنىڭ دالدىسىدا بىر كەمبەغەل كۆن كەچۈرگەنىكەن. كۆنلەردىن بىر كۆنى بۇ ئادەم كەمبەغەللىك ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بېشىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر شەھەرگە يېقىن كېلىپ دەرياغا تاقىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۆتەي دېسە سۇ ئۆزۈشنى بىلمەيدىغانلىقى يادىغا كەپتۇ، كېتەي دېسە بېسىپ كەلگەن يولنىڭ يىراقلىقى يۈرىكىنى تىلىپتۇ، ئاخىر ئۈستۈن - تۆۋەن مېڭىپ بىر كېمىچىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مېنى كېمىڭىزگە سېلىپ ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز، — دەپ شەھەر تەرەپنى كورسىتىپ يېلىنىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كېمىچى:

— مەن خەقنى بىكارغا كېمەمگە سالمايمەن، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسام، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كەمبەغەل ئىچىدە، مېنىڭ ساڭا بەرگۈدەك بىرەرنەرسەم بولىدىغان بولسا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ۋە مېھرىبان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرلەرگە كەلمەس ئىدىم، دەپتۇ. لېكىن، شۇنچە يولنى پىيادە يۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە بۇ يەرگە كېلىپ، شەھەرگە كىرىپ

ھاياتنىڭ قىزىقىنى كۆرمەي كەتسەم قانداق بولار، دېگەن ئوي ئۇنى يېنىپ كېتىشكە قويماپتۇ. شۇڭا ئۇ، كېمىچىگە يەنە بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ باققانىكەن، كېمىچىنىڭ دىلى بىر - ئاز يۇمشاپ:

— بوپتۇ، ئۆتكۈزۈپ قويسام قوياي، ئەمما پۇتۇن كىراغا كۇچۇڭ يەتمىسە، يېرىم كىرا تۆلىگىن، — دەپتۇ.

— يېرىم كىرا قانچە؟

— ئىككى تەڭگە.

— بوپتۇ، دېگىنىڭىز بولسۇن.

— ئەمىسە پۇلنى چىقار ! — دەپتۇ كېمىچى كەمبەغەل - نىڭ پۇلى بار - يوقلۇقىنى سىنىماقچى بولۇپ.

— ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن ئالىسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەمبەغەل.

كېمىچى كەمبەغەلدىن ئىككى تەڭگە پۇلنى ئۇندۇرۇۋې - لىشقا كۆزى يەتمەي، گۇمان بىلەن:

— ئەگەر ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلۇمنى بېرەلمە - سەڭ، قانداق قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ كەمبەغەل مەردانىلىك بىلەن، — ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلىڭىزنى بېرەلمىسەم، ئىككى يوتامدىن ئىككى سەردىن تۆت سەر گۆشۈمنى كېسىۋېلىڭ !

كېمىچى كەمبەغەلنىڭ بۇ گېپىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇنى كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇ قاتقا ئۆتۈپتۇ. كېمىچى كېمىنى باغلاپ بولغۇچە، كەمبەغەل شەھەرگە قاراپ قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كېمىچى قولىغا يوغان پىچاقنى ئېلىپ، كەمبەغەلنىڭ ئىككى يوتىسىدىن تۆت سەر گۆشىنى كېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ - نىڭ ئىزىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بىچارە كەمبەغەل جان ھە - لەكچىلىكىدە قېلىپ، ھارغىنىغا قارىماي كېتىۋاتسا، ئارقى -

سىدىن بىر ئادەم:

— ۋاي، مېنىڭ تۆگەمنى توسۇۋەتكىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر تۆگە قېچىپ كېلىۋاتقۇدەك. بىچارە كەمبەغەل يەرگە ئېڭىشىپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ تۆگىگە قارىتىپ ئاتقانىكەن، تۆگە پىرقىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. كەمبەغەل تۆگىنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز، كېيىن قورقۇپ قېچىۋېرىپتۇ.

تۆگىچى كېلىپ قارىسا، تۆگىسىنىڭ ئوڭ كۆزىگە كەمبەغەل ئاتقان تاش تېگىپ، كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن تۆگىچى: «مەن ساڭا تۆگەمنى توسۇۋەت دېسەم، سەن كۆزىنى قۇيۇۋېتىپسەن، مەنمۇ سېنىڭ كۆزۈڭنى قۇيىمىسام» دەپ يەردىن كەمبەغەل ئاتقان تاشنى ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ.

كېيىنچىگە تۆگىچىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كۆرگەن كەمبەغەل ھوشىنى يوقاتقۇدەك بولۇپ قېچىپ بىر يەرگە كەپتىكەن، ئالدىنى بىر توغرا تام توسۇپتۇ. تامنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىچارە تامغا ئېسىلىپ - يامىشىپ چىقىپ، ئۇ تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. تامنىڭ كەمبەغەل يامىشىپ چىقىپ ئۆزىنى تاشلىغان يېرىدە ئۈچ يىلدىن بېرى كېسىلىدىن ساقىيالماي ياتقان بىر بوۋاي بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. كەمبەغەل نەق بوۋاينىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، يېرىم جان بولۇپ قالغان بوۋاي كەمبەغەلنى كۆتۈرەلمەي جان ئۈزۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغلى ئاتىسىنى بېسىپ ئۆلتۈرگەن كەمبەغەلنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

ئۆزىنى ئۈچ كىشى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كەمبەغەل تۈپتوغرا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۈچ

دەۋاگەرمۇ كەمبەغەللىنىڭ ئارقىسىدىن چىشلىرىنى بىلەپ ئورىدىغا كىرىپتۇ.

بىر ئادەمنى ئۈچ ئادەمنىڭ قوغلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ياساۋۇللىرىغا، ئاۋۋال قېچىپ كەلگۈچى بىلەن قوغلاپ كەلگۈچىنىڭ



قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئالدىغا ئەكىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار شاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئوردىغا ئەكىرگەنىكەن، شاھ ئالدى بىلەن كېمىچىدىن:

— سېنىڭ بۇنىڭدا نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ، — دەپتۇ كېمىچى، — بۇنىڭدا ئالىدىغان ئۆچۈم يوق، ئەمما كېمىگە سېلىپ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئالىدى-

غان ئىككى تەڭگە پۇلۇم بار ئىدى، ئۇ پۇلنى تۆلىمەي قاچ-تى. مەن ئۆز ۋەدىسى بويىچە شۇ ئىككى تەڭگە پۇل ئۈچۈن ئىككى يوتىسىدىن تۆت سەر گۆشنى كېسىۋېلىشقا قوغلىغانىدىم.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ شاھ تۆگىچىگە قاراپ، — سېنىڭمۇ ئېلىشىڭ بارمىدى؟

— يوقسۇ، شاھىئالەم، — دەپتۇ تۆگىچى، — مېنىڭ بۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلۇممۇ، گۆشۇممۇ يوق. مەن ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلماقچىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مېنىڭ تۆگەم قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قاچقانىدى، كەينىدىن قوغلىسام، كەمبەغەلنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. مەن ھارغانىدىم، يەنە قوغلاشقا كۆزۈم يەتمەي: «ھەي بۇرادەر، تۆگىنى توسۇۋەتكىن!» دېسەم، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ ئېتىۋىدى، ئۇ تاش تۆگەمنىڭ ئوڭ كۆزىگە تېگىپ، كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. ئەمدى مەن شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويماقچىمەن.

— سېنىڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ توقماق تۇتۇپ تۇرغان بوۋاينىڭ بالىسىغا قاراپ.

— مېنىڭ دادام ئۈچ يىلدىن بېرى ئاغرىق ئىدى، ھەر كۈنى تام تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپ ئاپتاپسىندۇراتتىم. بۈگۈنمۇ شۇ ئادىتىم بويىچە دادامنى تام تۈۋىگە ئېلىپ بارغانىدىم. بۇ ئادەم تامدىن ئۆزىنى دادامنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بېسىپ ئۆل-تۈرۈپ قويدى. مەن ھوشۇمنى يىغىپ، ئۇنى تۇتۇپ بولغۇچە، ئۇ قوپۇپ قاچتى. مەن دادامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنى قوغلىدىم.

— بۇ قانداق ئىش؟ بۇلارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭگە قويغان ئەيىبلىرى توغرىمۇ؟ — دەپ كەمبەغەلدىن سوراپتۇ شاھ.

— توغرا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەمبەغەل، كېيىن بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئىلاجسىزلىقىنى ئىزاھلاپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:
— مەن بۇ شەھەرگە جان بېقىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم. ئىككى تەڭگە پۇلۇم بولسا، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلماس ئىدىم، ئەمما كېمىچى مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمىدى. مەن بۇ شەھەرگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن كېمىچىنى ئالدىدىم ۋە كېمىدىن چۈشۈپلا قاچتىم، قالغان ۋەقە باياتىن ئۆزلىرى ئاڭلىغاندەك. ئەمما، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزلۈكۈمدىن قىلغىنىم يوق.
شاھ كەمبەغەلنىڭ توغرا سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالانى دەپنە قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، تۆگىچىگە قاراپ:
— سەن ئۇنىڭ كۆزىنى جەزمەن ئويامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— جەزمەن دېگىنىمنى قىلىمەن، شاھىم! — دەپتۇ تۆگىچى.
— خوپ، — دەپتۇ شاھ، — ئۇنداق بولسا، مەن سەن ئۇقمايدىغان بىر يولغا قولۇڭدىكى تاشنى قويۇپ قويىمەن. سەن قاچىسەن، سېنىڭ ئارقاڭدىن كەمبەغەل يۈگۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پىچاق ئېلىپ قوغلايدۇ. سەن قاچانكى مەن قويغان يەردىن تاشنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ كۆزىگە ئېتىپ قۇيۇۋەتسەڭ، مېنىڭ ساڭا گېپىم يوق. ئەگەر ئاتقان تېشىڭ كەمبەغەلنىڭ باشقا يېرىگە تېگىپ مېيىپ قىلسا، شۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن مەندىن رەنجىمە.
تۆگىچى نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ، ئەمما بۇ ئىشنى شاھنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋادىن ۋاز كېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.
شاھ بوۋاينىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— ھە، سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلسەن؟ — دەپتىكەن، بوۋاينىڭ ئوغلى:

— بۇ مېنىڭ دادامنى ئۆلتۈردى، مەنمۇ بۇنى ئۆلتۈرد-مەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇ بىچارىنى سەن ئۇقمايدىغان بىر تامنىڭ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويىمەن. سەن قاچسەن، سېنىڭ ئارقاڭدىن ئىككى ئادەم قوغلايدۇ. قوغلىغانلارنىڭ بىرى سېنى تۇتۇۋالسا، ئىككى يوتاڭدىن ئىككى سەردىن تۆت سەر گۆشۈڭ-نى شىلىۋالىدۇ، يەنە بىرى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئوڭ كۆزۈڭنى قارىغۇ قىلىدۇ. ئەمما، سەن بۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈ-چۈن كۈچۈڭنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ تۈۋىگە كېلىسەن - دە، ئۆزۈڭنى تامدىن ئۆرتىلدۈرۈپ كەمبە-غەلنىڭ ئۈستىگە تاشلايسەن، شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل ئۆلىدۇ. ئەگەر سەن كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ نەدىلىكىنى تاپالمىساڭ ياكى تاپساڭمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭنى تاشلاپ، سالمىقىڭ بى-لەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمىسەڭ، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە!

بوۋاينىڭ ئوغلى شاھنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ خۇنىدىن كېچىپتۇ.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ شاھ كېمىچىگە قاراپ.

— ئەگەر ماڭا ئىككى تەڭگە پۇلۇمنىلا بېرەلىسە، مەن ئۇنىڭ تۆت سەر گۆشىدىن ئاللىقاچان كېچەتتىم، — دەپتۇ كېمىچى.

شاھ كېمىچىنىڭ ئەجرىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېنىدىن بىر تىللا ئېلىپ كېمىچىگە بېرىپتۇ. كېمىچى كەمبەغەل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، شاھقا دۇئا قىلىپ يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھمۇ كەمبەغەلنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا يەتكۈدەك ئىنئام بېرىپ يولغا سېپتۇ.

# گومۇش شاھزادە بىلەن چىچەن قىز

بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى گومۇش ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ، قايتىشىدا بوران چىقىپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن بىر قامغاقنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— بالام، بېرىپ قامغاقتىن: «ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ كەلگىن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوغلى قامغاقنىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كېتىپتۇ، قامغاققا يېتىشىپ:

— ئەي قامغاق، ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

قامغاق جاۋاب بەرمەستىن موللاق ئېتىپ كېتىۋېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ قوغلاۋېرىپتۇ، قوغلا - قوغلا، بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

دېھقاننىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئۆگزىدىن ئېشەككە بېدە تاشلاۋاتسا، چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان قامغاقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگۈدەك.

قىز يىگىتنىڭ قىلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— ھەي يىگىت، قامغاقنىڭ كەينىدىن نېمە دەپ كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادام قامغاقتىن: «ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تورۇشۇڭ قەيەر؟» دەپ سوراپ كەلگىن، دېگەنىدى، قامغاق ئېيتىپ بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ شاھزادە. قىز چوپچوك يىگىتنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ زاخلىق قىلىپ:

— ھەي ئەخمەق، بېرىپ داداڭغا ئېيتقىن، قامغاقنىڭ ئۇچۇشى شامال، تورۇشى ئازگال، — دەپتۇ. شاھزادە قىزغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، شەھەرگە قايتىپتۇ.

— قامغاق نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— «ئۇچۇشۇم شامال، تورۇشۇم ئازگال» دەپ جاۋاب بەردى، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇنى ساڭا كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— قامغاق، — دەپتۇ شاھزادە.

— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ پادىشاھ ئاچچىقى كېلىپ، — قامغاقمۇ گەپ قىلامدىكەن؟ !

شاھزادە ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كۆرۈپ، بىر دېھقاننىڭ قىزى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دەپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا:

— مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ ۋە ساراي ئەمەلدارىغا بىر بوقىنى يېتىلىتىپ، ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قىزنىڭ دادىسى پادىشاھنى توققۇز تەزىم قىلىپ قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلاپتۇ.

— ساڭا بىر بوقا ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ پادىشاھ بوۋايغا، — بوقىنى قىرىق كۈندە تۇغدۇرۇپ موزىيى بىلەن بېرىسەن، ئەگەر بوقىنى تۇغدۇرالمىساڭ، سېنى جازالايمەن.

— قۇدرەتلىك شاھىم، بوقىنى قانداق تۇغدۇرىمەن؟ ماڭا رەھىم قىلىڭ، — دەپ يېلىنىپتۇ بوۋاي. پادىشاھ بوۋاينىڭ يېلىنىشىغىمۇ قارىماي، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، بولىدۇ، شاھئالەم، بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغايمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ قايتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي قىزى بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ.

— ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق دەپ، يوق بالانى تاپتىڭ، قىزىم، بوقىمۇ تۇغامدۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— قىلچە غەم قىلماڭ، دادا، — دەپتۇ قىز، — بۇ بىزگە كەلگەن رىزىق، ھازىرلا چىقىپ بوقىنى سويۇڭ، قىشچە سوقۇم قىلىپ يەيمىز.

بوۋاي:

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ — دەپتۇ قىزىغا جان - پېنى چىقىپ، — بوقا ئۆچۈن پادىشاھقا نېمە بىلەن جاۋاب قىلىسەن؟ قاراپ تۇرۇپ مېنى بالاغا قويماقچىمۇسەن؟

— ئورۇنسىز خاپا بولىدىكەنسىز، دادا. بوقىنى سويۇڭ دېگەندىكىن سويۇڭ، ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

ئۇ دېمەك، بۇ دېمەك بىلەن بوۋاي بوقىنى سويۇپتۇ، گۆشىنى تۇزلاپ سوقۇم قىلىۋاپتۇ. قىرىق بىر كۈن بولغاندا قىز بوۋاينى چۆمكەپ ياتقۇزۇپ، ئىشىك ئالدىغا كۆشۈكنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ پادىشاھنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا پادىشاھ نۇرغۇن ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— ئەسسالام، — دەپ ئىگىلىپ سالام بېرىپتۇ قىز. پادىشاھ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كۆشۈكنى كۆرۈپ، قىزدىن سوراپتۇ:

— بىركىمنىڭ كۆزى يورۇپ قالدىمۇ؟

— ھە، ئۆيدە تۇغۇتلۇق بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز كۆشۈكنى تېپىۋېتىپ، — قېنى كىرىۋېرىڭلار.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ.

— قىزىم، كىمنىڭ كۆزى يورۇپ قالدى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— تۈنۈگۈن كېچە دادامنىڭ كۆزى يورۇپ قالدى، كۆرسىلە، — دەپتۇ قىز. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ھوي قىزىم، ئەر كىشىمۇ تۇغامدىكەن؟ — دەپتۇ.

— ۋاي پادىشاھئالەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز، — سىلى پۇقرالارغا: «بۇقىنى تۇغدۇرۇڭلار» دېگەندىن كېيىن ئەرلەر تۇغىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

كىچىككىنە قىزدىن گەپتە يېڭىلىپ قالغان پادىشاھ قاتتىق ئويلىنىپتۇ. ئۇ بۇ قىزنىڭ زېرەكلىكىگە قول قويۇپ، مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە لايىق ئىكەن، ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم، مېنىڭدىن كېيىن قالسىمۇ تەختنى قولدىن بەرمەي، ئوغلۇمغا ئىش ئۆگىتىدىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ۋەزىرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. قىز بىلەن بوۋاي رازى بوپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى چوڭ توي - تاماشا قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

# باغۋەن بوۋاي

بۇرۇن بۇرۇنىسىدا بىر دېھقان بولغانىكەن، كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنماي ئىشلەپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈك-چەيگەن، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ھېلىقى دېھقان بىر پارچە يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ: «ھاماقەت» دەپتۇ ـ دە، ئېتىنى توخ-تىتىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

ــ ھەي قېرى، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قاپتۇ، بەربىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىينىغۇچە، ئارام ئالساڭ بولماسمى-دى؟ ــ دەپتۇ. بوۋاي پادىشاھقا:

ــ ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، مەڭگۈ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمۇ ئاز قالدى. سىلى دېگەندەك، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيمەن، ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ مېنى ئەسلىشەر، شۇ چاغدا دۇنيادا مې-نىڭ قىلغان جاپالىق ئەمگىكىممۇ، نامىممۇ مەندىن كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن قالار دەيمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ:

— بارىكاللا، قىرى، — دەپتۇ - دە، مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. باغۋەن بوۋاي پادىشاھ بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، يولغا قاراپ كۆلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۆلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— باشقا ئادەملەر كۆچەت قويۇپ تۆت - بەش يىلدىن كېيىن مېۋىسىگە ئاغزى تەگسە، مەن قويغان كۆچەتنىڭ مېۋىسىگە شۇ يىلىلا ئاغزىم تەگكەنلىكىگە كۆلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىگە قايىل بولۇپ، يەنە مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. بوۋاي يەنە كۆلۈپتۇ.

— يەنە نېمە دەپ كۆلۈۋاتىسەن، بوۋاي؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— نېمىشقا كۆلمەيمەن، پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۆلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقىپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. بوۋاي يەنە كۆلۈپ:

— يەر يۈزىدە بىر يولى ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان مېۋە تىككىنىمگە كۆلىمەن، — دەپتۇ.

# بارىكاللا

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. يازىچە قىلغان دېھقانچىلىقىدىن تاپقىنى يېمەك - ئىچمىكىگە، كىيىم - كېچىكىگە يەتمەيدىكەن. دېھقان بۇ ئېغىر تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئاخىر بىر پىكىرگە كەپتۇ. ئۇ قىش باشلىنىش بىلەن بىر ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ چىلگە تېرىپتۇ، چىلگىمۇ پىشىپتۇ. دېھقان چىلگىنىڭ باش - بۇرنىنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئاپىرىپتۇ.

پادىشاھ قىش پەسلىدە چىلگىنىڭ پىشىشىغا ئىشەنمەيرەك، دېھقاندىن:

— قىشتىمۇ چىلگە پىشۇرۇپسەن - ھە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، شۇنداق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

— بارىكاللا ! — دەپتۇ پادىشاھ ھەيرانلىقتا، كېيىن يەنە، — قىشتا چىلگە پىشۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان. پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە:

— بارىكاللا ! — دەپتۇ. پادىشاھ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مۇشۇ چىلگىنىڭ باش - بۇرنىنى پادىشاھ يېسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان. پادىشاھ يەنە بىر قېتىم:

— بارىكاللا ! — دەپتۇ. لېكىن، دېھقاننىڭ شۇنچە مېھنەت قىلىپ پىشۇرۇپ، ئەقىدە بىلەن ئېلىپ كەلگەن چىلگىسىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، دېھقانغا ھېچ نەرسە ئىنئام قىلماپتۇ.

دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر ئاشخانىدا: «پولۇ، مانتا» دەپ ۋارقىراپتۇ ئاشپەز. دېھقان ئويلىنىپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپتۇ، يىگىرمە مانتا بۇيرۇپتۇ ۋە مانتىنى يەپتۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، ئاشپەزنى چاقىرىپ:



— ئۇستام، مۇشۇ مانتا ئاشۇ قاسقاندا پىشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دېھقان:

— بارىكاللا! — دەپتۇ ۋە يەنە سوراپتۇ، — ئۇستام، مۇشۇ مانتىنى ئۆزلىرى ئەتتىلىمۇ؟

— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دېھقان يەنە:

— بارىكاللا! ناھايىتى ئوخشاپتۇ، بارىكاللا! — دەپ، مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەي ئاشخانىدىن چىقىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ئاشپەز تېرىكىپ:

— قانداق نېمىسەن؟! مانتا دېگەن پۇلغا كېلىدۇ، سېنىڭ قۇرۇق بارىكاللاڭغا بېرىدىغان مانتا يوق. ئەكەل پۇلنى! — دەپ دېھقاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. دېھقانمۇ بوش كەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپتۇ. ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ئاشپەز دەررۇ دېھقاننى سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ دېھقاندىن:

— نېمىشقا مانتىنى يەپ، پۇلىنى تۆلىمىدىڭ؟ — دەپ غەزەپلىنىپ سوراپتۇ. دېھقانمۇ ھودۇقماي:

— تەقسىر، بايا جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا قىشتا پىشۇرغان چىلگىنى سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگىنىمدە، جانابلىرى چىلگىنىڭ بەدىلىگە ئۈچ «بارىكاللا» بەرگەنىدىلە، بۇنىڭغا مانتا بولسىمۇ ئېلىپ يەي دەپ، بۇ ئۇستامدىن يىگىرمە مانتا ئالدىم. مانتا ھەققىگە «بارىكاللا»دىن ئۈچنى بەرسەم، جانابلىرى بەرگەن بارىكاللىنى يىگىرمە مانتىغا تەڭ قىلماي جېدەل چىقاردى. ئۆتكەن ئەھۋال مانا شۇ. بۇنى ئۆزلىرى تەھقىقلەپ بەرسىلە! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بەك ئوسال بوپتۇ ـ دە، دەررۇ ئاشپەزنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەپ، دېھقانغا ئايرىم ئىنئام بېرىپتۇ.

# ئەركەكمۇ، ئۇرغاچمۇ

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا ئىكەن. مانا شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپ، هال ـ ئوقىتى ناچار ئىكەن، يىغلاپ ـ قاقشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناھايىتى يوغان، رەڭگى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېلىقچى بېلىقنى پادىشاھقا تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھتىن جىقراق پۇل ئېلىش تەمەسى بىلەن ئۆلچىنى كۆتۈرۈپ شاھنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپتۇ ۋە بېلىقنى پادىشاھنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىق شاھقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ. شاھنىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنىڭ ئىچى تار بىر ۋەزىرى ماقۇل كۆرمەي:

— شاھىم، — دەپتۇ خۇشامەت بىلەن، — بىر بېلىققا مىڭ تىللادىن ئىنئام قىلىۋەرسىلە، ئاز كۈندە خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالامدۇ؟ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالسا، بىزنىڭ هالىمىز نېمە بولار؟

— مەن بەردىم، — دەپتۇ شاھ، — سېنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، قولۇڭدىن كەلسە قايتۇرۇۋالغىن.

— خوپ، شاھىم، بېلىقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەن-

دىن، بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىش سىلىدىن بولسۇن.

ۋەزىرنىڭ دىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، بېلىقچىنى ئوردا ئىدىشىكىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. رەڭگى ئۆڭگەن بېلىقچىنى ئۆز ئالدىدا كۆرگەن ۋەزىر پادىشاھقا خۇشامەت قىلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، بېلىقچىغا قاراپ:

— شاھىمىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. بېلىقىڭنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغانىدىم. قېنى، ئېيتىپ باققىنا، بېلىقىڭ قايسى جىنسقا كىرىدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئۆزىنى سۆزدە يېڭىلدۇرۇپ، بېلىقىم ئەركەك دېسە، ئۇرغاچىنى تېپىپ كەل، ئۇرغاچى دېسە، ئەركىكىنى تېپىپ كەل، ئاندىن مىڭ تىللانى ئېلىپ كەت، دەپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مىڭ تىللا ئىنئامنى قايتۇرۇۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بېلىقچى تەمكىن تۇرۇپ:

— تەقسىر، بۇ بېلىق ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇزلا تورغا چۈشكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چېچەنلىك بىلەن ۋەزىرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان بېلىقچىنىڭ سۆزىگە كۆڭلى سۆيۈنگەن شاھ بېلىقچىغا يەنە مىڭ تىللا ئىنئام بېرىپ يولغا سالىپتۇ.

# مەلىكە بەرنا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك شاھ ئۆتكەندە-كەن. شاھنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ئون تۆت كۈنلۈك ئايغا ئوخشاش چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. شاھ پەرزەنت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شادلىنىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۇ-يۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ - دە، قىزىغا «بەرنا» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. مەلىكە بەرنا ناھايىتى ئە-قىللىق ۋە زېرەك قىز بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. قىز ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، ئاتىسى ئۇنى ئوردا ئۇستازىغا ئوقۇشقا بې-رىپ، يىگىرمە يېشىغىچە ئوقۇتۇپتۇ. مەلىكە پۈتۈن ئىلىملەر-نى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپتۇ. قىزنىڭ داڭقى پۈتۈن جاھانغا تارقاپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە دانىشمەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىقى بىقارار بولغان شاھزادە، بەگزادىلەر ئارقا - ئارقىدىن شاھقا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپ-تۇ، لېكىن مەلىكە بەرنا نىكاھلىنىش ھەققىدىكى مەسلىھەت-لەرگە جاۋابەن:

— ئاتام مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسا، ماڭا لايىق بولغۇچى يىگىت ئاقىل ۋە دانا بولۇشى لازىم. ئەنە شۇنداق يىگىت بولسىلا، مەن ئاتامنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار، — دەپتۇ.

شاھ قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ. ئا-

رىدىن يەنە بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھ يورۇق دۇنىيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ... مەلىكە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ تەختكە چىقىپتۇ ۋە پۈتۈن يۇرتقا:
— مېنىڭ قىرىق بىر سوئالىم بار، كىمكى مېنىڭ سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بېرىپ مېنى قانائەتلەندۈرەلىسە، ئۇ مەيلى شاھزادە بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن، مەن ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىمەن، شاھلىقىمنى بېرىپ خىزمىتىنى قىلىمەن. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۆزىنى دار ئاستىدا كۆرىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ.
بۇ شەرتكە رازى بولغۇچىلار مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. بىراق، نى - نى مەشھۇر شاھزادىلەر ۋە بەگزادىلەر قىزنىڭ سوئالىغا تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. جاۋاب بېرەلمىگەن ھەربىر يىگىت دارغا ئېسىلغاندا، قىز ئۇلارغا تەنە قىلغاندەك:
— ھەركىم ئۆز ھالىنى بىلمىسە، بىھۇدە ھالاك بولىدۇ! — دېگەن سۆزنى بىر قېتىم تەكرارلاپ قويىدىكەن.
بۇ شەھەرنىڭ بىر يېزىسىدا ئوتتۇنچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان بىر بوۋاينىڭ ۋاھىد دېگەن ئوغلى بىر كۈنى مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىپتۇ.
— ئەي يىگىت، تالاي يىگىتلەر سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلمەي ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. ئۆز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، رايىڭدىن قايت! — دەپتۇ مەلىكە يىگىتنى قايتۇرماقچى بولۇپ.
— كىشى ئۆز بەختىنى ئۆلۈمدىن قورقماسلىق بىلەن تاپالايدۇ. سىزنىڭ مۇبارەك قولىڭىزدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن بەخت، — دەپتۇ ۋاھىد ئىككىلەنمەي.
— نەدىن كەلدىڭ؟

— ئاتا - ئانامنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ۋە رەھمىتىدىن كەلگەنلىكىم ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ؟

— نەگە بارسەن؟ تۇرار يېرىڭ قەيەردە؟

— ئاشىق ئۇچۇن يۇرتنىڭ يېتى يوق، ئەل ئوغلى ئۇچۇن ھەممە يەر ماكان، مەن سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يەتكىلى كەلدىم.

— ئىنسانىنىڭ ئالىي پەزىلىتى نىمىدە؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ئۆز بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۆز ئېلىگە، خەلقىگە، دوستىغا خىيانەت قىلماسلىقتا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— پۇتۇن دۇنياغا شاھلىق قىلغانلار بولغانمۇ؟

— بولغان، دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان جاھان شاھلىرىدىن سۇلايمان، ئىسكەندەر، نەمرۇت ۋە شەددات قاتارلىقلار ئۆتتى، بىراق ئىلىم - ھېكمەت جەھەتتە ياراتقان تۆھپىسى بولمىغاچقا، دۇنيادا ئۇلارنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى، خالاس.

— كىشىلەر قايسى ياخشىلىقتىن قاچىدۇ، قايسى يامانلىقنى سۆيىدۇ؟

— كىشىلەر قار - يامغۇردىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئارتۇق مال - دۇنيا، پىتنە - پاساتنى سۆيىدۇ. بۇ ئومۇمىي ئادەتتۇر. دەلىل شۇكى، سىزمۇ خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن خەزىنىڭىزنى سۆيىسىز...

— ئادەمنى پەسلەشتۈرىدىغان سۈپەت نىمە؟

— تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر.

— قانداق كىشى رەھىمدىل ۋە قانداق كىشى رەھىمسىز، پىخسىق بولىدۇ؟

— يوقسۇزلۇق، ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان كىشى رەھىمدىل، بايلار پىخسىق ۋە بېخىل كېلىدۇ.

— دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە نېمە؟

— ئالەم بوشلۇقى، شۇنداقلا پادىشاھلارنىڭ ئادالىتى، ئالىملارنىڭ ئىلمۇ ھېكمىتىدىن ئارتۇق كەڭلىك يوق.

— دۇنيادا سانسىز ۋە چەكسىز نەرسە نېمە؟

— جانلىق سانسىز، ئالەم چەكسىزدۇر.

— ھاياتلىقنىڭ ئەۋزەللىكى نېمىدە؟

— ئىلىم - مەرىپەت، ھالال مېھنەت، پاك مۇھەببەتتە.

— تويماس نەرسە ئۇچراتتىڭمۇ؟

— ئۇچراتتىم: كۆز قاراپ تويمايدۇ، مۇھەببەتلىك كىشىلەر بىر - بىرىگە، ئوت ئوتۇنغا، ئالىم ئىلىمگە، باي مالغا، ئادەم ئۆمۈرگە تويمايدۇ.

مەلىكە بەرنا كۆڭلىدە: «بەللى، ئەزىمەت» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ، لېكىن يەنىلا تەن بەرمەي، مەغرۇرلۇق بىلەن سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئادەم نېمىدىن خارلىنىدۇ؟

— ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم - مەرىپەتنى، ھۈنەرنى، ھالال ئەمگەكنى خورلىغۇچىلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى خارلىنىپ قېلىپ ۋەيران بولۇشى مۇقەررەردۇر.

— نېمىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ؟

— ساقلىقتىن ئاغرىق، ھاياتلىقتىن ماماتلىق، توقلۇقتىن ئاچلىق، خۇشاللىقتىن خاپىلىق مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

— خىزمەت قىلىشتىن يانماسلىق كىمگە مەنسۇپ؟

— بالا ئاتا - ئانا خىزمىتىدىن، مەرد ئەل خىزمىتىدىن، ئۆي ئىگىسى مېھمان خىزمىتىدىن يانمايدۇ.

— ئادەم نېمىدىن نومۇسقا قالىدۇ؟

— چاقىرمىغان يەرگە بېرىش، بوھتان قىلىش، دۈشمەندىن، بېخىلدىن ياردەم تىلەش ئادەمنى ئۆلۈمدىن ئارتۇقراق نومۇسقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.
— ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟
— غېرىبلىق، جۇدالىق، موھتاجلىق تەڭداشسىز ئېغىردۇر.
— ئۇستازى يوق ھۈنەرۋەن بارمۇ؟
— بار، مۇھەببەتلىك يۈرەك ئۇستازسىز ھۈنەرۋەن.
— نېمە بايلىق ھېسابلىنىدۇ؟
— سالامەتلىك ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشتىن ئارتۇق بايلىق يوق.
— ئادەمنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى قايسى؟
— ئەجىرسىز تويلانغان مال - دۇنيا ئەڭ يامان دۈشمەندۇر.
— مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا سازاۋەر بولۇشنى خالامسەن؟
— سىزنى خىيال قىلىش بىلەن خۇشالمەن.

ۋاھىدنىڭ جاۋابىدىن تولۇق قانائەتلەنگەن مەلىكە بەرنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋاھىدقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپ ئالتۇن تەختكە چىقىرىپتۇ - دە:

— سىزنىڭ ئەمرىڭىزدە بولۇشقا رازىمەن، — دەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ.

داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي چېلىنىپتۇ، زىلچە - گىلەملەر سېلىنىپتۇ، داش قازانلار ئېسىلىپتۇ، زىندانلاردىكىلەر ئازاد قىلىنىپ، مۇراسىمغا قېتىلىپتۇ، راۋاقلارنىڭ ئۈستىدىن تەڭگە - تىللا چېچىلىپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بوپتۇ. مەلىكە بەرناغا ئۆيلىنىۋالغان ۋاھىد ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، بەختلىك ياشاپتۇ.

# دانىشمەن ۋەزىر

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بولغانىكەن. ئۇ دائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ئەرز - ھالىغا يېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن سول قول ۋەزىر بىلەن ئەمەلدارلار بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى يوقىتىشنى قەستلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئۇنى زەھەر بېرىپ ئۇجۇقتۇرايلى، — دەپتۇ بىر ئەمەلدار.

— ياق، ئۇنداق قىلساق، پادىشاھ بىلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئەمەلدارلار.

— پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىمىز. پادىشاھقا: «سىزنىڭ دانىشمەن ئوڭ قول ۋەزىرىڭىزنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. سىز پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ئابرۇيلۇق پادىشاھ بولغاندىكىن، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرسىڭىز» دەيمىز. بۇ ئىشنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلالمايدۇ. ئاندىن ئۇنى پادىشاھ ئۆزى يوقىتىدۇ، — دەپ-

تۇ سول قول ۋەزىر. بۇ مەسلىھەتكە ھەممىسى ماقۇل بوپتۇ.

ئەتىسى سول قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ يالغۇز ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھېلىقى سۆزنى دەپتۇ. ئابروپەرەس پادىشاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنى قىچقىرىپ، ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇ مۈشكۈل ئىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت بېرىپتۇ، ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن تالىشىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ۋەزىر گەپ قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاخىر ئىلاجىنى تېپىپتۇ.

ئەتىسى ئوڭ قول ۋەزىر يىراق بىر جاڭگالغا بېرىپتۇ، ئادەم تىلىنى ئۆگەتسە ئۆگىنىدىغان قۇشنىڭ بالىسىدىن بىرنەچچىنى تۇتۇپ: «لاي - لاي، كېسەك - كېسەك» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىتىپتۇ، ئاندىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، — مەن ئاسمانغا تۈۋرۈكى يوق تەخت سالىدىغان ئۇستىلارنى تاپتىم. ئۇلار ئوردىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ: «لاي - لاي، كېسەك - كېسەك» دەيدۇ. سول قول ۋەزىر ئۇلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرسا، مەن ئۇستىلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەختنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي.

ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

قۇشلار ئوردىنىڭ ئۈستىدە چۆرگىلەپ ئۇچۇپ: «لاي - لاي، كېسەك - كېسەك» دەپ سايرىشىپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئادەملىرى لاي، كېسەكلەرنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ، يەتكۈزەلمىگەنسېرى بەكرەك ئېتىپتۇ، بىردەمدە ئوردىنىڭ ئىچى



لاي، كېسەك-
لەر بىلەن
تولۇپ كې-
تىپتۇ، ئىد-
شىك، دېرىد-
زە، تاملارنىڭ
رەسىۋاسى چى-
قىپتۇ. پادى-
شاھ تېرىكىپ
ۋارقىراپتۇ.

سول قول ۋەزىر قورققىنىدىن پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ، پادىشاھقا:

— ئۇستىلارغا لاي، كېسەك يەتكۈزۈپ بېرەلمەپتۇ، ئۇلار هازىر بىكار تۇرۇپ قالدى، — دەپتۇ.

غەزىپىگە بەس كېلەلمەي تۇرغان پادىشاھ سول قول ۋەزىرنى قىچقىرىپ:

— سەن نېمىشقا لاي، كېسەكنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇستىلار ئاسماندا تۇرسا، قانداق يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ بۇ ئىش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— شۇنچىلىك ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمىسە، ئاسمانغا تۇۋرۈكى يوق تەخت سېلىش مەسلىھەتىنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇنىڭغا كېلىدىغان ئۆلۈم ساڭا لازىم، — دەپ، پادىشاھ كۆرەلمەس سول قول ۋەزىرنى تۇسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ، كۆرەلمەس ئەمەلدارلارنى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئوردا تازىلاشقا قويۇپتۇ.

# ئەقىللىق ئادەم

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئوردىدىكى قىرىق بىر ۋەزىرىنى يىغىپ:

— سىلەر قەيەردىن بولمىسۇن، ئۈچار قۇشنىڭ يامىنىنى، دەرەخنىڭ ئۇسىلىنى، ئادەمنىڭ ئەسكىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر «ماقۇل» دېيىشىپ قايتىپ چىقىشىپتۇ. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، قىرغاۋۇل بىلەن تىكەننى يامانغا چىقىرىپتۇ ۋە جاڭگالدىن ئۇ نەرسىلەرنى تېپىپتۇ، ئەمدى ئەسكى ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئالدىغا ئۇچۇقچىلىقتا ئاپتاپسىنىپ تۇرغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل، يالاڭ ئاياغ بىر كىشى ئۇچراپتۇ. بۇلار: «شەھەردە يۇرمەي جاڭگالدا يۇرگىنىگە قارىغاندا، مۇشۇ ئوبدان ئادەم ئەمەس» دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئادەم، نېمە ئۈچۈن جاڭگالدا يۇرۇشنى ياخشى كۆرىسەن؟

— بىزدەكلەرگە شەھەردە كۈن كۆرۈش تەس، جاڭگالدا ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ:

«بۇنىڭدىنمۇ ئەسكى ئادەمنى نەدىن تاپىمىز؟ بىزنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىمىز نەق مۇشۇ» دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، بىرى:

— ھەي ئادەم، سەن بىز بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىسەن، — دەپتۇ. ئەسكى چاپانلىق كىشى:

— پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغۇدەك ئىش قىلغىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇ چاغدا يەنە بىر ۋەزىر: «گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ ئېلىپ بارمىساق، بىزنىڭ ماڭ دېگىنىمىزگە ماڭىدىغاندەك ئەمەس» دەپ، قالغانلارغا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇلار ماقۇللاشقاندىن كېيىن، ئىچىدىن يەنە بىرى:

— پادىشاھ بىزگە ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى تاپشۇرغان، شۇنىڭغا بىنائەن بىز دەرەخنىڭ يامىنى دەپ تىكەننى، قۇشنىڭ يامىنى دەپ قىرغاۋۇلنى تاللىدۇق، ئۈچىنچىسىگە سىنى تاللىدۇق. سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئۆلگى-



سى بولۇپ بارسەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مەن باراي، لېكىن يۇقىرىدىكى ئىككى تۇرلۇك «يامان»نىڭ ئۇلگىسى توغرا بولماپتۇ. ئۇچار قۇشنىڭ يامىنى سېغىزخان. ئۇ ئات - ئېشەكلەرنىڭ يېغىرىنى چوقۇپ قاقشىتىدۇ، ئادەمگىمۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمەيدۇ. دەرەخنىڭ يامىنى ھارام شاخ، ئۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئاينىتمايدۇ. ئۆزۈم توغرىسىدا ھېچقانداق سۆزۈم يوق، مەيلى پادىشاھىڭلارنىڭ قېشىغا بارسام باراي.

ۋەزىرلەر بۇ ئادەمنىڭ دېگىنىنى تېپىپ پادىشاھنىڭ ئال-دىغا ئەكىرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ناننى ئالقىنىدا ئايلاندۇ-رۇپ ئويناۋاتقانىكەن. پادىشاھ:

— بۇ نەرسىلەرنى قانداق تاپتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز ئۆزۈن ئىزدەپ قىرغاۋۇل بىلەن تىكەننى تاپقانى-دۇق، مانا بۇ ئەسكى ئادەمنى تاپقىنىمىزدا، بىزنىڭ تاللىغان نەرسىلىرىمىز بۇنىڭغا يارىمىدى. شۇڭا، ئۆزىگە قوشۇپ بۇنىڭ دېگەنلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باش ۋەزىر.

پادىشاھ ئەسكى چاپانلىق ئادەمنى، راست بىرنەرسىنى بە-لىپ سۆزلەمدۇ يا خىيالىغا كەلگەننى دەمدۇ؟ بىر سىناپ كۆ-رەيچۇ؟ دېگەن يەرگە كېلىپ:

— مېنىڭ ئاتامنىڭ كەسپى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ كەسپى ناۋايدەك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

— شاھلىق ماڭا ئاتا مىراس تۇرسا، نېمە ئۇچۇن شۇنداق دەيسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن كىرگەندە سىز ناننى ئالقىنىڭىزدا پىرقىرىتىپ ئويناپ تۇرغانىكەنسىز، شۇ چاغدا سىزنىڭ ئاتا كەسپىڭىزنىڭ

ناۋاي ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەس-كى چاپانلىق ئادەم.

— مەن قاچان ئۆلمەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ يەنە.

— بېشىڭىزغا سايە بولغان خەلقنى ئۇنتۇغان كۈندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.

پادىشاھ بۇ سۆزنى دەرھال چۈشىنىپتۇ، بۇ ئادەمنى ئۆز-زىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەشتىن ئىلگىرى، ئانىسىدىن:

— مېنىڭ ئاتام كىم ھەم نېمە كەسىپ قىلغان؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ ئانىسى پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن:

— سىزنىڭ ئۆز ئاتىڭىز ناۋاي ئىدى. سىزنى بېقىۋالغان-لىقىمنى شاھ بىلمەيتتى. مەن جىق قىز تۇغدۇم. بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىمنى ئارمان* قىلغان شاھ ئېغىر بوي ۋاقتىمدا: «بۇ نۆۋەت يەنە قىز تۇغساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن» دەپ شىكار-غا كەتتى. كۆزۈم يورۇغاندا قارىسام قىز. ئۇنى تېگىشىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ ئىزدىسەم، شەھىرىمىزدىكى بىر ناۋاينىڭ ئا-ئىلىسىدە سىز دۇنياغا كۆز ئاچقانىكەنسىز. نۇرغۇن پۇل بېرىپ قىزىم بىلەن سىزنى تېگىشكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گادايىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئوردىغا قاي-تىپ، ئۇنى ياخشى كىيىندۈرۈپ، ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر چىدىيالماي، ئۇنىڭ پېيى-گە چۈشۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك گۈزەللىكى تېپىش تەس ئىكەن، كەلگەن ئەلچىلەر ئۇ قىزنىڭ شەرتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن نائۈمىد بولۇپ قايتىپ كې-تىدىكەن. نۇرغۇن شاھزادىلەر قىزنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنەل-مەي، سەرگەردان بولغانىكەن. ۋەزىرلەر ھېلىقى ئەقىللىق ئا-

دەمنى: «شاھىمىز-
نىڭ بىر قىزى بار،
شۇنىڭغا ئۆيلەنسە-
ڭىز» دەپ، ئۇنىڭمۇ
سەرگەردان بولۇشى-
نى تىلەپتۇ. ئەقىل-
لىق ئادەم بۇ مەس-
لىھەتنى ماقۇل كۆ-
رۈپ، ئەلچى كىر-
گۈزۈپتۇ. قىز جاۋا-
بەن بىر پارچە ئاق
قەغەز بىلەن بىر
مىقراز چىقىرىپتۇ.
ئەقىللىق ئادەم
دەرھال قەغەزنى ئې-



لىپ، ئۇنى يۈرەك شەكلىدە قىيىپ كېنىزەك قىزنىڭ قولىغا
بېرىپتۇ.

— ئەمدى ئىشارىتىمگە توغرا جاۋاب تاپتىم، — دەپتۇ
پادىشاھنىڭ قىزى كېنىزەكلىرىگە، — مەن مۇھەببەتنى قە-
غەزدىنمۇ ئاق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، بۇ ئادەم: «يۈ-
رەكتىن قوزغالغان مۇھەببەت شۇنداق بولىدۇ» دەپتۇ. مەن ئە-
نە شۇ جاۋابنى كۈتكەنىدىم، دېگەن يېرىمدىن چىقتى...

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەقىللىق ئادەم قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. پا-
دىشاھ ئەسكى چاپان ئىچىدىن چىققان ئەقىللىق ئادەمنى ئۆ-
زىنىڭ ھەممە ۋەزىرلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپتۇ. ۋە-
زىرلەر بولسا، كۆرەلمەسلىكى بىلەن ھەسرەت يۇتۇپ، رەڭگى
سارغىيىپتۇ.

# دانا پادشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون ئۈچ بەگ بار ئىكەن.

بۇ پادىشاھ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە خەلق پاراۋان ھايات كەچۈرۈپتۇ. پادىشاھ كەمبەغەللەرگە دائىم خەزىنىدىن پۇل ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، كۆپ ئۆتمەي بۇ پادىشاھنىڭ داڭقى پۈتۈن يەر يۈزىگە تارقاپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى ئون ئۈچ بەگ بىر بولۇپ شۇنداق دېيىشىپتۇ:

— بىز ئون ئۈچ بەگ تۇرساق، ئاشۇ بىر پادىشاھقا بويسۇنىمىزمۇ؟ ئۇنى تەختتىن غۇلىتىپ تاشلاپ ئۆز ئالدىمىزغا يۇرت سورايلى.

شۇ مەسلىھەت بىلەن ئون ئۈچ بەگ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىنىپتۇ. بۇ گەپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— بىزمۇ ئۇرۇشقا تەييارلىنايلى، — دەپتۇ ئۇلار.

— ئەگەر ئۇلار بىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ قالسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — بىر تالمۇ ئوق ئاتمايلى، تەخت كېرەك بولسا ئالسۇن، لېكىن قان تۆكۈلمىسۇن. ئۇلار باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، شەھەر دەرۋازىسىنى ھېچ قارشىلىقسىز ئېچىپ بېرىڭلار.

شۇ كۈنى ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، پادىشاھ خۇر-جۇننىڭ بىر بېشىغا ئالتۇن - كۈمۈش، بىر بېشىغا يېمەك - ئىچمەك، بىر قۇر كونا كىيىم - كېچەك سېلىپ ئېشەككە ئارتىپتۇ - دە، ئۆزى كونا بىر ئۆك جۇۋىنى كىيىپ، بېلىنى شويىندا باغلاپ، بىر ئايپالتىنى بېلىگە قىستۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق بولۇپ كېتىپتۇ. شەھەر پادىشاھسىز قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئون ئۈچ بەگ باستۇرۇپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئون ئۈچ بەگنىڭ بېشى كۆككە يېتىپ، شاھ ئوردىسىغا جايلىشىپتۇ. بىراق، شۇ كۈندىن تارتىپ بۇلار بىر - بىرى بىلەن پېتىشالماپتۇ. ئون ئۈچ بەگنىڭ ئىچىدە ئۆزئارا تەخت تالىشىپ، جېدەل چىقىشقا باشلاپتۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ شەھەردىن چىقىپ توپتوغرا شۇ شەھەرنىڭ يې-نىدىكى بىر تاغقا بېرىپتۇ. ئەتىسى زېمىنغا يورۇق چۈشە - چۈشمەي بۇ يەرگە ئوتۇنچىلار كېلىشكە باشلاپتۇ، پادىشاھمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپتۇ - دە، ئوتۇنچىلار بىلەن بىللە ئوتۇن كې-سىپ ئېشەكگە ئارتىپ، كۈن كۆتۈرۈلگەندە شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، شەھەردە كۈن بويى يۈرۈپ ئوتۇنلىرىنى سېتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ بىر كۈندە ساتقان ئوتۇنىنىڭ پۇلى بىر كۈنلۈك تامىقىغا ئاران يېتىدى-كەن. ئوتۇنچىلارنىڭ تولىسى قېرى بولۇپ، پات - پاتلا تاغدا قونۇپ قالىدىكەن. پادىشاھ ئوتۇنچىلار بىلەن ناھايىتى چاپ-سانلا چىقىشىۋاپتۇ. پادىشاھ ئوتۇنچىلار تاغدا قونۇپ قالغان كۈنلىرى راسا مايلىق قىلىپ پولۇ ئېتىپ بېرىدىكەن. يەل

بويى گۆش ـ ياغ كۆرمەيدىغان كەمبەغەل ئوتۇنچىلار بۇ مېھ-
رىبان ھەمراھىنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىدىكەن.
كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئوتۇنچىلار تاغنىڭ ئې-
تىكىدە ئەڭ ياخشى بىر جاينى تاللاپ گۈلخان يېقىپتۇ، بەزى-
لىرى ئوتنىڭ يېنىدا قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بەزىلىرى
ئائىلىسى، ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى ھەققىدە، بەزىلىرى
كۈندۈزى شەھەردە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرى ھەققىدە سۆزلى-
شىپتۇ. شۇ چاغدا قىرىق يەردە يامىقى بار ئەسكى چاپان
كىيگەن، پۇتىغا چورۇق تارتقان، چاچ ـ ساقاللىرى كۇمۇش-
تەك ئاقارغان بىر بوۋاي ئوتنىڭ ئالدىدا مۆكچىيىپ ئولتۇ-
رۇپ، يېنىدىكىلەرگە:
— ئاھ خۇدا، مېنىڭ قولۇمغا چۈشىدى، — دەپتۇ.
— سېنىڭ قولۇڭغا چۈشىدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سو-
رىشىپتۇ ئوتۇن-
چىلار. بوۋاي بىر
يۆتىلىۋېلىپ مۇنداق
دەپتۇ:
— ئون يې-
شىمدىن تارتىپ
مۇشۇ ئوتۇنچىلىق
بىلەن كۈن كەچۈ-
رۈپ كېلىۋاتىمەن.
ھازىر يەتمىش
ئىككى ياشقا كىر-
دىم، چاچ ـ ساقال-
لىرىم ئاقىرىپ،
بېلىم مۆكچەيدى،



ئۆيۈمدە ئون باللام ماڭا قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۈگۈن بازاردا بىر گەپ ئاڭلىدىم: «كىمكى پادىشاھنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە، شۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا ئىنئام بېرىمىز، بالا - چاقىسىنى ئۆمۈر بويى خەزىنىدىن تەمىنلەيمىز» دەپتۇ. مەن ئاشۇ پادىشاھنى ماڭا ئۇچراپ قالسىدى، دەۋاتىمەن.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئوتۇنچىلار ئوتۇنلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى بوۋاينى ئاستا يېنىدىن تارتىپ ئېلىپ قاپتۇ.

— بوۋا، — دەپتۇ پادىشاھ باشقا ئوتۇنچىلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، — ئاخشام مەن سىزنىڭ ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. سىز دېگەن پادىشاھ مەن بولىمەن. ئوتۇنلىرىڭىزنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈڭ، ئارغامچا بىلەن قوللىرىمنى باغلاپ، مېنى شەھەرگە ئەكىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ھەيران بولۇپ، پادىشاھ مۇشۇ كىشىمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئىشەنمەپتۇ. لېكىن، پادىشاھ بوۋاينى ئىشەندۈرۈپتۇ.

— مەن سىزنى بىلمەپتىمەن، بىلسەم ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەن بولاتتىم، — دەپتۇ بوۋاي پادىشاھنى باغلاشقا ئۇنىماي.

— ياق، بوۋا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۆزۈم رازى بولغاندىكىن، مېنى باغلاڭ. ئەگەر مېنىڭ بېرىشىم بىلەن بىر ئائىلىدىكى ئون نەچچە جان ئۆمۈر بويى باياشات ياشايدىغان بولسا، ماڭا شۇ كۇپايە.

بوۋاي پادىشاھنى باغلاپ، شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ. لېكىن، شەھەرنىڭ چېتىگە كىرىش بىلەنلا كىشىلەر ئولىشىپ:

— بۇ نېمە ئادەم؟ بۇ كىم؟ — دەپ سوراشقا باشلاپتۇ. بوۋاي پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشى بىلەنلا كىشىلەر بوۋاينى ئىتتىرىپ بىر ياققا چىقىرىۋېتىپ، پادىشاھنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپ-

تۇ. ئوردىغا بارغاندىن كېيىن، ھەممىسى: «پادىشاھنى مەن تۇتۇپ ئەكەلدىم» دەپ تالىشىپ كېتىپتۇ. ئون ئۈچ بەگ بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلمەي تۇرۇۋاتقاندا، ھېلىقى بوۋايمۇ يېتىپ كەپتۇ.

— پادىشاھنى تۇتۇپ ئەكەلگەن ئەسلىي مەن ئىدىم، — دەپتۇ بوۋاي. پادىشاھمۇ:

— مېنى مۇشۇ بوۋاي تۇتۇپ ئەكەلگەنىدى، — دەپتۇ. ئاندىن ئون ئۈچ بەگ بوۋايدىن پادىشاھنى قانداق تۇتقانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي بولسا ھەممە ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياغ بايان قىپتۇ. بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئون ئۈچ بەگ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ. ئۇلار قاتتىق خىجالەتچىلىكتە:

— ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن، پۇقرالار ئۈچۈن ئۆلۈشنى بەخت ھېسابلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مۇنداق ئادىل پادىشاھ تۇرغان يەردە، بىزگە بۇ يەردە ئورۇن يوق ئىكەن، پادىشاھلىق ئادىل پادىشاھقا مەنسۇپ، — دېيىشىپتۇ ۋە ئادىل پادىشاھنى قايتىدىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.



# پەم

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى پالتا ۋە ئارغامچىسىنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا كېتىۋاتسا، يوغان بىر ئېيىق ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. ئېيىق دەرھال ئوتۇنچىغا:

— ھەي، مەن سەن بىلەن چېلىشىپ كۈچ سىناشماقچىدىمەن، قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئوتۇنچى ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ئېيىققا سەزدۇرمەي، ئۆزىنى مەردانە تۇتۇپ، ئەگەر ئېيىق بىلەن چېلىشسام، ھەش - پەش دېگۈچىلا مېنى ئىككى پۇكلىۋېتىدۇ، چېلىشمىسام، قارشىلىق قىلدىڭ دەپ يەپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئېيىقنى پەم بىلەن يېڭىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئېيىققا:

— مەنمۇ سەن بىلەن چېلىشىپ باقسام دەپ يۈرگەن، بۈگۈن ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ. بىراق، مەن كۈچۈمنى ئۆيدە قويۇپ كەپتىمەن، ئەكىلىۋالاي، سەن قېچىپ كەتمە، — دەپتۇ.

— كۈچۈڭنى چاپسان ئېلىپ كەل، — دەپتۇ ئېيىق. ئوتۇنچى، بۈگۈنغۇ كۈچۈمنى ئەكىلەي دەپ قۇتۇلارمەن، ئەتە ياكى ئۆگۈن يەنە ئۇچراپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىر پەم ئىشلىتەي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېيىققا:

— مەن كەلگۈچە قېچىپ كەتسەڭ، ئۇ چاغدا سېنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، قېچىپ كەتمەيمەن.

— ئىشەنمەيمەن !

— قاچمايمەن !

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنى باغلاپ قويۇپ كەتسەم قوشۇلامسەن؟

ئېيىق ماقۇل بوپتۇ. ئوتۇنچى ئارغامچا بىلەن ئېيىقنى دەرەخكە چەمبەرچاس باغلاپ قويۇپتۇ ۋە:

— مانا، كۆچۈمنى كۆرۈپ قويغىن، — دەپ پالتىسى بىلەن ئېيىقنى چاناپ نەچچە پارچە قىلىۋېتىپتۇ.



# مۆشۈكلەرنىڭ قىسسى

ئۆتكەن زامانلاردا بىر شەھەردە بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. سودىگەرنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى يېرىم جىڭ قوي گۆشى بىلەن شورپا قىلدۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەنىكەن. ئۇنىڭ شورپا قىلدىغان گۆشىنى ئۇدا تۆت كۈن مۈشۈك يەپ كېتىپتۇ. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن سودىگەر: «مۈشۈ شەھەردىكى بارلىق مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ، ئويلىنىپ قارىسا، بۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش ئۈستىدە قىلىنغان قەسەم ئىكەن. «ئىسىت، — دەپتۇ سودىگەر، — ئويلىماي قەسەم قىلىپ ساپتىمەن، ئۇ ئالەمدە قەسەمخورلار قاتارىدا قويۇپ قالسام تەڭرىم ئالدىدا شەرمەندە بولمامدىمەن؟» دەپ كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئوقۇغان، تەدبىرلىك ئۆلىما ئىزدەپ، شۇ شەھەردىكى ھەرقانداق مۈرەككەپ ئىشقا تەدبىر تاپىدىغان ئوڭ كۆزى قارىغۇ، سول كۆزى جىرتاق، ئوڭ قولى چولاق، سول قولى مايماق، بىر قۇلىقى يوق، بىر قۇلىقى پۈچۈق، بۇرنى مايماق، ئاغزى كالچۈك، بىر پۇتى مايماق، بىر پۇتى پالەچ مولللىنىڭ قېشىغا كەپتۇ، ھەممە ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ.

— ئەجەب مۈشكۈل، ئەجەب قىيىن ئىش ئۈستىدە قەسەم

قىلىپ تاشلاپلا. بولمايدۇ دېسەم، قىيامەتتە قارا يۈزلەر قاتا-رىدا قوپىلا، بولىدۇ دېسەم، مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىيىن ئىش، — دەپتۇ موللا.

قاتتىق قورققان سودىگەر موللىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. موللىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئەللىك سەر كۈمۈش بېرىپ، ھەر خىل رەڭدىكى قەغەزلەردىن تەلەپ بويىچە كەلتۈرۈپ بې-رىپتۇ. بۇ موللام تۆۋەندىكىدەك يېزىپتۇ:

«دۇنيا تېۋىپلىرىنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى لوقمان بىلەن ئىبن سىنادەك دانا ھۆكۈمالار ئۇزاق يىل تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ زامانىمىزغىچە قالدۇرغان ‹تۆۋەندىكى دورىلار ئىن-سانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، ھەر خىل مۇپاسىل كېسەللەر-دىن مۇس بەدەنلەرنى خالاس قىلغاي› دېيىلگەن مۇبارەك كىتاب قولىمىزغا چۈشتى. بۇنى خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئاشكا-رىلىماي يوشۇرۇشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىدىم. ھەربىر ھەكىمنىڭ بۇ كىتاب قولىغا تەگكەن ھامان جىددىي تەدبىر كۆرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاق مۈشۈكنىڭ تىلى زۇكامغا داۋا، قۇيرۇقى كېزىككە، ئۆپكىسى يۆتەلگە، قورسىقى قورقۇنچاقلىق كېسە-لىگە؛ تاغىل مۈشۈكنىڭ تېرىسى بەدەن ئاجىزلىقىغا، ئالا مۈشۈكنىڭ ئۆپكىسى يۈرەك بىلەن ئۆپكە كېسىلىگە، سېرىق مۈشۈكنىڭ تىلى سېرىق كېسەلگە، سىيگەككە...» دېگەنگە ئوخشاش ھەممە مۈشۈك رەڭلىرىنى چالا قويماي سىلىپ «دو-رىلار قامۇسى» تۈزۈپ، شەھەر خەلقىغە ئەرزان باھادا تارقى-تىپتۇ. بۇ كىتابنى قولىغا ئالغان ياكى ئاڭلىغان بارلىق ھە-كىملەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇششاق بالىلار ھەممە كەمبەغەللەرگە ئازراق پۇل بېرىپ، ئىككى ئاي ئىچىدە بىرمۇ

مۇشۇكنى قويماي دورا قاچىلىرىغا تەرتىپ بويىچە قاچىلىتىپ بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ شەھەردە بىرقانچە ئون تالىپقا دەرس بېرىۋاتقان ئاخۇنۇمدىن ئاڭلايمىز:

مۇدەررىس ئاخۇنۇمنىڭ يۇچقاق مۇشۇكى بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن، مۇشۇكى ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئۆيدىن يوقىلىپتۇ. ئاخۇنۇم دەرھال شاگىرتلىرى ئارقىلىق ئىز - دېرىكىنى قىپتۇ. شۇ ئارىدا بىر تالىپ مۇشۇكنىڭ دورا ئىـ- كەنلىكى ھەققىدىكى كىتابنى ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. ئاخۇنۇم ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆز مۇشۇكىنىڭ مۇشۇ يالغان «دورا قامۇسى» نىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ، سۈرۈشتە قىلىپ كۆرسە، بۇ كىتابنى يازغۇچىنىڭ پۇل ئۈچۈن ھەممە يامان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئالدامچى ئىكەنلىكى بىلىنىپتۇ. ئاخۇنۇم مۇشۇكلەرنىڭ قىساسىنى ئې- لىش ئۈچۈن پادىشاھقا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يېزىپتۇ:

«جانابىي شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى يۇرتىمىزنىڭ تۇۋۇرۇ- كى، ئادالەت بابىدا نوشىرۋاندىن، سېخىيلىق بابىدا ھاتەمدىن قېلىشمايلا. ئۆزلىرى شاھ بولغاندىن تارتىپ بوگۇنكى كۈنگە- چە شەرىئەت روناق تاپتى، خەلقىمىز بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. مەن دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك كىمياگەر- لەر يېزىپ قالدۇرغان، تا بوگۇنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئاجا- يىپ قىممەت باھالىق بىر كىتابنى قولۇمغا چۈشۈردۈم. بۇ كىتابتا «مىستىن بولغان بارلىق سەرەمجانلارنى قانچە جىق بولسا شۇنچە توپلاپ، ئوت بىلەن يۇقىرى ھارارەتتە قىزدۇرۇپ سۇ بولۇش ھالىتىگە يەتكەندە، يەتتە خىل ئەيىبلىك كىشىنى تېپىپ مانچاناققا سېلىپ، مىس ئۇستىدە ئۆلتۈرگەي، قېنى



شۇ مىسقا تەگسە، مىس ئالتۇن بولغاي، دېيىلگەن. مەن بۇ سىرنى ئۆزلىرىدەك ئادىل پادىشاھتىن پىنھان تۇتۇشنى راۋا كۆرمىدىم. شاھىمىزنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى، دۈشمەنلىرى- مىزنىڭ ھەسرەت - نادامەتتە قېلىشى ئۈچۈن جانابلىرىغا ئە- ۋەتتىم، نامە تامام ۋەسسالام» دەپ شاھ ھۇزۇرىغا ئوردا جې- سەكچىسى ئارقىلىق كىرگۈزۈپتۇ. بۇ خەتنى كۆرگەن شاھ پۈ- تۈن مەملىكەت خەلقىگە مىس توپلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈ- رۈپتۇ. بىر ئاي ئىچىدىلا چوڭ بىر مەيدان مىس قاچا - قو- مۇچلارغا توشۇپتۇ. مىسكەر، قازانچى، تۆمۈرچىلەر كېلىپ كۆرۈكلەر بىلەن مىس ئېرىتىشكە كىرىشىپتۇ. بىراق، مىس ئېرىشكە باشلىغان بىلەن يەتتە خىل بەلگىسى بار كىشى تې- خى كەلتۈرۈلمىگەنىكەن. دەل شۇ پەيتتە مۇدەررىس ئاخۇنۇم شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ، يەتتە خىل ئە- يىبلىك كىشىنى ئۆزى بىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. بەلگە بويىچە ياساۋۇللار دەرھال ئەۋەتىلىپ، ئۇ موللا تۇتۇپ كەلتۈ- رۈلۈپتۇ. قارىسا، يەتتە خىل بەلگە تولۇق. پادىشاھ:

— دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن! — دېيىش بىلەن كاززاپ موللا مانچاناقتا چىقىرىلىپ ئېرىگەن مىس ئۈستىدە ئۆلتۈرۈ- لۈپتۇ. قىزىغان مىس ئۈستىگە چۈشكەن قاندىن بەتبۇي پۇراقلار چىقىپتۇ. سەككىز كۈندىن كېيىن مىسلارنى پارچىلاپ قارىسا، مىس يەنىلا مىس تۇرغۇدەك، يوللانغان مەكتۇپنى دەرھال كەلتۈرۈپ قارىسا، مەكتۇپ يازغۇچىنىڭ ئىسمى يې- زىلمىغانىكەن.

«ھەي، — دەپتۇ پادىشاھ ئىچىدە، — بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق يالغان - ياۋىداق خەتلەرگە ئىشەنمىسەم بولغۇدەك». شۇنداق قىلىپ، مۇشۇكلەرنىڭ قىساسى ئېلىنىپتۇ.

# تەدبىرلىك ئالىم

بىر ئالىم ھەر جۈمە كۈنى شەھەر مەيدانىدا ۋەز ئېيتىپ، خەلققە پەند ـ نەسىھەت قىلىدىكەن، ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئالىمغا تاپقانلىرىنى دۇئا قىلدۇرىدىكەن. ئالىم ۋەزدىن كېيىن، يىغىلغان پۇل ۋە نەرسىلەرنى ئاپىرىپ مەدرىسىدىكى مۇساپىر تالىپلار، غېرىب ـ غۇرۋا، يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن.

بىر جۈمە كۈنى ئالىم يىغىلغان پۇل ۋە نەرسىلەرنى كەمبەغەل ـ نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا ئېلىپ كەپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، مەدرىسە ئەھلى شېرىن ئۇيقۇدىكى چاغدا ئالىمنىڭ ھۇجرىسى يېنىدا ئاياغ شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ، ھۇجرا ئىشىكنى بىرى تاراقلاتقىلى تۇرۇپتۇ. ئالىم ئىشىكنى ئېچىشىغا، قوراللىق ئالتە كىشى يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ئالىم ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ.

بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئىچكىرىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلەپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئالىمغا تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك داموللام، بىز ئوغرىلار تائىپىسىدىن بولىمىز. ھازىر پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ

ھەقتە ئۆز ئەھۋالىمىزنى سىلىگە دېگىلى كەلدۇق. بۇگۇن چۈشكەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بىزگە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئالىم ئوغرىلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. دەرھال داستىخان سېلىپ، نازۇنېمەتلەرنى كەلتۈرۈپ، گۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ:

— ئەزىزلەر، بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر، بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ساھىبخانا ئەلۋەتتە مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك. مەندىن ياردەم سوراپ كەپسىلەر، جان ـ دىلىم بىلەن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى نەرسىنى سىلەردەك ئەزىز مېھمانلاردىن ئايىمايمەن. يالغۇز بۇگۇن چۈشكەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىلا ئەمەس، ھەرقايسىڭلارغا بىردىن تونىمۇ ھەدىيە قىلىمەن. ھازىر پولۇ ئېتىشكە تۇتۇش قىلايلى. گۆش، سەۋزە بېرەي، ئۇنى ئۆزۈڭلار توغراڭلار، بىرىڭلار ئوچاققا ئوت قالاڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر پولۇ يېيىش ئارزۇسىدىمەن، — دەپتۇ.

ئوغرىلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئالىم كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەخلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇلارغا:

— مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي، سىلەرگە قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

ئوغرىلار ئالىمنىڭ ئۆتكۈر زۇۋانداراز لىقىنى، سۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. ئوغرىلار بۇ ئالىمنىڭ ھېكايىسىنىڭ پولۇدىنمۇ لەززەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشىپتۇ. ئالىم ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپكە كۇرسى قويۇپتۇ. ئوغرىلار بۇ ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئالىم ئۆزىنىڭ ھېكايە سۆزلەش ئادىتى بويىچە

چە، ئوتتۇرىدا ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقا مىڭىپ يۈرۈپ سۆز-لەشكە باشلاپتۇ:

بىر شەھەردە ئەخمەت دېگەن بىر كەمبەغەل ئادەم بار ئىكەن. ئۇ شەھەرگە يېقىن بىر جايدا بىر پارچە يەردە تېرىق-چىلىق قىلىپ، شۇنىڭدىن چىققان دارامەت بىلەن كۈن كە-چۈرىدىكەن. ئۇ بىر يىلى ئەتىيازدا يەر ھەيدەۋېتىپ، قوشنىڭ چىشىغا قاتتىق بىرنەرسىنىڭ تاقىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ قوشنى توختىتىپ، ئۇ يەرنى كولاپ تەكشۈرۈپتۇ. قوشنىڭ چىشىغا ئۇرۇلغىنى ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كوزا بولۇپ چىقىپتۇ. ئەخمەت كوزىنى كولاپ چىقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا لىق قىممەتلىك ئېسىل جاۋاھىر ۋە ئالتۇن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەخمەت بۇنىڭ بىلەن سەل تەمتىرەپ قاپتۇ، كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئەكەتكەن تەقدىردى-مۇ، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كوزى-نى يەرگە قايتا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، بۇ كوزىنى يېقىن قوشنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئەكېلىپ بۆلۈۋالماقچى بوپتۇ.

ئەخمەتنىڭ يېقىن قوشنىسى بىر ھىيلىگەر باي ئىكەن. ئۇ سوپىلىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتتىن يانمايدىكەن. ئەخمەت ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغانلى-رىنى بۇ قوشنىسىغا ئېيتىپتۇ.

ھىيلىگەر باي بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئەتىسى ئىككىسى بىللە ئېتىزلىققا بېرىپتۇ، كوزىنى كۆمۈلگەن جا-يىدىن كولاپ چىقىرىپتۇ. بەتنىيەت قوشنىسى نىيىتىنى بۇ-زۇپتۇ، بۇ بايلىققا يالغۇز ئۆزى ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىپ-

تۇ. ئاجىز ئەخمەتنى بىر دەمدىلا يەرگە يىقىتىپتۇ ۋە كانىيىغا پىچاق سۇرۇشكە تەييارلىنىپتۇ...

ئوغرىلار ھېكايىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، قالغان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپتۇ، ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان ئالىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى چىقىرىپ، ئاستا ئېچىپ قويۇپتۇ ـ دە، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

بىچارە ئەخمەت بۇ رەھىمسىز قوشنىسىغا: «جېنىم قوشنام، ماڭا رەھىم قىل، مېنى ئۆلتۈرمە، بۇ كۆزىدىكى ھەممە دۇنيانى سەنلا ئال. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىسىغە قۇلاق سالماپتۇ. جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەخمەت، قوشنىسىغا: «ئەمدى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. سەن مېنى جەزمەن ئۆلتۈرسەن. سېنىڭدىن پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم بار، بۇنى رەت قىلما. ئايالىم ھامىلىدار ئىدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، ئەگەر كۆزى يورۇپ، سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى داد قويسۇن» دەپتۇ.

باي ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ ـ دە، ئەخمەتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوغرىلار ۋارقىرىشىپ، ئەخمەتكە ئىچ ئاغرىتىشىپتۇ. ئالىم ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

باي ئەخمەتنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، كوزىنى چاپىنىغا ئوراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئەخمەتنىڭ خوتۇنىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئايالىغا ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتىپتۇ. بىچارە ئايال نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ كۆز يېشىغا زورلاش بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇ-

تۇپتۇ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا داد دېگەن ئىسىم قويۇپتۇ. بىچارە ئايال نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، بالا تۆت ياشقا كىرىپتۇ.

بىر كۈنى شەھەر ھاكىمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، داد كوچىدا ئويۇ-ناۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئانىسى بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىغا قاراپ: «داد !... داد... ! نەدىسەن ئوغلۇم داد ! جېنىم بالام داد !» دەپ ۋارقىراپ بالىسىنى چاقىرىپتۇ.

ئالىم ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن مەدرىسىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ: «داد !...» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپتۇ. مەدرىسىدىكىلەر «داد !» دېگەن ئاۋازنىڭ ئالىمنىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ شۇ ياققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە بىردەمدىلا ھەممىسى ھۇجرىغا قايساپ كەپتۇ. ئالىمنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار ئوغرىلارنى تۇتۇپ باغلىۋاپتۇ. ئوغرىلار شۇ چاغدىلا بۇ ئالىمنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپ، پۇشايمان قىلىشىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئوغرىلارنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئەكەپتۇ. پادىشاھ ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىمغا تەزىم قىپتۇ ۋە مۇنداق تەلەپ قويۇپتۇ:

— ھۆرمەتلىك موللام، تەدبىرلىرىڭگە بارىكاللا ! بىزنى ھېچقانداق ھاكىم ـ ئەمەلدارلار تۇتالمىغانىدى، ئۆزلىرى ئاجا-يىپ تەدبىر ئىشلىتىپ بىزنى تۇتتىلا. ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن زېرەك، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكلىرىگە باش ئېگىمەن. پە-

قەت ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزلىرىگە بىرلا ئىلتىماسىم بار: ھېكايە-لىرىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بەرسىلە، ئاندىن ئۆلسەك ئارمە-نىمىز يوق.

ئالىم پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھېكايە-نىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

ھاكىم «داد» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال توختاپتۇ. مۇلازىملىرىغا داد دېگۈچىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار كىچىك بىر بالىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنى ئە-كەپتۇ.

ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئايالغا:

— قىزىم، نېمىشقا داد دەپ يىغلايسەن؟ سېنى كىم ئازابلىدى؟ قايسى نائىنساپ سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنىڭ تۆكۈ-لۈشىگە سەۋەبچى بولدى؟ ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيت، سا-ڭا جەبرۇ زۇلۇم سالغان زالىمنىڭ جازاسىنى بېرەي، — دەپ-تۇ. ئايال يىغىدىن توختاپ:

— ماڭا ھېچكىم زۇلۇم سالمىدى. مۇنۇ ئوغلۇمنى ئاتلار-نىڭ ئاياغ ئاستىدا قالمىغىيدى، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغا-نىدىم، — دەپتۇ. ھاكىم ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېتى داد.

— بۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟ بۇ ئىسمىنى كىم قويغان؟

ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئېرىم ئېتىزلىقتا ۋاپات بوپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىزغا: «ئەگەر ھامىلىدار ئايالىم سالا-مەت بوشانسا، بالىنىڭ ئىسمىنى داد قويسۇن» دەپ، ۋەسىيەت قىلغانىكەن، قوشنىمىز ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ماڭا يەت-كۈزدى. شۇ سەۋەبتىن بالامنىڭ ئىسمىنى داد قويدۇم، — دەپتۇ.

ھاكىم بۇ ئىچىنىشلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپتۇ، بۇ دەردمەن ئايالنىڭ ھالىغا ئىچىنىپتۇ، مۇلازىملىرىغا ئايال-نىڭ باي قوشنىسىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايالنى-بالىسى بىلەن بىرگە مەھكىمىگە ئەكېتىپتۇ.

ياساۋۇللار باينى مەھكىمىگە ئەكەپتۇ. باي قورقىنىدىن غالىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ سوراپتۇ:

— بۇ بالىغا كىم «داد» دېگەن ئىسمنى قويدى؟

— دادىسى.

— دادىسى قويدىما؟ ئۇنداق بولسا، ئەھۋالنى جەريانى بى-لەن سۆزلە.

— بالىنىڭ دادىسى — ئەخمەت ئوغرىلار تەرىپىدىن چالا ئۆلۈك قىلىنىپ ئېتىزغا تاشلاپ قويۇلغانىكەن. دەل ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئىش بىلەن بېرىپ قاپتىمەن. ئەخمەتنىڭ قانغا بويىلىپ، توپىدا ئېغىناپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا ئايالىنىڭ ھامى-لىدارلىقىنى، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئېتىنى «داد» قويۇشنى ۋە-سىيەت قىلىپلا جان ئۈزدى. مەن كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خوتۇنىغا ئېيتتىم، — دەپتۇ باي.

باي بۇنى سۆزلىگۈچە بىردەم تەرلەپ، بىردەم تىترەپ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سەن يالغان سۆزلىدىڭ. ئۇنىڭ يېرىگە قانداق رەزىل غەرەز بىلەن باردىڭ؟ ئوغرىلار مال - دۇنياسى بار ئادەمنى كۆزلىدۇ، بۇلايدۇ. ئۇنىڭدەك كەمبەغەل ئادەمنى نېمە قىلى-دۇ؟ راستىڭنى ئېيت! — دەپتۇ غەزەپ بىلەن.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ئوغرىلار ھاكىمنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپتۇ. ئالىم ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— شۇنداق قىلىپ، چالا ئۆلۈك ياتقان ئەخمەت سېنىڭ قولۇڭدا جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھاكىم يەنە.

— شۇ يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويدۇم، — دەپتۇ باي ئىختىيارسىز ھالدا.

— جەسەتنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىمكان بار ئۆيگە ئەكېلىپ يۇيۇپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش كېرەك ئەمەسمىدى؟

باي جاۋاب بېرەلمەي جىم تۇرۇپ قاپتۇ. ئەخمەتنىڭ ئايالى ھاكىمغا ۋە مەھكىمىگە يىغىلغان يۇرت چوڭلىرىغا:

— ئاشۇ پاجىئە بولغان كۈنى ئەتىگەندە ئېرىم بۇ باي قوشنىمىز بىلەن ئېتىزلىققا بىللە كەتكەن، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلمىدى، تىت - تىت بولۇپ تۇراتتىم، بۇ قوشنىمىز كىرىپ، ئېرىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى، قانداق، نېمە سەۋەب بىلەن ئۆلگەنلىكىنى دېمىدى. مەنمۇ بۇ ئېغىر قايغۇ بىلەن گاڭگىراپ كېتىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتە قىلماپتىمەن، — دەپتۇ.

مەھكىمىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشىمۇ شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئەخمەتنىڭ مۇشۇ باي بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مانا ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ بايغا، — قىلغان سۆزۈڭنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار تولۇق. ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل سەن ئېيتقاندەك قانداقتۇر نامەلۇم ئوغرىلار ئەمەس، بەلكى سەن ئۆزۈڭ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش

سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر، — دەپ قىستاپتۇ. باي ئىملاجىسىز جىنايىتىگە ئىقرار بوپتۇ. ھاكىم شەرئەت ھۆكمى بويىچە ئۇ-نى دارغا ئېسىپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلۈك، دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى دادىنىڭ نامىغا يازدۇرۇپتۇ ۋە بالىغا قاراپ:

— ئوغلۇم، ئىسمىڭنى بۈنىڭدىن كېيىن «دىلشات» دەپ ئۆزگەرتەيلى، چۈنكى شېھىت بولغان داداڭنىڭ ئىنتىقامى ئې-لىنىپ، دىلىڭ شادلاندى. داداڭ ساڭا نېمە ئۈچۈن «داد» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنىڭ سىرى بۈگۈن ئېچىلدى، — دەپ ئالىم ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. مەھكىمىدىكى ھەممەيلەن، ھەتتا ئوغرىلارمۇ ھاكىمنىڭ قىلغانلىرىغا رازى بولۇشۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— رەھمەت، ھېكايىنى ئاخىرغىچە ئېيتىپ بەردىلە. ئەمدى ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق.

ئالىم پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىدىن مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، بەلكىم بۇ ئىلتىماسىمنى جانابلىرى رەت قىلماس، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئادەملەر ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇلار بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولدى. ھېكايە ئېيتىپ بۇلارنى تۇتۇپ بېرىشتىن مەقسىتىم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالدىلىرىدا بۇلار-نى ئۆزى قىلغان يامانلىقلىرىغا تۆۋا قىلدۇرۇش ئۈچۈن. مەن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقان چېغىمدا بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلدىم: باينىڭ ئەخمەتنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلى-كى سۆزلەنگەندە، بۇلار ھەسرەت چېكىپ، يىغلىشىپ كەتتى.

بۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۇلار يامان ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدىغانلىقىغا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بۇ روھىي ھالەتلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئوغرىلىقنى مۇقىم كەسىپ قىلمىغان، موھتاجلىق ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، يامان يولغا كىرىپ قېلىشقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بېرىشلىرىنى سورايمەن. مەن بۇلارنى ئاشۇ يولدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمغا، بۇلارنىڭمۇ خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشىغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئالىمنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ. ئوغرىلارنى ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئوغرىلار ئالىمنىڭ بۇ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلىشىپتۇ، پادىشاھ ۋە ئالىم ئالدىدا توۋا قىلىشىپتۇ. ئالىم ئۇلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋاپتۇ. ئاشۇ ئالتە ئوغرى ئالىمنىڭ قولىدا پازىل شاگىرتلاردىن بولۇپ يېتىشىپتۇ.



# شىپتىلە بىلەن پىپتىلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەنىكەن، ئېرىنىڭ ئېتى شىپتىلە، خوتۇنىنىڭ ئېتى پىپتىلە ئىكەن. بۇلار مەھەللىدىن چەتتىرەك پاكار بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۆيىنىڭ لىم ياغىچى غارسىلداپ سۇنۇشقا باشلاپتۇ. ئەر - خوتۇن ئۇنىڭغا چارە قىلماقچى بوپتۇ. شىپتىلە:

— نوغۇچنى تۈۋرۈك قىلايلى، — دەپتۇ. پىپتىلە قارشىلىق كۆرسىتىپ:

— نوغۇچ بولمىسا، بىز ئۇرۇقلۇق بۇغداي تېپىپ، تېرىپ، ئوروپ، يىغىپ، ئۇن تارتىپ كەلگەندە قانداق قىلىپ ئاش ئېتىمىز؟ مونۇ ھاسىنى تۈۋرۈك قىلايلى، — دەپتۇ. شىپتىلە قوپۇپ:

— سەن تەييار ھاسىنى تۈۋرۈك قىلىپ قويساڭ، مەن قېرىغاندا نېمىنى تايىنىمەن؟ تۇغىدىغان باللىرىڭ چوڭ بولۇپ باشباشتاقلىق قىلسا، نېمە بىلەن ئەدەپلەيمەن؟ سەن ئاش ئېتمىۋاتقاندا ئۇ بەخۋاش ئوتۇن ئەكىرگىلى چىقىپ ئويناپ قالسا، ھاسام بولمىسا، قانداق تالاغا چىقىپ قىچقىرىپ كىرەلەيمەن؟ سەن زادى كېيىنلىكنى ئويلىمايسەن، — دەپتۇ.

سۇنۇشقا باشلىغان ياغاچ پەسلەشكە باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا تونۇر كۆسىيى قىلىش ئۇچۇن ساقلاپ يۈرگەن بىر تال ياغىد-

چى بار ئىكەن، ئۇلار شۇنى تۇۋرۇك قىلىپ، لىمنى توختىتىۋاپتۇ.
ئۇلار بىر كۈنى قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە جۈمەلەپ بېرىپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا قېيناتىسى ئۇلارغا ئىككى جىڭ گۆش بېرىپتۇ. ئۇلار گۆشنى ئەكېلىپ قازانغا سېپتۇ. گۆش ئەمدى پىشاي دېگەندە:
— ۋاي خوتۇن، گۆشنىغۇ يەيمىز، چىش كولىغۇچ يوق، قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ شىتىلە. بۇ گەپنى قۇۋۋەتلەپ:
— بىز ھەممە ئىشنى ئالدىن تەييارلاپ كەلگەن ئەر - خوتۇن تۇرۇپ، ئەجەب ئۇنى ئويلىماپتىمىز - ھە؟ — دەپتۇ پېتىلە.
ئۇلار چىش كولىغۇچنىڭ ئارچا ياغىچىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئارچىنىڭ تاغدا بولىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپ، گۆشنى قازانغا قويۇپ ئاۋۋال تاغقا بارماقچى بوپتۇ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى قويۇشقا يەر تاللاپتۇ. بۇلار، بىر زامانلار كېلىپ دېھقانچىلىق قىلىشاق لازىم بولىدۇ دەپ، بىر تۇز يەرنى خامان قىلىپ، ئوتتۇرىسىغا موما ياغاچ قاداپ قويغانىكەن، قارىسا، موما خېلى ئېگىز. ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى يۆلىشىپ تۇرۇپ ئاچقۇچنى مومىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويۇشۇپتۇ ۋە بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ قولى يەتمەيدۇ، دەپ جەزم قىلىشىپ تاغقا راۋان بوپتۇ. بۇلارغا يولدا بىر ھىيلىگەر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ شىتىلە بىلەن پېتىلىگە سالام بېرىپ:
— يول بولسۇن، نەگە مېڭىشتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. شىتىلە بىلەن پېتىلە بىر - بىرىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.
— ۋاي تەقسىر، بۈگۈن قېيناتىمىزنىڭ ئۆيىگە جۈمەلەپ بارساق ئىككى جىڭ گۆش بەردى. ئۇنى قازانغا سېلىپ، ئەمدى

يەيلى دېسەك چىش كولىغۇچ يوق. شۇنى ئەكېلىش ئۈچۈن تاغقا كېتىۋاتىمىز، — دەپتۇ شىپتىلە.

— ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى موما ياغاچنىڭ ئۇچىدىغا ئىلىپ قويدۇق، — دەپتۇ پىتىلە، — گۆش پىشاي دەپ قالغان، يەنە كىرىپ يەپ كەتمىسىلە جۇمۇ!

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، خېنىم، — دەپتۇ ھىلىقى ئادەم، — ئۇنداقمۇ قىلامدىغان.

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا كېتىپتۇ. شىپتىلە بىلەن پىتىلىنىڭ قارىسى يىتىش بىلەن ھىلىقى ئادەم ئۆيگە كىرىپ گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يەنە ئاۋۋالقىدەك موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. شىپتىلە بىلەن پىتىلە تاغقا بېرىپ، ئارچا تېپىپ، چىش كولىغۇچ ياساپ، ئۈچ كۈندە



ئاران ئۆيگە كەپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىگە، بىر دۆلەت قوڭغۇزى ئۆمىلەپ بوسۇغىدىن چىقىۋاتقانىكەن. بىردەمدىلا بىر تۆشۈككە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شېتىلە بىلەن پېتىلە كېلىپ قازاننى ئاچسا، ھېچنېمە يوق.

— ئاپلا، بۇنى ھېلىقى قوڭغۇز يەپ كېتىپتۇ، — دەپ ئارقىدىن قوغلاپ چىقسا، ھېچنەدە يوق. ئىشىكنى ياپماي كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە خېلى تاپا - تەنە قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە يەنە جۈمەلەپ بارغانىكەن، چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىلىپ، قايتىش ۋاقتىدا بىر جىڭ گۆش بېرىپتۇ. شېتىلە بىلەن پېتىلە ئۆيگە كېلىپ گۆشتە چۆچۈرە ئېتىپتۇ. ئاش پىشقاندا شېتىلەنىڭ ئېسىگە قېيناتىسىنىڭ ئۆيدە چۆچۈرىنى چوكا بىلەن ئېچكەنلىكى كەپتۇ - دە، بىر شەرتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال چوكىنى قانداق ياساش ئۈستىدە ئويلاپتۇ، ئۇنىڭ شىلۋە ياغىچىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى ئەسلەپتۇ. شىلۋە ئەلۋەتتە تاغدا بولىدۇ. ئاخىر چۆچۈرىنى قازاندا قويۇپ، ئىككىسى تاغقا ماڭماقچى بوپتۇ. بۇ قېتىم ئاچقۇچنى بۇرۇنقىدىن يوشۇرۇنراق جايغا قويۇشنى مەسلىھەتلىشىپ، تونۇر تۈۋىدىكى كۈلگە كۆمۈپ، ئۈستىگە ئەگرى - بۈگرى قىلىپ سۇ سېپىپ بەلگە قىلىپ قويۇپ، تاغقا مېڭىپتۇ. يولدا ھېلىقى ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شېتىلە بىلەن پېتىلە بۇ تۆۋەت ئالداپ قۇتۇلماقچى بولۇپ كېلىشىۋاپتۇ.

— ھە، يول بولسۇن؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— تاغقا بارمايمىز، شىلۋە ياغىچى ئالمايمىز، چوكا ياسىمايمىز، — دەپتۇ شېتىلە.

— ئۆيدە چۆچۈرە ئەتمىدۇق، ئاچقۇچنى كۈلنىڭ ئاستىغا

كۆمۈپ، ئۈستىگە ئەگرى ـ بۈگرى سۇ سېپىپ قويمىدۇق، ــ
دەپتۇ پېتىلە.

يولۇچى بۇلار بىلەن خوشلىشىپ، توپتوغرا شېتىلە بىلەن
پېتىلىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، چۆچۈرىنى ئىچىپ، قازاننىڭ
ئاغزىنى بۇرۇنقىدەك يې-
پىپ قويۇپ، ئىشىكنى
قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى ئۆز
جايىغا قويۇپ كېتىپتۇ.
بۇ قېتىم شېتىلە بىلەن
پېتىلە بەش كۈندە كەپ-
تۇ، ئاچقۇچنى ئېلىپ
ئىشىكنى ئېچىپتۇ، بې-
رىپ قازانغا قارىسا
ھېچنېمە يوق. بىر چىد-
ۋىن قازاننىڭ ئىچىدىكى
نەملىكنى شۈمۈپ تۇرغۇ-
دەك. بۇنى كۆرگەن شې-
تىلىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق
گەز ئۇچۇپتۇ.



ــ ۋاي خوتۇن،
چاپسان بول، پالتىنى
ئەكېلىپ بەر، ــ دەپتۇ.

پېتىلە پۇتىنىڭ
ئۇچىدا مېڭىپ پالتىنى
ئەكېلىپ بەرگەنىكەن،
شېتىلە چىۋىننىڭ بې-

شىنى نىشانلاپ تۇرۇپ راسا كەلتۈرۈپ بىرنى قويۇپتۇ، قازان سەككىز پارچە بوپتۇ. چۈشەن ئۇچۇپ بېرىپ پېتىلىنىڭ بې-شىغا قونۇپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، — دەپتۇ شىپتىلە، — مىدىرلىماي تۇر، بۇ قۇرغۇر سېنىڭ بېشىڭغا قوندى، بۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمە-سەم بولمايدۇ، — دەپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بېرىپ بىر قويغانىكەن، خوتۇنىنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ھېلىقى چۈشەن «غىڭ» قىلىپ ئۇچۇپ تۇۋرۇككە قونۇپتۇ. شىپتىلىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، ئاچچىقى ئىچىگە، غەزىپى بېشىغا ئۆرلەپتۇ.

— سەن ھېلىگەر قۇۋ چۈشەن، — دەپتۇ شىپتىلە، — ئاشنى ئىچىڭ، قازاننى چېقىڭ، خوتۇننى ئۆلتۈرۈڭ، ئەمدى تۇۋرۇككە قونۇپ ئۆگزىنى كۆتۈرۈڭما؟ ھىم... مەن سېنىڭ شۇنداق ئەدىپىڭنى بېرەيكى، خەپ توختا !

ئۇ پالتىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇۋرۇككە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئېچىلىپتۇ، قارىسا ھېلىقى ئاچ كۆز ئادەم كىرىپ كېلىۋاتقۇ-دەك. ئۇ كۆڭلىدە بۈگۈن نەق سامسا تەييارلاپ قويغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن كىرگەنىكەن. ئۇ شىپتىلىنىڭ «خەپ شۇك» دېگەن شەرىتى بىلەن جىم تۇرۇپ قاپتۇ، شىپتىلىنىڭ قولىدا پالتا بارلىقىنىمۇ ئۇقماپتۇ. شىپتىلە ئەپلەپ تۇرۇپ تۇۋرۇككە راسا كەلتۈرۈپ بىرنى قويغانىكەن، تۇۋرۇك بىلەن بىللە لىممۇ چۈشۈپتۇ. چۈشەن ئۇچۇپ تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ، سۇنغان يوغان لىم ياغاچ توپتوغرا ھېلىقى ئاچ كۆز ئادەمنىڭ قاق چوققىسىغا چۈشۈپ، «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، جان بېرىپتۇ. شىپتىلە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى يوق چۈشەننى قوغلاپ كېتىپتۇ.

# ئۈچ يالغاندا قىرتىق يالغان

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، تۆلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن، قاغا قاراقچى ئىكەن، سېغىزخان يالاقچى ئىكەن، پاقا پوستەكچى ئىكەن، يىلان تۇگمەنچى ئىكەن. ئەنە شۇ زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە، ئەتراپ-تىكى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى بەس - بەس بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىسىمۇ، قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قىزىنىڭ ئالدىغا ئىنىكئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزىنى ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ. ئى-نىكئانا پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، راھەت - پاراغەتتىن، زىبۇزىننەتتىن، نەغمە - ناۋادىن، تاجۇ تەختتىن سۆز ئاچقا-نىكەن، قىز:

— مەن ھايۋاندىن پەرقلىنىمەن، مال - بايلىقتىن ئۈس-تۈنمەن. كىمكى شەرتىمنى ئادا قىلسا، شۇنىڭ گۈلىمەن، — دەپتۇ.

ئىنىكئانا قىزنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ، خەير، نېمىلىكى بولسا قېنى بىر ئاڭلاپ باقاي، دەپ ئويلاپتۇ، ئاندىن:

— خوش، شەرتىڭنى سۆزلە، قىزىم، مەن بىر ئۇقاي، مۇناسىپ كەلسە، پۈتۈن ئالەمگە جاكار قىلاي، — دەپتۇ.

— ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغاننى ئېيتالىغان يىگىتكە ياتلىق قىلىنسام رازىمەن، مېنىڭ شەرتىم شۇ، — دەپتۇ قىز.

پادىشاھ ئىنىكىئانىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا بارلىق شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە قىزىنىڭ شۇ شەرتىنى ۋە كىمكى راستىنى يالغان دېسە، بېشى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەملىكەتلەرنىڭ شاھزادىلىرى، چوڭ ـ كىچىك يۇرتنىڭ بەگزادىلىرى ۋە ھەرقايسى خانلىقنىڭ خانزادىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ، لېكىن بەزىلىرى بۇ شەرتنى ئادا قىلىشقا كۆزى يەتمەي، قىزنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ. بەزىلىرى بولسا، قىزنىڭ ئوت ـ پىراقىدا شەرتنى ئادا قىلالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئاخىر ئىنىكئانا ئارقىلىق قىزىغا بۇ شەرتنى ئادا قىلىدىغان بىرەر ئەقىللىق شاھزادە، خانزادە ۋە بەگزادەنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ، قىزىنى ئەقىلسىزلىقتا ئەيىبلەپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا زادىلا كۆنمەپتۇ. قىز ئىنىشەنچ بىلەن: «بۇنى ئېيتالايدىغان كىشى چىقىدۇ، دادام سەۋر قىلسۇن، ئەگەر چىقمىسا مەيلى» دەپتۇ.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، قىزنىڭ شەرتىنى نى ـ نى شاھزادىلەر، خانزادىلەر ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئادا قىلالمىغانلىقى چۆچەك بولۇپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراشلىق يىراق يېزىدىكى بىر كەمبەغەل موماينىڭ ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

يىراق بىر يېزىدا ناھايىتى كەمبەغەل بىر موماي ياشاپ

دىكەن، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، ئانا ـ بالا ئىككىسى ئەتىدىن ـ كەچكىچە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ، كۈننى ئاران ئۆتكۈزىدىكەن. يىگىت شۇنچە چاققان بولسىمۇ، بايلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي «گال» دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە گال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ رۇخسەت سوراپتۇ. موماي ئوغلىنىڭمۇ قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، جاۋاب بەرمەپتۇ. گال ئانىسىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى سەزگەندىن كېيىن، ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:



— خاتىرجەم بول، ئانا، قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇنداش ئاسان، — دەپ، ئۆزىنىڭ راسلىغان سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئىلاجىسىز دۇئا قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ. گال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئىش قىلىپ، بىر كۈنى گال پادىشاھ ئوردى-

سىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ياساۋۇللار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئالدىنى توسۇپتۇ:

— سەن گاداي بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ قوغلاپتۇ. گال ئۇلارنىڭ گۇمانلىرىنى سېزىپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئوغرىمۇ ئەمەس، قاراقچىمۇ ئەمەس، لېكىن بىر باينىڭ سادىق قۇلى. مەن شۇ باينىڭ پادىشاھتىن يوشۇرۇپ تىقىپ قويغان بورداق قويلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىشكە كەلدىم، لېكىن قويلارنىڭ سانىنى شاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن.

ياساۋۇللار شاھقا خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاچ كۆز شاھ خۇشاللىقىدىن گالنى چاقىرىپ:

— قېنى، قويلار ھەققىدە چاققانراق سۆزلىگىن، — دەپتۇ. گال ھېچبىر ھودۇقماستىن، تېتىكلىك بىلەن:

— مەن ئاۋۋال سىلىگە راسلىغان سۆزلىرىمنى ئېيتاي، قىزلىرىمۇ كېلىپ ئاڭلىسۇن. سىلى بۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىلا، سىلى بىلمىسىلە، قىزلىرى چۈشىنىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ قىزىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. گال يالغاننى باشلاپتۇ:

## بىرىنچى يالغان

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ئېتىم گال، ئۆزۈم بىر كەمبەغەل، دادامدىن يالغۇز قالغان يېتىممەن. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆلە - ئۆلە، ئاخىر ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۈچىمىز قالدۇق. مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن، لېكىن ئەجەبلەنمەيمەن. بىز ئۈچ بولغاندىن كېيىن ئارىمىزدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك پەيدا بولدى، بىراق بىر - بىرىمىزنىڭ

كىملىكىنى بىلمەيتتۇق ھەم تونۇشمايتتۇق. شۇ چاغدا ئۈچەيمىزغا قارىساق كېيىگەن كىيىملىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئەقلىمىز ھەيران قالدى: بىرىمىزنىڭ ياقىسى يوق، بىرىمىزنىڭ ئېتىكى يوق، يەنە بىرىمىزنىڭ غولى يوق. بىز شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئەما زۇلمەتتە ئۇچرىشار، دېگەندەك، بىر چۆلدىكى سايىدا بىر - بىرىمىز بىلەن مۇڭداشساقمۇ ئاڭلىماستىن، بىللە ماڭساقمۇ كۆرمەستىن، يولدا يۈرمەي، چەتكە چىقماي، ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋەردۇق. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئۈچ تەڭگە ئۇچراپ قالدى. كۆزىمىزنى يۇمۇپ قارىساق، بىرىنىڭ تامغىسى يوق، بىرىنىڭ رەڭگى يوق، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى يوق ئىكەن. بۇ ئۈچ تەڭگىنى مۇشتلاشساقمۇ ئەرز قىلىشماي، تەڭ بولمىسىمۇ ياخشى - يامىنىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئادالەتلىك بىلەن بۆلۈشۈۋالدۇق. يەنە مېڭىۋەردۇق، مېڭىۋەردۇق، يول ماڭساقمۇ مىدىرلىماي، سۈيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق...

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پادىشاھ شۇنداق غەزەپكە كەپتۇكى، سۆز قىلالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، گالنى مىدىرلاتماي بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گال ناھايىتى مەردلىك بىلەن تېتىك تۇرۇپ، مىيىقىدا كۈلۈپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، مەن ئېيتاي، سىلى ئاڭلىسىلا، كاللام چېپىلماس، سۆزۈم توختىماس، سۆزىدە تۇرمىغان ئادەم بولماس. ھازىرچە ئىختىيارنى قىزلىرىغا بەرسىلە، قىزلىرى بۇيرۇق قىلسۇن، — دەپتۇ.

تەختنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گالنىڭ ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ ئېتى گال بولسىمۇ، سۆزى بال ئىكەن، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زوق

بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە تەختنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— كىشى جانانىدىن جانىنى ئايارمۇ؟ كۆرۈك، پەرۋانىلەر ئوتتىن يانارمۇ؟ ھەقىقەت ئەزىز جاندىن ئۈستۈن دېگەن قىدىلىچ ئالدىدا تەسلىم بولارمۇ؟ ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلىيالايدۇ... قېنى، ئاڭلاپ باقايلى ! — دەپ، يىگىتكە ئىشارەت قىپتۇ. پادىشاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئوردا ئۆلىمالىرى، ۋەزىرلىرى قۇللۇق قىلىشىپ، مەلىكىگە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. گال يەنە سۆزلەپتۇ:

— سۇيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق. سۇيى يوق كۆلدە ئۈچ بېلىق ئويناقلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈك، بىرىنىڭ جېنى يوق ئىكەن. بىز ھېلىقى بېلىقلارنى ئېلىپ، ئېتىكى يوقنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ، سايدىن چىقىپ يولغا چۈشتۇق، يولدا ماڭماي، يولدىن چىقماي كېتىۋەردۇق، كېتىۋەردۇق، قارىساق ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆي كۆرۈندى، بىز شۇ ئۆيلەرگە كەلدۇق. ئىككى ئۆينىڭ تېمى يوق. بىرىنىڭ ئورنى يوق. بىز ئورنى يوق ئۆيگە كىرسەك، ئۈچ قازان تۇرۇپتۇ. قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك، بىرىنىڭ تۈۋى يوق. ئېتىكى يوق ئاكام ئېتىكىدىكى جېنى يوق بېلىقنى ئېلىپ، تۈۋى يوق قازانغا سالدى. بىز ئۇنى پىشۇرماقچى بولۇشتۇق، قارىساق، ئوتۇن يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت ياقماي، ئوتۇننى ئايىماي قالاۋەرسەك، قازان قايناپماي گۆشى پىشىپ، سۆڭىكى مىلىق - مىلىق بولۇپ كېتىپتۇ، يەپ باقساق، ئىسسىقمۇ ئۆتمەپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن دەپ، ئۈچىمىز راسا يېدۇق، يېگەندىمۇ بىر - بىرىمىزنى تەكلىپ قىلىشماستىن يەۋەردۇق. بىراق، يېگەن گۆش قورسىقىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەلمەپتۇ. ئويلىساق قورسىقىمىز راسا تويۇپ كېتىپ-

تۇ. كەتمەكچى بولدۇق. ئۆيدىن چىقايلى دېيىشدۇق، ئىشىكتىن پاتمىدۇق. ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئىلاجىنىڭ تولىلىقىدىن تام تۆشۈكىدىن چىقىپ كەتتۇق.

يەنە يول يۈردۇق، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردۇق، يۈرۈۋېرىپ بىر ئېتىزغا چىقىپ قالدۇق. قارىساق، ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدە تۆرەلمىگەن توشقان يېتىپتۇ. شېخى يوق دەرەختىن پۈتمىگەن چوماقنى ئېلىپ، ھېلىقى توشقاننى راسا بىر ئۇرۇۋىدۇق، توشقان جىم يېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ جان بەردى. توشقانغا پىچاق سالماي، قول تەگكۈزمەي سوياق، چىقتى ئون پاتمان گۆشى، يىگىرمە پاتمان چاۋىسى، ئالتە ئايدىن بېرى يەۋاتىمىز، ھېلىمۇ بار تەڭپارتىسى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاچ قېلىپ، ئاكام مەندىن خاپا بولۇپ، ئۆزى بىلگەن يەرگە كەتتى. يىگىرمە پاتمان چاۋا ياغ ماڭا قالدى. بۇ ياغنىڭ ھەممىسىدە چورۇقۇمنى ياغلىدىم، ياغ چورۇقۇمنىڭ بىرىگە يەتمىدى. خەير، شۇنداق بولدى. ھېرىپ-تىنىكەنمەن، ئۇخلاۋاتسام بىر چاغدا جاھان زىلزىلىگە كېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئويغانسام، چورۇقلىرىم: «ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق» دەپ، گالاچلىتىپ مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ، سۆزۈمگە كۆنمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى. ئىلاج يوق، ئاخىر چورۇقلىرىمنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەر - بىرىنى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇپ: «جىم تۇرۇش، ئەمدى ئۇرۇش» دەپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇقۇم غولى يوق چاپىنىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ، ياغ تەگمىگىنى خاپا بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياغلىغان چورۇقۇمنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەنچۈكنى ھارۋىغا قېتىپ يولغا راۋان بولدۇق. چورۇقۇم ھارۋىنى ھەيدىدى، مەن يول كۆرسەتتىم،

شۇنداق قىلىپ، مىلىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆيگە ئاسانلا يېتىپ كەلدىم.

مەن ئۆيدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۆيدە بىر موماي، بىر خوراز بار ئىدى، قايتىپ كەلسەم ئۆي يوق، ئۆي بولسىمۇ ئورنى يوق، تېمى بولسىمۇ لېپى يوق، ئەتراپقا قارىسام، ھېچ-نېمە يوق. ماڭا بۇ تازا تارتقۇلۇق بولدى. ئەمدى ئۆيىنى، مو-ماينى، خورازنى نەدىن تاپاي، پادىشاھىم؟ ! ئەرزىمىنى بايان قىلاي دەپ، ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، — دەپ، گال ئېگىزىكىنى سىلاپ خاتىرجەم تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ گال ئېيتىۋاتقان ھېكايىنىڭ مەنىسىگە يېتەل-مەي، ئەتراپىدىكى ۋەزىر، ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ. ئۆلىمالىرىدىن بىرى پادىشاھقا:

— گالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، يالغان ئېيتقان كىشى شاھ خەنجىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر، — دەپتۇ. قىز بۇ سۆزگە كايىپ:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، گالغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ھېكايە-سىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئېيتسا، — دەپتۇ. پادىشاھ جاۋاب بەرگۇچە، گال:

— تەقسىر... — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ:

## ئىككىنچى يالغان

— تەقسىر، ئاڭلاۋاتىلا، موماي يوق، خورازمۇ يوق، چو-رۇقۇمنىڭ بىرى تېخى يوق. بۇلارسىز ياشىماق تېخى تەس. شۇڭا، دېمىم ئىچىمگە چۈشتى، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. خەير دې-دىم. موماي، خوراز، چورۇقنى يەنە بىر ئىزدىدىم. ماڭدىم، مېڭىۋەردىم، ئورنۇمدا قېلىۋەردىم. شۇنداق قىلىپ، بىر

قىشلاققا يەتتىم. خورىزىم شۇ قىشلاقتا بىر بايغا ئىشلەۋې-
تىپتۇ، باينىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى پەقەت شۇ خوراز بىلەن
مېڭىۋېتىپتۇ. خورىزىم بىلەن كۆرۈشتۇم، قۇچاقلىشىپ سۆ-
يۈشتۇم. بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇق-
كى، كۆرۈشە - كۆرۈشمەي، يىغلىشىپ كېتىپتۇق. خورىزىم
بايغا ئالتە ئاي كېچە - كۈندۈز ئىشلەپتۇ. خورازنى ئېلىپ
كېتىش ئۈچۈن باي بىلەن سۆزلەشتىم، بولمىدى، سوقۇش-
تۇم، بولمىدى. بايغا بۇ ئىشلار ئەرمەك بولدى، ئاخىر ھەققى-
گە بىر جۇۋالدۇرۇز بەرمەك بولدى. باي بۇنىڭغىمۇ ئاسان
كۆنمىدى. جۇۋالدۇرۇزنى ئالغىنىمغا خۇش بولدۇم، خۇش بو-
لۇپ، يەنە يولغا چىقماق بولدۇم، لېكىن خورىزىم ئۇنىمىدى،
ئۇ يەنە ئۈچ ئاي ئىشلەپ، ئاندىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ
قايتماق بولدى. مەن جۇۋالدۇرۇزنى ئېلىپ خۇرجۇنۇمغا سې-
لىپ، خورىزىمغا خەير دەپ، ئارقامدىن تېز كەل دەپ، يەنە
يولغا راۋان بولدۇم، موماي بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزدەپ
كېتىۋەردىم، كېتىۋەردىم، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، ئېگىز
تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۈتۈن ئالەمگە قارىدىم، كۆرۈنمى-
دى، ئاخىر بىر قىلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا
چۈشۈپ قارىسام، يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەتتە دەريانىڭ
بۇ تەرىپىدە، بىر كىچىك ئۆستەڭ بويىدا موماي كىر يۇيۇپ
ئولتۇرۇپتۇ، بېرىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ: «كېتەيلى، ئانا، يۈر»
دېسەم، «بايغا ئىشلىگىلى ئالتە ئاي بولدى، توققۇز ئاي بول-
غاندا ھەق بەرمەكچى، ھەققىمنى ئالماي كەتمەيمەن» دەپ ئۇ-
نىمىدى. مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدىم، ئۆسساپ كەت-
كىنىمگە ئۈچ كۈن بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. ھاۋا ناھايى-
تى ئىسسىپ قايناپ تۇرغان بىر چاغ ئىدى. مەن دەريا بويىغا
بارسام، سۈيى غاچچىدە توڭلاپ كېتىپتۇ، مۇزنى چېقىشقا تاش

تاپالماي، بېشىمنى قۇلىقىمدىن تۇتۇپ بىر قويغانىدىم، مۇز يېرىلدى، سۇنى راسا ئىچتىم، ئۇسسۇزلۇقۇم قېنىپ، يەنە يولغا چۈشتۈم، بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قارىسام، بې-شىمنىڭ تېگى يوق، ئويلىسام دەريادا قاپتۇ، جۇۋالدۇرۇزغا قا-رىسام ئۇنىڭ بىسى يوق. شۇنىڭ بىلەن «ئاپلا» دېدىم – دە، بېشىمنى تېپىشنى ئۇنتۇپ موماينى ئالغىلى باردىم. ۋاقىت ئۆچ ئايغا توشقانىدى. موماي يوق، سورۇشتۇرسەم، ئىش ھەق-قىنى ئالماقچى بولغىنىدا باي مومايغا تۆھمەت توقۇپ، ئۇنى دەسسەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مانا پادىشاھىم، ئەھۋال شۇ ! ھەممە تارتقۇلۇق پېقىرلارغىمۇ؟ ئويلاپ كۆرسىلە، دەرگاھ-لىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب كۈتكەندەك تۇ-رۇپتۇ.

پادىشاھ ھودۇقۇپ، ۋەزىر – ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ، ئەقىل سورىغاندەك قىلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— يالغانچىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى پادىشاھقا ھاقارەت. پا-دىشاھىمىزنىڭ زامانىسىدا بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلارنىڭ بو-لۇشى مۇمكىن ئەمەس ! — دەپ تۇرۇشىغا، گال:

— تەقسىر، تېخى گەپ بۇ يەردە ! — دەپ سۆزىنى يەنە باشلاپتۇ:

## ئۈچىنچى يالغان

— مومايىنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن باينىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ، ياقىسىدىن سۆرەپ، شەرىئەتكە ئېلىپ باردىم. شەرىئەت ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ، مومايىنىڭ خۇنىغا بىر ئېشەك بۇيرۇپ، «شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قەرز، ئادا قىلىش

پەرز» دەپ، يولغا سالدى. موماي ئۈچۈن يىغلاپ، نائىلاج ئېشەكنى مىندىم ـ دە، يولغا چىقتىم. كەڭ دەشت ـ باياۋاندا كېتىۋاتسام، قىرىق كارۋان ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ: «ھەي گال، ئېشىكىڭ يېغىر بولۇپ قاپتۇ، باشقىدىن توقۇۋال» دېدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ قارىسام، راستىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ ساقايتارمەن دەپ، كارۋانلاردىن سورىسام، كۆيدۈرۈپ باسقىن دەپ، بىر دانە ياڭاق بەردى. ياڭاقنى كۆيدۈرۈپ بېسىۋىدىم، بىردىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆكلەپ، چېچەكلەپ كەتتى، ياڭاقلىرى پىشىپ قالدى. ئېشەك ياڭاقنى كۆتۈرەلمەي بېلى ئېگىلىپ، قورسىقى يەرگە يەتتى. مەن ياڭاقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېشەكنى يېتىلەپ شۇدىگەرلىككە ئېلىپ باردىم. كۈچۈمنىڭ بارىچە ياڭاققا چالما ئېتىشقا باشلىدىم، لېكىن بىر تالمۇ ياڭاق چۈشمىدى. شۇنچىۋالا ياڭاقتىن بىرەرسى چۈشمىگىنىگە ئىچىم پۇشۇپ، ئاستا ئاۋايلاپ ياڭاقنىڭ تۆپىسىگە چىقتىم. قارىسام، ياڭاقنىڭ ھەممىسى شور باغلاپ كېتىپتۇ. شاختىن شاخقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرسەم، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈستى ئېتىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىر تەرىپىدە بىر ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ، بىر تەرىپىدە تاۋۇز تېرىلغان ئېتىز تۇرۇپتۇ. مەن تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۈم. پىلەكلەردىن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى، نېمىسىنى دەيلا، بىردەمدە ھەممىسى شالاقلاپ پىشتى. مەن بىر كۈنى پىچىپ يەي دەپ، بىر تاۋۇزنى ئۈزدۈم، پىچاقنى شۇنداق سېلىشىمغا تاۋۇز تاراسلاپ يېرىلىپ، پىچاق تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پىچاقنى ئالاي دەپ، تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم، قارىسام، پىچاق ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، ئىز-

دەپ تاپالماي يۈرسەم، بىر ئادەم ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن:
— ئاكا، پىچاق كۆردىڭىزمۇ؟ — دېسەم، ئۇ ئادەم:
— ئاۋۋال سەن ماڭا جاۋاب بەر، ئەسلىدە بىز قىرىق كارۋان ئىدۇق، ھەر بىرىمىزدە قىرىقتىن ئۇلاغ بار ئىدى، يوقىتىپ قويۇپ تاپالمايۋاتىمىز، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ مېنىڭ-دىن سورىدى.
— پادىشاھىئالەم، دەرگاھلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم، ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى قولىقىم سىلىدە، — دەپتۇ گال.
پادىشاھ ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئۇلار ھېچبىر مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بۇنى خىزىردىن باشقىسى بىلمەس، — دەپ تۇرۇشى-غا، پادىشاھنىڭ قىزى:
— بۇنى بىلمىگەن تەبىر بېرەلمەيدۇ. يىگىت مېنىڭ شەرتىمنى ئادا قىلدى. دادا، ئەمدى تويغا رۇخسەت قىلسى-ڭىز، — دەپتۇ.
پادىشاھ رازىلىق بېرىپ، ۋەزىر ۋە ئۆ-لىمالىرىنى تويغا ھا-زىرلىق قىلىشقا بۇي-رۇپتۇ.



# ئۈچ ئەخمەق

بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۈچ كىشى بار ئىكەن، ئۈچىلىسى يىگىت ئىكەن، يىگىت بولغاندىمۇ قورۇق سۆلەت، بىكار تە- لەپ، تايىنى يوق ئىكەن. ئۇلار يازنىڭ تازا ئىش قايىنىغان بىر كۈنىسى، تاماشا قىلىمىز، گۈل قىسمىز دەپ، بەشئېرىق دېگەن يەرگە مېڭىپتۇ، بىر پېشىنى ئۈستۈن، بىر پېشىنى تۆۋەن قىلىشىپ كېتىپ بارسا، ئۆزى راسا كېلىشكەن، چاچ- لىرى تېقىمىغا چۈشكەن نوچى بىر ئايال ئۇچراپتۇ. چوكان بۇلارغا تەبەسسۇم بىلەن تەزىم قىپتۇ. يىگىتلەر ھاڭۋېقىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە ئۇ چوكان خېلى يەرگە كېتىپ قاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا كۈلۈ- شۈپ، ماختىنىشىپ، شۇ يەردىن خېلى يەرلەرگىچە بېرىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بىرى ئارقىسىغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— نېمىدېگەن كېلىشكەن چوكان، ماڭا سالام قىلدى، كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ كۆرەڭلەپتۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قو- لىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ:

— نېمە دەيسەن؟ ماڭا سالام قىلدى، ماڭا! — دەپتۇ. ئاڭغىچە ئۈچىنچىسى تاقەتسىزلىنىپ:

— بىكار ئېيتىسىلەر، ئاكاڭغا سالام قىلدى، ئاكاڭغا! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن تالىشا - تالىشا، ئاخىر جالاق-

لىشىپ مۆشتىلىشىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر بوۋاي ھەيران بولۇپ:

— توختاڭلار، ھاي توختاڭلار، نېمە ئۈچۈن مۆشتىلىشىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۈچەيلەن تەڭلا:

— قارىماملا، بىر چوكان تەزىم قىلىپ ئۆتتۈۋىدى، شۇ تەزىمنى تالىشىپ قالدۇق، — دەپتۇ. بوۋاي:

— مانا قىزىق ! سىلەر مۇنداق ئۇرۇشۇپ تۇرغۇچە شۇ چوكاننىڭ ئۆزىدىن سورىساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۈچ يىگىت بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھېلىقى چوكاننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئارقا - ئارقىدىن ھۇقۇيتۇپتۇ:

— خېنىم ! ۋاي خېنىم ! سەل توختىسىلا، بايا قايسىمىزغا سالام قىلدىلا، قايسىمىزغا؟ — دەپ سوراپتۇ. چوكان توختاپتۇ ۋە بۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ:

— قايسىڭلار بەك ئەخمەق بولساڭلار، شۇنىڭغا تەزىم قىلدىم، — دەپ، يولىغا راۋان بوپتۇ.

— مەن ئەخمەق، مەن بەك ئەخمەق، — ئۈچەيلەن شۇنداق دېيىشىپ، يەنە مۆشتىلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە ھېلىقى بوۋاي ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ:

— يەنە نېمە دەپ ئۇرۇشۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇلار بولغان ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىڭلار، ئاندىن قايسىڭلارغا سالام قىلغانلىقىنى ئايرىپ بېرەي، — دەپتۇ. شۇ يەردىلا: «مەن ئېيتاي، مەن» دەپ، بىرىنچىسى سۆز باشلاپتۇ:

— قارىسىلا، تاغا، بىر كۈنى ئۆيگە كىرىپ ئىسسىناي دەپ شۇنداق ئوچاققا يېپىلسام، ئوچاق ئالدىدىكى كۈل دومباق بولۇپ تۇرۇپتۇ. قولۇمغا كۆسەينى ئېلىپ، كۈلنى پاتاڭگۇش-



لىسام① قولۇمغا تۆت تۇ-
خۇم چاچراپ چىقتى. دەررۇ بىر تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سويۇۋېتىپ ئاغزىمغا كاپپىدە سالدىم. سېلىپ تۇرسام، ئىچكەر-
كى ئۆيدىن ئانام چىقىپ قالدى. ئانامدىن ئۇياتقۇم كېلىپ، ئاغزىمنى چاڭ يۇمۇۋالدىم ۋە قوۋۇزۇمنى پوزنەك قىلىپ تۇرۇۋال-
دىم. ئاڭغىچە دادام كىردى:

— ۋاي ئوغلۇم، نې-
مە بولدى، ئىڭىكىڭ ئىششىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. كۆزۈمنى پارقىرىتىپ:

— ھىم، — دېدىم. دادام ئانامغا بىرنېمىلەرنى دەپ تالا-
غا يۈگۈردى. ئانام:

— ئاغزىڭنى جىم تۇت، — دەپ، نېرى كەتمەي قادى-
لىۋالدى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، دادام بىر ساتىراشنى باشلاپ كىردى.

— بالامنىڭ قوۋۇزى پوزنەك بوپقاپتۇ، يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتمىسۇن، يېرىپ ئېلىۋەتسىلە، — دېدى.

ساتىراش ئۇستىرىسى بىلەن قوۋۇزۇمنى ياردى. «مانا،

① پاتاڭگۇش — قاغىلىق شېۋىسىدە قوچۇش، ئاختۇرۇش دېگەن سۆز.

قېپى چىقتى» دەپ تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ئالدى، «مانا، يېرىكى چىقتى» دەپ سېرىقىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىسىنى ئېلىۋەتتى، ساقايسۇن، دەپ ئاغزى ـ بۇرنۇمنى تېڭىۋەتتى... مەن قاراپ تۇرۇپ ياڭىقىمنى يارغۇزغان مانا شۇنداق ئەخمەقمەن.

ــ شۇمىدى سېنىڭ سۆزۈڭ؟ ــ دەپ ئىككىنچىسى سۆز باشلاپتۇ، ــ سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭ مېنىڭ ئەخمەقلىقىمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن. قارىسىلا، تاغا، مېنىڭ بىر ئاغىچام[1] بار ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدىم. بىر كۈنى بازارغا بارغىلى قوپسام، ئاغىچام: «ھوي، ماڭا ئىككى پۇللۇق ئۇپا ئالغاچ كەلسىلە جۇمۇ» دېدى. شۇ يەردىن بازارغا بارغۇچە ئاغزىمدىن چۇشۇرمەي، «ئۇپا، ئۇپا، ئۇپا» دەپ باردىم. بازارنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئالدىمغا يوغان بىر ئېرىق ئۇچرىدى. ئال-دىمغا بىر، كەينىمگە بىر مېڭىپ، ئېرىقتىن بىر ئاتلىۋىدىم، ئۇيانغا يومىلاپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرسام، ئاغزىمدىكى ئۇپا ھېلىقى ئېرىققا چۈشۈپ قاپتۇ. ئېرىقنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىرىپ سۇنى ئىككى كونىچە مالتىلاپ ئىزدىدىم. شۇنداق ئىزدەپ تۇرسام، بىر ئادەم كېلىپ: «نەچچە كۈندىن بېرى بۇ سۇنى ئەجەب ئىزدەپ كەتتىڭ، نېمەڭ يىتىپ كەتكەنتى شۇنچىۋالا؟» دەپ سورىدى. «سودىلىقىم ئاغزىمدىن سۇغا چۈشۈپ يىتىپ كەتتى، يا يادىمدا يوق، يا سۇدا. شۇنى ئىزدەۋاتىمەن» دېۋىدىم، ئۇ كىشى: «سەن مۇنداق ئىزدەپ تاپالمايسەن، ئۇنىڭ-دىن كۆرە مەدرىسىدىكى ھەزرىتىمنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىساڭ، يادىڭغا سېلىپ قويىدۇ» دېدى. شۇ يەردىن مەدرىسىگە بېرىپ ۋەقەنى ئېيتىۋىدىم، ھەزرىتىم بىر كۈلۈپ، بىر ئۇ-ۋۇپ: «نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن بەچچىغەرنى... ماڭ مەدرىسى-

① ئاغىچا ــ قاغىلىق شېۋىسىدە خوتۇنۇم دېگەن سۆز.

نى قالايمىقان قىلماي !» دەپ قوغلىدى. مەن ئۈنىماي: «سادد-
غىلىرى كېتەي، ئاخۇنۇم ! سىلىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ شۇنداق
سودا بۇيرۇغان بولغىيدى، بىر ئېيتىپ بەرسىلە» دەپ تو-
رۇۋالدىم. يەنە كايىپ كەتتى. كەشىنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىگە
قارىماي كاسامغا نەچچىنى تېپىۋەتتى، بولمىدى. ئاخىر: «سەن
بەشئېرىق كوچىسىدىكى جىگدە تۈۋىگە بارساڭ، ئوتتۇرۇۋەتكەن
قىمارۋازلاردىن بىرى يولۇقىدۇ، شۇنىڭدىن سورىساڭ، ھەممە
ئىش جىمىقىدۇ» دېدى. بارسام، راست دېگەندەك بىر قىمارۋاز
ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. «ماڭا قارىسىلا»
دەپ ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋېدىم، خاپا بولۇپ
كەتتى، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ سەكرەپ كەتتى: «مەن بىر مد-
نۇت ۋاقتىمنى خوتۇنۇمنىڭ ئۇپىسىغا تەڭ قىلمايمەن !»
دەپ، مۇشت بىلەن ئوننى ئۇرۇپ، پەشۋا بىلەن سەككىزنى
سالدى. «ۋاي ھەشقاللا، ئۇپا، ئۇپا، ئۇپا... سىلى دېمىسىلە،
يادىمغا يەتمەيتتى، ئاكا» دەپ، ئارقامغا ياندىم...

گەپ شۇ يەرگە يېتە - يەتمەيلا ئۈچىنچىسى سۆز باشلاپتۇ:

— نېمە دەيدىكىن دېسەم... سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭ مېنىڭ
ئەخمەقلىقىمغا ياماقمۇ بولمايدىكەن. مەن خوتۇنۇمغا سەندىنمۇ
بەكرەك ئامراق ئىدىم. قارىسىلا، ئاكا، بىر كۈنى مەنمۇ بازار-
غا بارغىلى قوپۇۋېدىم، خوتۇنۇم: «ھەي، بارمىسىلا، ئەنسىرەي-
مەن» دېدى. «ياق»، دېۋېدىم، «ئۇنداق بولسا توختىسىلا، بازار
دېگەندە ئادەم جىق، يەڭگۈش بولۇپ كەتمىسىلە، سىلىگە بىر
نىشان قىلىپ قوياي» دەپ، بوينۇمغا يوغان بىر جۇۋاز قاپد-
قىنى ئېسىپ قويدى. بۇ دۇرۇس بولدى دەپ، يولغا راۋان
بولدۇم. بازارغا كىرگۈچە ئون ئالتە يەردە تىنىپ، سەككىز
يەردە يېتىپ، ئاران باردىم. بازاردا ئادەم مىغ - مىغ، قىيا-
مەت. ئۇقمايمەن نەدە يۈردۈم، قايان باردىم. بىر چاغدا ھېرىپ -

ئېچىپ، ئۆزۈمگە شۇنداق قارىسام، قاپاق يوق. «ئاپلا! مەن ئەمدى يىتىپ كېتىپتىمەن...» دەپ، ھەزرىتىمگە يۇگۇردۇم. يىقىلىپ ـ قوپۇپ كېتىپ بارسام، ئالدىمغا جىق باللار ئۇچرىدى. «ۋاي ئاكا، نەگە؟ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى. «ئۆزۈم يىتىپ كېتىپتىمەن... قاپاق يوق! نېمىمۇ دەر ئاچاڭلار» دېۋىدىم، باللار: «ۋاي ئەنە، قاپاق ئارقىلىرىدا تۇرىدىغۇ» دېدى. باللار قاپاقنى ئالدىمغا ئېلىپ كۆرسەتكەندە قارىسام، راست، قاپاق ئارقامغا ئۆتۈپ قالغانىكەن. مەن دېگەن مانا شۇنداق ئەخمەق!

ھېلىقى بوۋاي:

— ئۇنداق بولسا، ئۇچىڭلار بىر ـ بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىغان ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ئۇ چوقۇم ئۇچىڭلارغا تەڭ سالام قىپتۇ، — دەپ ماجىرانى ئايرىپ قويۇپتۇ.

# يەتتە لىگلىتاق بىلەن بىر شىگلىتاق

ئەلمىساقتا يېقىن زاماندا، نامەلۇم بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يەردە ھالال لەقەملىك بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى ئېتىزدا كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ماڭلايلىرىدىن تەپچىرەپ تامغان پاك تەرلىرىنى زېمىنغا ئاققۇزۇپ، ئائىلىسىنى بېقىپ يۈرگەن. بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئۇ ئەر ئۆمرىدە ئەجرى سىڭمىگەن بىر تال داننى، ئوغرىلاپ قالغان بىر بۇردا ناننى كۆز سالمىغان ھالال ئادەم بولغاچقا، يۇرت ئەھلى بارا - بارا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىنى ئۇنتۇپ، ھالال ئاخۇن دەپ ئاتايدىغان بولغانىكەن. ھالال ئاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلىمۇ دادىسىنى تارتىپتۇ. چۈنكى، ھالال ئاخۇن ئوغلىنىمۇ كىچىكىدىن ئىشتا پىشۇرۇپ، دىلىغا ياخشى خۇلق سىڭدۈرۈپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەقىل ئۆگىتىپ چوڭ قىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ زېرەك ئادەم بولۇپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ.

بۇ يۇرتتا يەنە ھالال ئاخۇننىڭ ئوغلى بىلەن تەڭتۇش يەتتە ئوغۇل بار ئىكەن. بۇ يەتتىلەن باشقا بىر دۇنيا، ھالال ئاخۇننىڭ ئوغلى باشقا بىر دۇنيا ئىكەن. يەتتىلەن ھۇرۇن، تەييارتاپ، ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان، ھەمىشە شامال سوققان يېكەندەك لىغىشىپ يۈرىدىغان لايغەزەل نېمىلەر

ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنى «يەتتە لىڭگىلتاق» دەپ ئاتايدىكەن. ھالال ئاخۇننىڭ ئوغلى ئاتىسىغا مېھرىبان، ئىشچان، ئۆيىگە كۆيۈنىدىغان زېرەك بالا ئىكەن. ئۇ كۈن بويى ئۆيىنىڭ، ئېتىزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يەتتە لىڭگىلتاققا ئارىلاشماي يۈرىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى يەتتەيلەندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «بىر شىڭگىلتاق» دەپ ئاتىشىدىكەن. يەتتە لىڭگىلتاق بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرۈپ، يۇرت ئەھلىنى نارازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدىكەن. شىڭگىلتاق ئۇنىڭ ئەكسىچە نەدە ياخشى ئىش بولسا شۇ يەردە تېپىلىدىكەن. يۇرت چوڭلىرى يەتتە لىڭگىلتاقنى كۆشەندە دەپ بىلىدىكەن، شىڭگىلتاقنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. يەتتە لىڭگىلتاق قانچە قىلىپمۇ شىڭگىلتاقنى ئۆزلىرىگە قوشالمىغاچقا، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچلۈك قىلىدىكەن، ئۇنى بىرنېمە قىلىپ بابلاشنىڭ قەستىدە يۈرىدىكەن. شىڭگىلتاقمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆچلۈكىنى، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئۆزىنى پايلاپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بىر ئامال قىلىپ ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ شۇملۇقىدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرىدىكەن.

ئارىدىن كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. شىڭگىلتاق چوڭىيىپ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ لىڭگىلتاقلارنىڭ شىڭگىلتاققا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانچە كۈچىيىپ بېرىپتۇ. بىر يىلى شىڭگىلتاقنىڭ دادىسى تاسادىپىي ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. شىڭگىلتاق دادىسىنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ، نەزىر - چىراغلىرىنى ئەل قاتارى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئانىسىنى ئوبدان بېقىپتۇ.

شۇ يىلى يەتتە لىڭگىلتاقلارنىڭ دادىلىرىمۇ ئارقا - ئار- قىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. لىڭگىلتاقلار يىغلاپ - قاقشاپ دادىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، شىڭگىلتاقنى قانداق جايلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— بۇ شىڭگىلتاق يەتتىمىزگە كەلگەن ئاپەت بولدى. ئۇ بولسىلا بىزگە كۈن يوق، — دەپتۇ.

— ھەممە ئادەم شىڭگىلتاق ئوبدان، شىڭگىلتاق ئىشچان دەپ ماختاپ، بىز يەتتىمىزنى تىللايدىكەن. تۈنۈگۈن يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئاقساقال قېرى مېنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ: «يەتتە مەرەزنىڭ بىرى، سىياقى ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن ئا- دەم دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەتتىسىنى بىر شىڭگىلتاقنىڭ تىر- نىقىغا تېگىشكىلى بولمايدۇ. شىڭگىلتاق يۇرتىمىزنىڭ گۈلى بولسا، بۇ يەتتەيلەن يۇرتنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز» دەپ تىللاپ كەتتى. ئەگەر ئاشۇ شىڭگىلتاق بولمى- غان بولسا، خەقلەر بىزنى ئاشۇنداق تىللامتى؟ ئۇنى كۆزدىن يوقاتماي بولمايدۇ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— خەقلەرنىڭ ئۇنداق - مۇنداق گەپلىرىگە ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇرۇتلىرى ئۆ- سۈپ قالغان بىرى، — ھازىر يۇرتنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بالا تەگكۇر شىڭگىلتاقنى چۈشەيدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرەردەم بولسىمۇ بىللە تۇرۇۋېلىشنى، بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىشىشنى تەمە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا ئۇنىڭ ياخشى سۆزلىرى، بىزنىڭ يامان گەپلىرىمىز بار ئىكەن.

— ئۇ راستتىنلا بىزگە بالاقازا بولدى، — دەپتۇ يەنە بىرى، — ئۇنىڭ دادىسى ئۆلگەندى، بىزنىڭمۇ دادىلىرىمىز

ئارقا ـ ئارقىدىن كۆز يۇمدى. ھەقىچان ئۇ دادىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا بىزنىڭمۇ دادىلىرىمىزنى قارغىغان گەپ. ئۇ ھارام. لىقنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ.

— توختا، ئىش ئۇنداق ئاسان بولمايدۇ، — دەپتۇ ئۇلار. نىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق بىرى، — ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك، شامال چىقسا دەرەخ لىڭشىماي قالمايدۇ. ئۆلتۈرگەن بىلەن ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. ئۇنى ئەپلىك يول بىلەن جايلاپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزىگە يېگۈزۈپ تۈگەشتۈرۈش كېرەك.

لىڭگىلتاقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، شىڭگىلتاقنى زادى قانداق جايلاش ھەققىدە ئۇزاق دەتالاش قىلىشىپتۇ ۋە پەيت كۈتۈشكە كېلىشىپتۇ.

بىر يىلى شىڭگىلتاق بەش چارەكلىك يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىچى قوتۇر يەتتە لىڭگىلتاقمۇ ئۇنى دوراپ ئېتىزدا سۆرىلىپ يۈرۈشۈپ ئاران دېگەندە ئون چارەكلىك يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ، بىر تېرىپ قويغان پېتى تا بۇغداينى ئورىدىغان چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويماپتۇ. شىڭگىلتاق كۈندە دېگۈدەك ئېتىز بېشىغا كېلىپ قىرلارنى ئارىلاپتۇ، ئوتاپتۇ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوغۇتلاپ، پەيتىدە سۇ. غىرىپ تۇرۇپتۇ. كۈز بولغاندا شىڭگىلتاقنىڭ بۇغدىيى بىر غېرىچ ـ ئىككى غېرىچ باشاق تۇتۇپتۇ. لىڭگىلتاقلارنىڭ بۇغ. دىيى قىردىن ئاشالماي، كۆپىنچىسى قۇرۇپ قاپتۇ. ساق قالغان ئۇنچىلىرى بىرنەچچە تالدىنلا دان تۇتۇپتۇ.

ھەممە ئادەم ئورمىغا چۈشۈپتۇ. شىڭگىلتاقمۇ ئورغىقىنى چاقلاپ، قاپىقىغا چاي تولدۇرۇپ، بېلىگە ئانىسى ئوچاققا كۆ. مۈپ پىشۇرۇپ بەرگەن قىيما كۆمەچنى تۈگۈپ ئېتىزغا كەپ. تۇ. ئۇ ئورغىقىنى ئۇنچىلەرگە شارتىلدىتىپ سۈرۈپ ئورۇشقا باشلاپتۇ.



بۇ چاغدا لىنگ-
گىلتاقلار قىر بې-
شىغا كېلىپ يان-
پاشلاپ يېتىپ بەك
تارتىشىپ ئولتۇرۇپ-
تۇ. ئۇلار ئۆزلىر-
نىڭ بۇغدىيى بىلەن
شىڭگىلتاقنىڭ بۇغ-
دىيىغا قاراپ ھەسەت
ئوتىدا پۇچىلىنىپ-
تۇ، ئىچى قىزىپ
شىڭگىلتاقنى ئۆل-
تۈرۈۋەتكۈسى كې-
لىپتۇ. ئۇلار بىر
كۈنى شۇنداق
ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە كەچ قىلىپ، لەلەگشىپ ئۆيلىرى-
گە قايتىپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن كەلسە شىڭگىلتاق ئور-
مىسىنىڭ يېرىمىنى ئورۇپ، ئۇنچىلىرىنى يىغىپ بولغانىكەن.
لىنگگىلتاقلارمۇ ئامالسىز بۇغداينى ئورۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ-
چىنچى كۈنى شىڭگىلتاقمۇ، لىنگگىلتاقلارمۇ ئىشنى تۈگىتىپ-
تۇ. شىڭگىلتاق ئۇنچىسىنى خامانغا دۆۋىلىگەنىكەن، گويا تاغ-
دەك بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىچى يامان لىنگگىلتاقلارنىڭ يۈرەك -
باغرى زەھەر قۇيغاندەك ئېچىشىپ، خەپ دەپ قوللىرىنى
چىشلىشىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر
شىڭگىلتاقنىڭ خامىنىغا ئوت قويۇۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ.
راست دېگەندەك، شۇ كۈنى تەڭ كېچە بىلەن كېلىپ خامانغا

ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنچە چاراسلاپ كۆيۈپ، ئاسمان ـ پەلەك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر دۆۋە كۈلگە ئايلىنىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇپتۇ. مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ، شىڭگىلتاقتا ھېسداشلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. بۇ ئوتنى كىم قويۇۋەتكەنلىكى ھەممە ئادەمگە ئايان بولسىمۇ، ھېچكىم گەپ ـ سۆز قىلماپتۇ، چۈنكى زەھەرخەندە لىڭگىلتاقلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ زىيان سېلىشىدىن قورقىدىكەن. جامائەت ئادەم ئەۋەتىپ شىڭگىلتاقنى چاقىرىپ كەپتۇ. شىڭگىلتاق كۈلگە ئايلانغان خاماننى كۆرۈپ ھېچنېمە دېمەپتۇ، قايغۇرۇپ ئولتۇرماپتۇ. ئۇ خاماننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە ھەيرانۇھەس قاپتۇ. شىڭگىلتاق بولغان ئىشنى ئانىسىغىمۇ دېمەي، ئۇدۇل ئۆگزىگە چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ، خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ئۆزى خامانىنىڭ قېشىدا كۈلنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك، شۇ چاغدا بىر بوۋاي يەردىن ئۈنگەندەك كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ مۇنداق دەرمىش: «ئوغلۇم، كۆپ قايغۇرۇپ كەتمە، دۇنيادا بىر خاپىلىقنىڭ بىر خۇشاللىقى بولىدۇ. خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى خاپىلىق پېتى ئۆتۈپ كېتىۋەرمەيدۇ. خاپىلىقنىڭمۇ بەزىدە ئېلىپ كېلىدىغان ئاجايىپ خۇشاللىقلىرى بار. بۇ كۈلگە ئايلانغان بۇغدايلارنى تاغارلارغا تولدۇرۇپ شەھەرگە ئېلىپ بار. خۇدايىم ساڭا ئالتۇننىڭ پۇلىنى نېسىپ قىلغۇسى.»

بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىپ شىڭگىلتاقنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شىڭگىلتاق ئويغىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆگزىدىن ئالدىراپ چۈشۈپتۇ، ئۆيىدە-

ـكى تاغارلارنى ئېلىپ خامانغا بېرىپتۇ ـ دە، تاغارلارغا كۆلنى ـلىقلاپتۇ. كۆرگەنلەر، بۇ بالا دەردكە چىدىماي ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، گۇمان قىلىشىپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ.
شىڭگىلتاق بولسا بىر خىلدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، تاغار ـ لىرىنىڭ ئېزىمىلىرىنى ئېتىپتۇ، ئاندىن قوشنىلىرىدىن بەش ئېشەكنى بىر كۈنلۈك تىلەپ، تاغارلارنى ئېشەكلىرىگە ئار ـ تىپ، ئوبدان باغلاپ بازارغا قاراپ يول ئاپتۇ.
بازاردا ئادەم مىغ ـ مىغ ئىكەن. شىڭگىلتاق تاغار ئار ـ تىلغان ئېشەكلىرىنى ئالدىغا سېلىپ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى بىردەم ئايلىنىپتۇ. ئۇ پات ـ پات: «كۆل ئالامسىلەر، كۆل؟ كىم كۆل ئالىدۇ؟» دەپ توۋلاپ قويۇپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا خېرىدار بولماپتۇ، ھەتتا بەزى ئادەملەر ئۇنى ئىچىدە تىللاپ مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپتۇ. شىڭگىلتاق ئويلاپ ئولتۇرمايلا گې ـ پىنى ئۆزگەرتىپ: «ئالتۇن ئالامسىلەر، ئالتۇن؟» دەپ توۋلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇنداق توۋلاپ كېتىۋاتسا، ئۆگزىسىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان بىر كاتتا ھاماقەت باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆگزىسىدىن چۈشۈپ شىڭگىلتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئالتۇن ساتىمەن دېدىڭما؟ قېنى چىقىرىپ باقە، مەن ئالاي، — دەپتۇ. شىڭگىلتاق تاغارلاردىكى كۆلنى كۆرسىتىپ:
— مانا مۇشۇ تاغاردىكى ئالتۇن، ئالتۇن بولغاندىمۇ ساپ ئالتۇن، ئالسىلا، ئەرزان بېرىمەن، — دەپتۇ. باي تاغاردىكى كۆلنى كۆرۈپ:
— ھەي، بۇ قانداق گەپ؟ مەن دۇنيادا نۇرغۇن ئالتۇنلار ـ نى ئۇياق ـ بۇياق قىلغان ئادەم، ئەجەبا، مۇنداق كۆلگە ئوخ ـ شاش نېمىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرمە يەنە، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ باي ئاكا، ئۆزلىرى دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئوخشايلا. مۇنچىلىك ئالتۇن ئەسلىي پېتىچە تۇرسا، قەست بولماي قالامدۇ؟ ! يامان كۆزلەردىن خا- لىي قىلىش ئۈچۈن ئالتۇنلارغا بىر قەۋەت قارا رەڭ بېرىپ، كۆرسە كۆل، كۆرمىسە ئالتۇن قىلىمەۋەتكەن گەپ. ئۆزلىرى «كۆرسە كۆل، كۆرمىسە ئالتۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپتۇ شىڭگىلتاق چاندۇرماي گەپ يورغىلىتىپ.

— ياق، ئۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ باي ھەيران بولۇپ.

— بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، چۈنكى سىلى ئۆز- لىرىنى ناھايىتى چوڭ باي ھېسابلاپ يۈرگەنلىرى بىلەن، بىزدەك بايلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ كىچىك باي ھېسابلىنىلا، ئۆمۈر بويى بۇنداق كۆپ ئالتۇننى كۆرمىگەن. بىز چوڭ بايلاردا ئالتۇننى «كۆرسە كۆل، كۆرمىسە ئالتۇن قىلىش» دې- گەن گەپ بار. بۇنىڭ مەنىسى ئوغرى - قاراقچىلاردىن ساق- لىنىش ئۈچۈن ئالتۇنغا قارا رەڭ سۈركەش دېگەنلىك. ئوغرى كۆرسىمۇ كۆل ئىكەن دەپ، قول تەگكۈزمەيدۇ. بۇ ئالتۇنلار يوروق يەردە قارا تۇرغان بىلەن قاراڭغۇ ئۆيدە ۋاللىداپ كې- تىدۇ، — دەپتۇ.

ھاماقەت باي بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي، قاراڭغۇ ئۆيدە كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بىر تاغار كۆلنى شىڭگىلتاق باينىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈپتۇ. باي بولسا ئىشىكلەرنى تاقاپ تۆكۈلۈكتىن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ئۆگزىگە چىقىپ كېتىپتۇ. باي ئۆگزىگە چىقىپ بولغۇچە شىڭگىلتاق ئوچاقتا تاۋلىنىپ تۇرغان چوغدىن بەش - ئالتە تالنى كۆلگە سېلىپ پۈۋلەپتۇ. شۇنداق پۈۋلىگەنىكەن، چوغ كۆلنىڭ ئىچىدە ۋال - ۋۇل يېنىپتۇ. باي تۆكۈلۈكتىن قارىسا، بايا كۆلدەك تۇرغان

نەرسە تىللادىنمۇ بەكرەك ۋالىلداپ تۇرغۇدەك. باي خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئۆگزىدىن چۈشۈپ:

— بولدى، بولدى، راستىنلا ناھايىتى ئېسىل ئالتۇن ئىكەن. نەرخىنى قانداق كېلىشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باي ئاكا، — دەپتۇ شىڭگىلتاق، — ئەسلىدە بۇ ئالتۇنلارنى ساتماقچى ئەمەستىم. تاسادىپىي باشقا مەملىكەتلەرگە چىقىپ، ئالەمنى كۆرۈپ كېلىش ھەۋىسىم قوزغالدى. بۇ نەرسىلەر ماڭا بىر يۈك بولدى. تاشلاپ كېتەي دېسەم خاتىرجەم بولالمايمەن. شۇڭا، بىرەر ياخشىراق بايغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كېتەي دەپ ئويلىغانىدىم. مانا ئۆزلىرى ئۇچراپ قالدىلا. ماڭا ئارتۇق پۇل لازىم ئەمەس، بۇ ئالتۇنلارغا بىر يولى پۇل چىقىرىپ بولۇشلىرىمۇ ناتايىن، شۇڭا ماڭا ھازىرچە ئالتۇنلارنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنىڭ يېرىمىنى بەرسىلە، يېرىمىنى مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېرەلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ئالدىراپ دېگۈدەك ئۆيىدىكى بارلىق نەق پۇلنى جەملەپ ئىككى تاغارغا توشقۇزۇپ بېرىپتۇ. شىڭگىلتاق باي بىلەن خوشلىشىپ، ئىككى تاغار پۇلنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مال بازىرىغا بېرىپ بەش قېچىر سېتىۋېلىپ، شەھەردىن چىقىپتۇ، شەھەردىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر دېھقانىنىڭ خامىنىدىن توققۇز تاغار بۇغداي سېتىۋېلىپ، ئېشەك، قېچىرلارغا يۈكلەپ مەھەللىسىگە كەپتۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەر شىڭگىلتاقنىڭ بازارغا بىرقانچە تاغار كۆل ئېلىپ كىرىپ كېتىپ، شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە قانداق قىلىپ بىردەمدە بۇنداق باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىشىپتۇ. ئەمما، شىڭگىلتاق: «ئۆزۈڭ تاپقان يولنى ئاتاڭغا دېمە، دېگەن گەپ بار. خاپا بولمايسىلەر، مەن

سىلەرگە بۇ ئىشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. خالايىقمۇ ئۇنى ئارتۇق قىستىماسلىقنى راۋا كۆرۈپتۇ.

شىڭگىلتاق ئانىسى بىلەن خۇشال بولۇشۇپ، كۈلۈشۈپ، ئۆمۈر بويى كۆرۈپ باقمىغان ئامەتتىن يۈرىكى يېرىلاي دەپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن پۇللارنى كۆزدىن يىراق يەرگە جايلاشتۇرۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئەمدى يوراي دېگەندە، بىرى ئۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. شىڭگىلتاق ئېرىنگەن هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىرىماي ـ هودۇقماي بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ، قارىسا يەتتە لىڭگىلتاق سولاشقان هالدا قاراپ تۇرغۇدەك. شىڭگىلتاق ئۇلارنىڭ بىچارە هالىتىگە قاراپ كۈلۈۋەتكىلى تاس قاپتۇ، لېكىن چاندۇرماي:

ــ بۇنچە سەهەردە كېپقاپسىلەر، بىرەر ئىش بارمىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.



ــ دوستۇم، باغرى كەڭ ئاغىنەم، بىز تۇزكورلارنى نېمە قىلساڭ قىل، بىز ساڭا ئاز ئەسكىلىك قىلمىدۇق، لېكىن سەن دائىم ياخشىلىقلا ئويلاپ كەلدىڭ. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىل، «ياخشىلىققا ياخشىلىق هەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا

ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. بىزگە رەھىم قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ قانداق بېيغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭ، بىزمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل تېپىپ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرسەك، ــ دەپ يېلىنىپتۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرى.

ــ شۇنچىۋالا تۇزۇت قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، قانداق گەپ بولسا ئولتۇرۇپ دېيىشىمىز، ــ دەپتۇ شىڭگىلتاق چاندۇرماي. لىڭگىلتاقلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شىڭگىلتاق ئۇلارغا چاي، مەزە كەلتۈرۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ــ مەن سىلەرگە يالغان سۆزلەشنى راۋا كۆرمەيمەن. مېنىڭ باشقا يول تاپقىنىم يوق. ئۆزۈڭلارغا مەلۇم، بۇغدايلىرىم ئوبدان ئوخشىغانىدى. ئۇنچىلەر تازا قۇراي دېگەندە كىسمىدۇر بىرى ئوت قويۇپ بەردى. بىر يىللىق ئەجرىمنى ئويلاپ، كۆللىرىنى بولسىمۇ بازارغا ئاپىرىپ باقاي دەپ، بازارغا ئەكىردىم. كۆتمىگەندە كۆلنىڭ نەرخى ئالتۇن بىلەن تەڭ چىقىپ قالدى. بىر باي كۆل ئالماقچىكەن، بىراقلا سېتىۋالدى. تاغارلاپ پۇل ئېلىپ ياندىم، مېنىڭ پۇلۇم ئەنە شۇ. خالىساڭلار، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىپ بېقىڭلار، خالىمىساڭلار ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، مەن سىلەرگە بۇ ئىشتا ھۆددە قىلالمايمەن. «تۇنۇگۇنكى بازار بۈگۈن يوق» دەيدىغان گەپ بار. ھازىر كۆلنىڭ نەرخى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتىمۇ ياكى چۈشۈپ كەتتىمۇ بىلمەيمەن، ئۆزۈڭلار يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسسەڭلار بولىدۇ.

لىڭگىلتاقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىنى جىملىق قاپلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار شىڭگىلتاق بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇلار كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي، ئۆدۈل خامانغا بېرىپ ئۇنچىلەرگە ئوت يېقىپتۇ. قۇرۇپ كەت-

كەن بۇغداي ئۇنچىلىرى گۇركىرەپ كۆيۈپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر دۆۋە كۈلگە ئايلىنىپتۇ. قوقاسلار ئۆچۈپ بولغۇچە ئۇلار تاغارلارنى تەييارلاپتۇ ۋە كۈلنى تاغارغا ئۇسۇپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ بازارغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇلار بازارغا كىرىپ: «كۈل ئالامسىلەر، كۈل؟ ياخشى كۈل، ئەرزان ساتىمىز، كۈلنىڭ باھاسى ئاران ئالتۇن نەرخىدە، بىر تاغار كۈل بىر تاغار پۇل» دەپ، كانايلىرى يىرتىلغۇچە توۋلاپ يۈرۈپتۇ. ئادەملەر ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشۈپتۇ. خالايىق، ئۇلار ئەقلىدىن ئاداشقان بىر توپ ساراڭ بولسا كېرەك دەپ، قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئەمما، ھېچكىممۇ كۈل ئالمەن، دېمەپتۇ. ھەتتا بەزى ئادەملەر ئۇلارغا: «ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ كۈلنى ئالغان نەدە بار؟» دەپ مەسخىرىلىك سوئال قويۇپتۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، بىر خىل ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈشۈپتۇ. كۈن كەچ بوپتۇ. شەھەر كوچىلىرى جىمىپ قاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە لىڭگىلتاقلار: «كۈللىرىمىزگە قەست بولۇپ قالمىسۇن، قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالمايلى» دېيىشىپ، ئادەم ئاياغ باسمايدىغان يەرگە مۆكۈنۈپتۇ. كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئېتىپتۇ. شەھەر بازىرى يەنە قىزىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يەنە كۈلگە ئالتۇن نەرخىدە خېرىدار چاقىرىپ ئالەمنى كەچ قىپتۇ، بۇ كۈنى خېلى جىق ئادەملەردىن ئاھانەت ئاڭلاپتۇ.

لىڭگىلتاقلار يىغلاپ - قاقشاپ مەھەللىگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ شىڭگىلتاققا غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تېشىپتۇ. بۇ قارا نىيەتلەر شۇ كېچىسى يېرىم كېچە بىلەن شىڭگىلتاقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. ئەتىسى ۋەقە يۇرت - مەھەللىگە مەلۇم بوپتۇ. ھەممە ئادەم بۇ ئايالنىڭ قاتىلى ئاشۇ قارانىيەت يەتتە لىڭگىلتاقنى

ئېنىق بىلسىمۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، غىڭ قىلماپتۇ. خالايىق شىڭگىلتاققا تەسەللى بېرىپ: «جەسەتنى دەپنە قىلىۋېتەيلى» دېيىشىپتۇ. ئەمما، شىڭگىلتاق بىر كىچە قوندۇرۇشنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە قولۇم - قوشنىلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىدا يالغۇز قاپتۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ قار - يامغۇر يىغلاپتۇ. ئاخىر كۆڭلىدىن بىر ئەقىل كېچىپ، يېرىم كېچە بىلەن ئانىسىنى خانىشتەك ياساپ كىيىندۈرۈپ، يۈزىگە چۈمبەل ئارتىپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى ئاتنى يېتىلەپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ چوشكىچە بازار ئارىلاپ: «خانىش كەلدى، پوش! خانىش كەلدى، يولنى بوشىتىڭلار!» دەپ توۋلاپ يۈرۈپتۇ. ئادەملەر ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ، ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ يول بېرىپتۇ. چۈشتىن سەل قىيىلغاندا، ئۇ ئاتنى يېتىلەپ شەھەرنىڭ تېشىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر باينىڭ چەشلەنگەن خامىنىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. خاماندا ھېچكىم يوق ئىكەن. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شىڭگىلتاق ئاتنى خامانغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى تەرەتكە ئولتۇرغان بولۇپ بىر چىتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپتۇ. چەشلەنگەن بۇغدايىنى ھە دەپ يەۋاتقان ئاتنى كۆرگەن باينىڭ قىزى ئاتنىڭ ئۈستىدىكى «خانىش»نى بولۇشىغا تىللاپ، ئارىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ئاتنى ئارا بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. ئارىنىڭ زەربىسىدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئات پۇشقۇرۇپ قاچقانىكەن، ئۈستىدىكى ئايال يەرگە پوككىدە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شىڭگىلتاق چىتنىڭ ئارقىسىدىن سەكرەپ چىقىپ ئانىسىنى قۇچاقلاپتۇ. باينىڭ قىزىمۇ قورققىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ. شىڭگىلتاق ئانىسىنى

مەھكەم قوچاقلاپ:

— ۋاي ئانام، ۋاي ئانام، مەن قانداق قىلارمەن، ئانام، قانداق ئېتەرمەن، ئانام، مېنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز، ئانام، مېنى كىم باقىدۇ، ئانام، — دەپ ۋارقىراپ ئۆپكىدەپ يىغلاپتۇ. شۇ ئارىدا باي ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ.

— ھوي بالام، يىغلىما، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرەي، بالام، يىغلىما، — دەپ يېلىنىپتۇ باي. ئەمما، شىڭگىلتاق پەرۋا قىلماي:

— مەن يالغۇز قالدىم، ئانام، مەن يېتىم بولدۇم، ئانام، — دەپ يىغلاۋېرىپتۇ. باي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇياق - بۇياقتىن كەلگەن ئادەملەر شىڭگىلتاقنىڭ قېشىغا توپلىنىشقا باشلاپتۇ. باي ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ شىڭگىلتاققا يالۋۇرۇپتۇ:

— بولدى، يىغلىما، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن قىزىمنى ساڭا بېرەي، يىغلىمىغىن، — دېگەنىكەن، شىڭگىلتاق:

— قىزىڭنى بەرگەن بىلەن ئولتۇرغىلى ئۆي بولمىسا، ئانام، ئانام، — دەپ يەنە يىغلاپتۇ. باي ئۆزىنىڭ كاتتا ئۆيلىرىنى بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ، ئەمما شىڭگىلتاق يىغىسىدىن توختىغىلى ئۇنىماي: «ئۇنى بەرگەن بىلەن پۇل بولمىسا، ئانام - ئانام» دەپ، بايدىن قازان - قومۇشقىچە ئاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شىڭگىلتاق شەھەردە ئەڭ كاتتا بايغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بايلىقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لىڭگىلتاقلار شىڭگىلتاقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ باي بولۇش جەريانىنى سوراپتۇ. شىڭگىلتاق:

— ئانامنى بىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن، بازارغا ئەكىرىپ

سېتىپ مۇشۇنچە نەرسىگە ئىگە بولدۇم، — دەپتۇ. لىڭگىلتاقلار: «بىزمۇ شۇنداق قىلايلى» دېيىشىپ قايتىپتۇ. راست دېگەندەك، يەتتە لىڭگىلتاق كېچىسى ئانىلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەتىسى يەتتە ئۆلۈكنى ئاتقا ئارتىپ بازارغا ئەكىرىپتۇ. ئۇلار رەستە ئايلىنىپ:

— ئۆلۈك ئالامسىلەر، ئۆلۈك؟

— كىم ئۆلۈك ئالىدۇ؟

— ئۆلۈك ساتىمەن، — دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرگەنىكەن، بازاردىكى ئادەملەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، كۆتىگە تېپىپ بازاردىن ھەيدەپتۇ. بۇ ئىش لىڭگىلتاقلارغا دەرد ئۈستىگە دەرد ئېلىپ كەپتۇ. لىڭگىلتاقلار كېچىچە ئۇخلىماي مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئاخىر شىڭگىلتاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قىساس ئالماقچى بوپتۇ.

ئەتىسى تاڭغا يېقىن شىڭگىلتاق ئەمدى قوپاي دەپ تۇ-



روشىغا، دەرۋازا قېقىلىپتۇ. شىڭگىلتاق دەرۋازىنى ئاچقانىدە-كەن، يەتتە لىڭگىلتاق كاپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇپ تاغارغا سولاپتۇ. تاغارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، بىر ئېشەككە ئار-تىپ دەريا بويىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزاق ماڭغانىدىن كېيىن، ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. يەتتە لىڭگىلتاق شىڭگىلتاقنى دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىۋېتەيلى دەپ، دەريا بويلاپ يۈرۈپتۇ. كۈن قىزىرىپ، ئالەم نۇرغا كۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا لىڭگىلتاقلارنىڭ نەشە چەككۈسى كەپتۇ. ئارىدىن بىرى:

— ئاغىنىلەر، بىر تارتىشىۋالمايلىمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق قىلساققۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ يەنە بىرى. يەتتە لىڭگىلتاق دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ چېكىشكە باشلاپتۇ. ئېشەك شىڭگىلتاقنى ئېلىپ دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە كېتىۋېرىپتۇ. لىڭگىلتاقلارنىڭ بىرى ئېشەكنى توختىتىۋالاي-لى دېگەنىكەن، قالغانلىرى:

— بولدى، مېڭىۋەرسۇن، يېتىشىۋالىمىز، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە لىڭگىلتاق نەشىگە تويۇش قىپتۇ. شىڭگىلتاق تاغارغا سولانغان پېتى ئېشەك بىلەن كېتىۋېرىپ-تۇ. شىڭگىلتاق تاغارنىڭ ئىچىدە يېتىپ قۇلاق سالسا، لىڭ-گىلتاقلارنىڭ شەپىسى يوقمىش. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شىڭگىلتاق ئىچىدە: «خۇدا، ئۆزۈڭ قۇتقۇزغايسەن» دەپتۇ.

ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بىر پادىچى دەريا بويىدا قوي بېقىۋاتقانىكەن، ئۇ قويلار-نىڭ سانىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن. پادىچى دەريا بو-يىدا قويلىرىنى سوغىرىپ تۇرسا بىر ئېشەك كەپتۇ، ئۈستىدە بىر تاغار تۇرغۇدەك. ئېشەك كەلگەن تەرەپكە قارىسا ھېچكىم

كۆرۈنمەپتۇ. پادىچى، بۇ كىمنىڭ ئىشىكىدۇ، تۇگمەنگە بارغان بىرەر ئادەمنىڭ ئىشىكى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. پادىچى ئىشەككە ئارتىلغان تاغارغا قارىسا، ئىچىدە بىرنېمە مىدىرلىدى. غۇدەك. يېقىن بارغانسىكەن، تاغارنىڭ ئىچىدىن مۇنداق گەپلەر ئاڭلىنىپتۇ: «مەن پادىشاھ بولمايمەن، مەن پادىشاھ بولمايمەن، مېنى قويۇپ بېرىڭلار !...» پادىچى ھەيران بولۇپ يېقىن بېرىپ ۋارقىراپتۇ:

— تاغارنىڭ ئىچىدىكى نېمىسەن؟

— مەن ئادەم، بىزگە قوشنا دۆلەتنىڭ ئادەملىرى مېنى پادىشاھ بولۇپ بەر، دېگەنىدى، ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىمىغانىدىم. ئۇلار مېنى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭدى.

تاغارنىڭ ئىچىدىن چىققان بۇ گەپلەرگە پادىچى تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— پادىشاھ بولساڭ ياخشىغۇ؟

— پادىشاھ بولۇشقۇ ياخشى، ئەمما مېنىڭ ياقا يۇرتقا بارغۇم يوق.

پادىچى بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەمىسە، قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئامالسىز قالدىم. مېنى قۇتقۇزۇپ قويۇڭ !

پادىچى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ شىڭگىلتاقنى چىقىرىپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، پادىچى بىر ياپلاق قوي - چارۋىسىنى شىڭگىلتاققا بېرىدىغان، شىڭگىلتاق پادىشاھلىقنى پادىچىغا ئۆتۈنىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىچى تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. شىڭگىلتاق قويلارنى ھەيدەپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر چاغدا يەتتە لىڭگىلتاق مەست - ئەلەس ھالدا يۇگۇرۇشۇپ قويلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شىڭگىلتاق

ئۇلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. يەتتە لىڭگىلىتاق ئېشەككە يېتىشىپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ تازا قاينام بىر يېرىگە بېرىپ «هە، هۇ» دەپ تاغارنى دەرياغا تاشلاپتۇ. يەتتە لىڭگىلىتاق ئېقىپ كېتىۋاتقان دەرياغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئۇلار خۇش بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ، ئەمدى شىڭگىلتاقنىڭ ئۆي - مۈلكى، خوتۇنىنى قانداق بۆلۈشۈش ئۈستىدە دەتالاش قىلىشىپتۇ. ئۇلار ئاش ۋاقتىدىن تارتىپ پېشىنگىچە تالىشىپ كېلىشەلمەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق تۇرسا، دەريا بويى تەرەپتىن نەچچە مىڭ قوينىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قاراشقۇدەك بولسا، شىڭگىلتاق قويلارنى هەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك. لىڭگىلتاقلار هەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ.

— هوي شىڭگىلتاق ئاداش، بۇ قويلارنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟

— خۇدا بەرسە شۇنداق بېرىدىكەن، — دەپتۇ شىڭگىلتاق، — كېچىدە بىرنەچچەيلەن مېنى تاغارغا سولاپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. كىملىكىنى بىلەلمىدىم، بەلكى پەرىشتىلەر بولسا كېرەك. دەريانىڭ تەكتىگە چۈشسەم بوۋام، موماملار باشلىق ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىم يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى ناهايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ يەر ناهايىتى باياشات دۇنيا ئىكەن. تولىمۇ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. زىياپەتكە هەممىڭلارنىڭ ئاتا - بوۋاڭلار كەلدى، ئۇلار سىلەرنى سورىدى.

— ئۇلار نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپتۇ لىڭگىلتاقلار هەيران بولۇپ قۇللىرىنى چىشلىشىپ.

— ئۇلار بالىلىرىمىزغا سالام دەپ قويۇڭ، ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز مانا مۇشۇنداق باياشات. بالىلىرىمىزنىڭ ۋاقتى بولسا كېلىپ بىرەر يايلاقتىن مال - چارۋا

ئېلىپ كەتسۇن دېدى، — دەپتۇ شىڭگىلتاق.

لىڭگىلتاقلار شىڭگىلتاققا يېلىنىپ:

— جېنىم ئاداش، ئاغىنىدارچىلىقىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنى باشلاپ بارساڭ !

— خۇش بولۇپ كېتەيلى، ئاغىنە !

— شۇنداق قىل، دوستۇم، — دېيىشىپتۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي. شىڭگىلتاق بىرپەس ئويلىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ. مەن ئەتە قويلارنى سۇغارغىلى دەريا بويىغا بارىمەن، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە يولنى كۆرسىتىپ قوياي.

لىڭگىلتاقلار خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئەتىسى شىڭگىلتاق قويلىرىنى ھەيدەپ، لىڭگىلتاقلارنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا كەپتۇ. قويلارنىڭ ھەممىسى دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. قويلارنىڭ شولىسى سۇغا چۈشۈپ، دەريانىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قويلار يۈرگەندەك كۆرۈنۈپتۇ. شىڭگىلتاق لىڭگىلتاقلارغا قويلارنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كۆرسىتىپ:

— ھەي ئاغىنىلەر، دەريانىڭ ئىچىدىكى قويلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆردۇق. كۆرمەممىدىغان، — دەپتۇ ئۇلار ئالدىراپ.

— ئاشۇ قويلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ قويلىرى ئىكەن. بۇ دەريا شېھىتلار ياتقان تىلسىم دەريا. «يا، خۇدا» دەپ ئۆزۈڭلارنى سۇغا تاشلاڭلار، مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم ئۇچراپ قالسا، سالام دەڭلار ! — دەپتۇ.

لىڭگىلتاقلار قويلارنىڭ شولىسىغا قاراپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇلۇغ دەرياغا بىراقلا تەڭ سەكرەپتۇ. كۆچلۈك ئېقىن ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئاپتۇ. بەتنىيەتلەر ئاخىر ئۆز بېشىنى يەپ، شىڭگىلتاق ئۆمۈرلۈك خاتىرجەم بوپتۇ.

# ئۆركىلشاي بىلەن چۆركىلشاي

بۇرۇنقى زاماندا، شەھەردىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى چوڭ يول بويىدىكى بىر ئۆتەڭدە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ياشايدىكەن. ئەرنىڭ ئىسمى ئۆركىلشاي، ئايالىنىڭ ئىسمى دوقمۇشخان ئىكەن. ئۇلار ئوغرى ئىكەن. ئۇلاردا ئاتا مىراس بىر ئالتۇن لىگەن بولۇپ، يولدا ئۆتكەن يولۇچى ۋە كارۋانلارغا ئاشۇ لىگەندە ئاش قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقۋادار، ئالىيجاناب كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، كېچىسى مال - مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردە كارۋان ۋە يولۇچىلار قونمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن قايغۇرغان ئوغرىلار يول تۆپىسىگە چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىسىمۇ، كىشىلەر قونۇشقا ئۇنىماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار يول تۆپىسىدە كارۋانلارنىڭ يالىكى بىرەر يولۇچىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرسا، يىراقتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەر ئوغرى خوتۇنىغا دەرھال ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى كېلىۋاتقان مېھمانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاشنىڭ پىشىشىغا يېقىن ھېلىقى يولۇچىمۇ يېتىپ كەپتۇ. كۆپ تەكەللۇپلاردىن كېيىن ھېلىقى يولۇچى قونۇپ ئۆتۈشكە كۆنۈپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپتۇ.

هايال بولمايلا ئالتۇن لېگەندە ئاش كەلتۈرۈپتۇ. ئىككى ئەر كىشى ھەمداستىخان بولۇپ ئاشقا تۇتۇش قىلىشىپتۇ.

ئەسلىدە ھېلىقى يولۇچىمۇ ئوغرى بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا ئامانلىق تاپالماي، ياقا يۇرتلاردا جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرىپ، بۇ تەرەپكە سەپەر قىلغانىكەن. ئۇلار ئاش يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپ، ئاۋۋال بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى سورىشىپتۇ. يېڭى كەلگەن ئوغرىنىڭ ئىسمى چۆرگىلىۋاي ئىكەن.

— ئەسلى مەن بىر خان ئەۋلادى ئىدىم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئۆرگىلىۋاي، — بىرنەچچە يىل ئىلگىرى يۇرتىمىزدا ناھايىتى چوڭ توپىلاڭ بولغانلىقتىن، تۇرۇشقا ئىمكان بولماي، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلاي، دەپ مۇشۇ يەرنى ماكان قىلدىم.

خېلىدىن بېرى ئالتۇن لېگەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان چۆرگىلىۋاي، ئالتۇن لېگەن ساقلىغۇدەك ئادەم بولغاندىكىن ھەرھالدا شۇنداق ئوخشايدۇ، بۇ كىشىدە ئالتۇن لېگەندىن باشقا يەنە قىممەت باھالىق نەرسىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، نېمىلا بولسا مۇشۇ لېگەننى قولغا چۈشۈرۈۋالسام، ئۆمرۈم بويى يېتىدۇ. ئىلاج بار بۇگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ لېگەننى ئەپلەپ قولغا كىرگۈزۈۋالاي، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، ئۆرگىلىۋاينىڭ گېپىگە يارىشا دەرھال:

— مەنمۇ سودىگەرچىلىك ئىشى بىلەن بۇياققا سەپەر قىلىپ چىققانىدىم. يوك - تاقلار بىر قونالغۇ كەينىمدە قالدى. ھازىر جاھان تىنچ ئەمەس، ئوغرى - يالغان كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، بىرەر ئىشەنچلىك قونالغۇ جاي تاپقاچ تۇراي دەپ ئالدىن كېلىشىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆرگىلىۋاينىڭ تېنى تېرىسىگە سىغماپتۇ. چۈنكى، ئۇ چۆرگىلىۋاينى بۈگۈن كېچە ئۆيدە قوندۇ-

روپ، خورجوندىكى نەرسىلەردىن ئېلىۋالماقچى بوپتۇ. چۆرگىلىۋاينىڭ نىيىتى بولسا ئالتۇن لېگەننى قولغا چۈشۈرۈش ئىكەن.

كەچمۇ كىرىپتۇ. ئۆز تۆشەكلىرىدە ياتقان ئوغرىلار خىيالغا كېتىشىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئوغرىلار مەسلىھەت قىلىشىپتۇ:

ــ بۇ كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، تەقى ـ تۇرقى راستىنىلا سودىگەرگە ئوخشاۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۈگۈن بۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە چېقىلىپ قويساق، ئەتە كارۋانلىرى كەلسە، بۇ يەردە قونغىلى ئۇنىمايدۇ. بىلىقنىڭ كىچىكىنى قويۇپ بېرىپ، يوغىنىنى تۇتۇشىمىز ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە تەگمەيلى، ئەتە چوڭراق بىرنەرسىگە ئىگە بولايلى. ئۇ بىزنىڭ ھەقىقىي خان جەمەتى ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنسۇن، ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالتۇن لېگەننى ئۇ كۆرىدىغان جايغا قويايلى، ــ دەپتۇ ئۆرگىلىۋاي.

ــ نەگە قويساق، ئوغرى ئالماي ساق تۇرار؟ ــ دەپتۇ دوقمۇشخان.

ــ ئەڭ ياخشىسى، بېشىمىزدىكى تەكچىگە لىق سۇ بىلەن ئېلىپ قويساق ھېچكىم ئالالمايدۇ. ئەگەر ئالىمەن دېسە، سۇ تۆكۈلىدۇ، بىز دەرھال ئويغىنىمىز، ــ دەپتۇ ئېرى.

بۇ مەسلىھەت ئاياللىغىمۇ يېقىپتۇ. بۇ چاغدا چۆرگىلىۋايمۇ خىيالغا كەتكەنىكەن. ئۇ قانداق قىلىپ ئالتۇن لېگەننى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ پىلانىنى ئويلاپ، ئاخىر ئىشىك يوچۇقىدىن مارىسا، ئالتۇن لېگەن ھېلىقىلارنىڭ بېشىدا تۇرغۇدەك، سەھەرگە يېقىن ئۇلار راسا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا ئۆيگە كىرىپ، لېگەنگە قول ئۇزاتقانىكەن، چىمەلتىكى سۇغا چىلىشىپتۇ. چۆرگىلىۋاي نا-

هايىتى تەستە تەكچىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، لېگەندىكى سۇنى تېمىم قويماي ئىچىۋاپتۇ - دە، لېگەننى ئېلىپ سىرتقا چىق- قاندىن كېيىن شال ئېتىزىنىڭ بويىغا كەپتۇ. لېگەننىڭ ئور- نىچىلىك يەردىكى شالنى يۇلۇۋېتىپ، لېگەننى شۇ يەرگە يو- شۇرۇپتۇ، شالنى يەنە جايىغا تىكىپ قويۇپ، دەرھال قايتىپ كېلىپ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ.

كېچىدىن بېرى لېگەننىڭ ۋەسۋەسىچىلىكىدە نەچچە قې- تىم ئۆندەرەپ قويۇپ كەتكەن ئۆرگىلىۋاي چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، لېگەن يوق تۇرارمىش، هودۇققانلىقىدىن نېمە قىلارد- نى بىلمەي دوقمۇشخاننى ئويغىتىپتۇ. ئۇلار بىر-دەم بىر- بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن چۆرگىلىۋاينىڭ جايىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال لېگەننى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ.

بۇ كۈنلەردە هاۋا ناهايىتى ئوچۇق بولۇپ، سۇتتەك ئاي- دىڭدا ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئىز ئىزدەپ سىرتقا چىققان ئەر - خوتۇن ئاي يورۇقىدا چۆرگىلىۋاينىڭ چىغىر يول بىلەن ئۇدۇل شاللىق تەرەپكە ماڭغان ئىزىنى كۆرۈپتۇ - دە، شۇ يانغا يول ئاپتۇ. شاللىقنىڭ تۇۋىگە كەل- گەندە، چۆرگىلىۋاي ئىزنى يوقىتىپتۇ. خاپا بولغان ئۆرگى- لىۋاي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىسا، شاللارغا چۈشكەن شەبنەم كۈمۈش مونچاقتەك يالتىراپ كۆرۈ- نۈشكە باشلاپتۇ، لېكىن يېقىنلا يەردىكى لېگەنچىلىك يەرنىڭ شال مايسىلىرىدا شەبنەم يالتىرىماپتۇ. ئۆرگىلىۋاي دەرھال شۇ يەردىن گۇمان قىلىپ يېقىن بارسا، دېگەندەك، يېڭىلا تى- كىلگەن شال مايسىلىرىنىڭ تېگىدىكى لايغا ئالتۇن لېگەن پا- تۇرۇقلۇق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئەر - خوتۇن ئوغرى لې- گەننى ئېلىپ، ئورنىنى ئەسلىدىكىدەك تۈزەپ قويۇپ، خۇشال

ھالدا ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇلار بىلىندۇرمەي ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇپتۇ. چۆرگىلىۋاي كارۋانلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ سىرتنى ئايلانغان كىشى قىياپىتىدە، پات - پات ھېلىقى لېگەننى يوشۇرغان جايغا بېرىپ، لېگەن بارمۇ، يوق دەپ، يىراقتىن قارايدىكەن.

كەچمۇ كىرىپتۇ. چۆرگىلىۋاينىڭ «كارۋانلىرى» يېتىپ كېلەلمىگەچكە، مالىنىڭ قەستىدە تۇرغان ئۆرگىلىۋاي سودىگەرنى قوندۇرۇپ قالماقچى بولۇپ، كەچتە يەنە ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ، ھېلىقى لېگەنگە ئۇسۇپ مېھمانغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ قېتىمقى ئاشنىڭ يەنە ئالتۇن لېگەندە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن چۆرگىلىۋاي بۇنىمۇ ئەپلەپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نىيىتىدە بۈگۈنمۇ يەنە قونۇپ قالماقچى بوپتۇ.

چۆرگىلىۋاي ئۇخلاپ قالغاندا، ئۆرگىلىۋاي بىلەن دوقمۇشخان مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ.

— بۇ كىشى سودىگەر ئەمەس، تۇغما ھەم ئۇستا ئوغرى ئىكەن، — دەپتۇ ئۆرگىلىۋاي، — قېرىپ، ماغدۇرۇمدىن كېتەي دەۋاتقىنىمدا، بۇنىڭ كەلگىنىمۇ ئوبدان بولدى. بۈگۈن كېچە يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈپ، ئەگەر سىناقتىن ئۆتسە، مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ ئوقەتكە سالايلى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دوقمۇشخان، — ئۇ كىشىنى ناھايىتى ئىنچىكە بىر ئىشتا سىناپ باقايلى.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— مېنىڭچە بولغاندا، ئۇ بۈگۈن يەنە ئالتۇن لېگەننىڭ قەستىدە بولۇشى مۇمكىن. بىز لېگەننى تېگىمىزگە باستۇرۇپ ياتايلى. لېگەننى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يوشۇرغان يەرنى تېپىپ بىزگە شەپە بېرىپ قويسىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىش

قىلغان بولىدۇ، — دەپتۇ دوقمۇشخان.

بۇ مەسلىھەت ئۆرگىلىۋايغىمۇ يېقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئالتۇن لېگەننى تېگىگە باستۇرۇپ ياتقىنىنى چۆرگىلىۋاي كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، مانىمۇ ئالسام، ئالتۇن لېگەن ئىككى بولىدۇ. قانداق خەجلىسەم ئۆمرۈم بويى يېتىپ ئاشىدۇ. ئەپلەپ بۇنىمۇ قولغا كىرگۈزەي، دەپ ئويلاپ، كېچىچە كىرپىك قاقماپتۇ. ئاخىر سەھەرگە يېقىن بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ: ئۇ قىپيالىڭاچ بولۇپ، ئەر - خوتۇن ياتقان تۆشەكنىڭ ئايىغى تەرەپكە كەپتۇ - دە، ھەر ئىككىيلەننىڭ پۇتىنى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىلاپ، ئاستا - ئاستا ئىككىيلەننىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپتۇ. ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ئۆرگىلىۋاي، ئايالىم ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن پۇتۇمنى سىلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، كۆزىنى ئاچماي يېتىۋېرىپتۇ. ئايالىمۇ، ئېرىم ئالتۇن لېگەننى ساقلايمەن دەپ، ئۇخلىماي ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن مېنىڭ پۇتۇمنى سىلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، كۆزىنى ئاچماي ئۇخلاۋېرىپتۇ. چۆرگىلىۋاي مىڭ تەستە ئىككىيلەننىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، دوقمۇشخاننى ئاستا - ئاستا بىر تەرەپكە قىستاپ چىقىرىپ، كۆرپىنىڭ تېگىدىن لېگەننى ئاپتۇ - دە، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ ئۇ يېنىغا ئۆتۈپ، بۇ تەرەپكە قىستاپ ئېرىنىڭ بىقىنىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ. دوقمۇشخان كۆڭلىدە ئېرىدىن يامانلاپ، ئەجەبمۇ شوك ياتمىدى، دەپتۇيۇ، ئۇيقۇلۇقتا كۆزىنى ئاچالماپتۇ. ئالتۇن لېگەننى قولغا چۈشۈرگەن چۆرگىلىۋاي خۇشاللىقتا دەرھال يۈگۈرۈپتۇ - دە، لېگەننى بىر قىغ دۆۋىسىگە يوشۇرۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى ناھايىتى قىستاپ كېتىپ، قىغ دۆۋىسىنىڭ يېنىغىلا كىچىك تەرەت قىپتۇ ۋە ئۆيگە قايتىپ، ئورنىدا بە-

خىرامان يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئۆرگىلىشاي بىلەن دوقمۇشخان ئويغىنىپ قارىسا، لېگەن يوق.

— سەن كىچىچە ئۆزۈڭ ئۇخلىمىغانلىقىڭ ئۈستىگە مېنىمۇ ئۇخلاتماي، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمنى سىلاپ چىقىپ، يەنە نېمىشقا لېگەننى يىتتۈردۈڭ؟ — دەپتۇ ئايال ئېرىگە تاپا قىلىپ.

— سەنمۇ كېچىچە ئۇچىلىرىمنى تۇتۇپ چىقتىڭغۇ، سەن ئۇخلىماي تۇرۇپمۇ نېمىشقا لېگەننى يىتتۈردۇڭ؟ — دەپتۇ ئېرى خوتۇنىغا.

ئۇلار شۇنداق تاپا - تەنە، تالاش - تارتىش قىلىپمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقىرالماي، ئاخىر ئىز ئىزدەشكە چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئىز ئىزدەپ قىغ دۆۋىسىنىڭ تۈۋىگە بارغاندا ئىزنى يوقىتىپ قويۇپ خاپا بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، چۈمۈلىلەر پۈتلىرىگە يامىشىپ بەكمۇ خاپا قىپتۇ. ئەسلى چۆرگىلىشاي كىچىك تەرەت قىلغان يەر چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇۋىسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىلەر چۇۋۇلۇپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ئەر - خوتۇن ئوغرىلار سىنچىلاپ قاراپ، يېڭى تەرەتنىڭ ئورنى بارلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ ئەتراپنى ئىزدەۋېرىپتۇ. ئاڭغىچە تاڭمۇ سۈزۈلۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن خورازلار چىللاشقا باشلاپتۇ. خاپا بولغان ئۆرگىلىشاي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، قىغنىڭ تۆپىسىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغانىكەن، دۆۋىلەنگەن قىغنىڭ بىر يېرىدىن بۇس چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ - دە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە دۆملەپ كۆمۈۋەتكەن قىغ ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، بىر يېرىگە كەتمەن تەگمىگۈچە ئىچىدىكى سېسىق بۇس سىرتقا چىقمايدىكەن. ئۆرگىلىشاي گۇمان قىلىپ ھېلىقى بۇس چىققان يەرگە كېلىپ قارىسا، ئالتۇن لېگەن شۇ يەرگە كۆمۈكلۈك تۇرغۇدەك. خۇشال بولغان ئۆر-

گىلىۋاي لېگەننى ئېلىپ، قىغنى بىلىندۇرمەي ئوڭلاپ قو-
يۇپ، دوقمۇشخان بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ.
تاڭ ئېتىپتۇ. ھەر ئىككى ئوغرى بىلىندۇرمەي ئىشلىرى-
نى قىلىشىۋېرىپتۇ. كەچ كىرىشكە يېقىن يەنە پولۇ ئېتىد-
لىپ، يەنە ھېلىقى لېگەنگە ئۇسۇپ مېھماننىڭ ئالدىغا كەلتۇ-
رۇلۇپتۇ. چۆرگىلىۋاي قارىسا، يەنە بىر ئالتۇن لېگەندە ئاش
كەلتۇرۇلۇۋاتقۇدەك. كۆڭلىدە، بۇنىمۇ ئالسام ئۇچ بولىدىكەن،
ئۆزۈملا ئەمەس، بالا - چاقىلىرىمنىڭمۇ پۈتۈن ئۆمرىگە خەج
بولىدىكەن. ئۇچ لېگەننى ئۇچ تەكچىگە تىزىپ قويسىمۇ، ئۆي-
گە زىننەت بەرگەننىڭ سىرتىدا، پۈتۈن خەلق مېنىڭ بايلىد-
قىمغا ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ. بۇ ئەجەب ھېلىقى ئىككى-
سىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكىنا، بىر ئۇستىنىڭ قولدىن
چىققانمىدۇ يا، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىختىيار-
سىز لېگەنگە ئېڭىشىپ قارىغانىكەن، چۆرگىلىۋاينىڭ كۆڭلى-
دىكىنى دەرھال بىلىپ بولغان ئۆرگىلىۋاي:
— چۆرگىلىۋاي، بىزنىڭ ئۆيدە لېگەن بىر. لېگەنگە باق-
ماي، ئاشقا بېقىڭ! — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ھوشىنى
يىغقان چۆرگىلىۋاي ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە،
گەپ قىلماي شۈك تۇرۇپتۇ.
— ئۇچ كۈندىن بېرى سىزنى ئوبدان سىناپ باقتۇق،
قولىڭىزدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن، بىرگە ئوقەت قىلايلى، —
دەپتۇ ئۆرگىلىۋاي.
بۇ مەسلىھەت چۆرگىلىۋايغىمۇ خوپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار بىرلىشىپ ئوغرىلىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لې-
كىن بۇ ئۆتەڭدە سودا كارۋانلىرىنىڭ قوناسلىقى سەۋەبلىك
ئۇلارنىڭ ئىش - ئوقەتلىرى كۈندىن - كۈنگە يۇرۇشمىگىلى
تۇرۇپتۇ. بىرەر ئورۇنغا ئوغرىلىققا كىرەي دېسە، ئۆرگىلىۋاي

قېرىپ قالغان بولغاچقا مادارى يەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۆرگىلىۋايغا بىر ئەقىل كەپتۇ ۋە ئايالىغا ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم ئېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئۇلارغا دەپتۇ، ئۇچى شۇ بويىچە ئىش قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار تۇرغان ئۆتەڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە نا-هايىتى كاتتا بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇشتۇمتۇت ئۆ-لۈپ كەتكەنگە بۇگۈن يەتتە كۈن بولغانىكەن. سودىگەرنىڭ زاراتگاھلىقى يۇرتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز تۆپىلىكتىكى يول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر مەھەللىدىن خېلى يىراق هەم قاقاسراق جاي بولغاچقا، زۆرۈر ئىشلىرى بولمىسا، كى-شىلەر ئانچە بارمايدىكەن. ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي كېچىلەپ زاراتگاھلىققا بې-رىپتۇ - دە، سو-دىگەرنىڭ قەبرى-سىنىڭ يېنىدىكى شام گۆرنىڭ ئى-چىدىن سودىگەر ياتقان قەبرىگە قاراپ بىر لەخمە كولاپ، چۆرگىلىۋاي سودىگەرنىڭ گۆرى-دە ئولتۇرۇپتۇ.



گەپنى ئەمدى بۇ ياقتىن ئاڭلاي-مىز:

ئۆرگىلىۋاي ناھايىتى قۇۋ كىشى بولۇپ، ھىيلىگەرلىكتە خېلى - خېلى ئىشلارنى قاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدىكەن. ئۇ مۇللام سۇپەت ياسىنىپ، قولىغا ئۇزۇن بىر ھاسىنى تۇتۇپ، سودىگەرنىڭ مەھەللىسىگە يېقىن كەلگەندە، ئۆلۈپ كەتكەن سودىگەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ:

— ۋاي مېھرىبان قېرىندىشىم، دىدار كۆرۈشەلمەپتۇق، جىگىرىم، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىم، — دەپ، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بۇ - گۈن دەل سودىگەرنىڭ نەزىرىنى بېرىۋاتقان كۈن بولغاچقا، سورۇن ئەھلى ۋە سودىگەرنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ تەڭ يىغ - لىشىپ، يېڭىدىن ھازا ئېچىلىپتۇ. ئۆرگىلىۋاي بىر تەرەپتىن يىغلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن:

— مېنىڭ ئامانىتىمنى بەرمەي كەتكەن قېرىندىشىم، مەندەك بىر كەمبەغەلگە ئۇۋال قىلغان قېرىندىشىم... — دەپ، ھويلىنى ئايلىنىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. جامائەت ئۆرگى - لىۋاينىڭ بۇ گەپلىرىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، لېكىن بىرى چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ. ئۆرگىلىۋاي ئۆيگە كىر - گەندىن كېيىن ئۇزۇن ئايەتتىن بىرنى باشلاپ، يىغا ئارىلاش تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، دۇئانى: «مېھرىبان قېرىندىشىم، مەندەك بىر مىسكىن ئادەمنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتماي پۇلنى ئېلىپ كەتسەڭ، مەن قانداق قىلارمەن؟ مەنغۇ تىرىك جان بولغاندىكىن بىر ئامال قىلارمەن، سەن قىيامەتتە قانداق قىلارسەن؟ قانچە قىيىنىلارسەن؟ بالىلىرىڭنىڭ ئىنساپى بول - سىغۇ بېرەر، بولمىسا، ماڭا ئۇۋال بولغىنى بولغان - دە، ئىسىت! ئىسىت!» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە سودىگەرنىڭ چوڭ ئوغلى بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۆرگىلىۋاي:

— سىلەرگە دېگەن بىلەن سىلەر بىر تەرەپ قىلالـ-
مايسىلەر. مەن قىيامەتتە ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن، — دەپ
چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سودىگەر-
نىڭ چوڭ ئوغلى:
— ئاتا، قانداق گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، ئاتامنىڭ
قانچىلىك قەرزى بولسىمۇ تۆلەيمىز، — دەپتۇ.
— راست تۆلىيەلەمسىلەر؟ — دەپتۇ ئۆزگىلىۋاي.
— ئاتىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ! — دەپتۇ ئوغۇللار.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئۆزگىلىۋاي، — رەھمەتتى
داداڭلار كارۋانلار بىلەن بىسيار شەھەرلەرگە مال ئېلىپ بار-
غاندا، ئىككىمىز بىر دەڭدە قونغان. مۇھتەرەم تېخى سودا
قىلماي تۇرۇپلا، يېڭى بىر مال ئالماقچى بولۇپ قالدى. مال-
نىڭ خېرىدارى كۆپ، داداڭلارنىڭ يېنىدا پۇل ئازراق بولغاچ-
لىقتىن، ئېپىدە كەلگەن مالنى قاچۇرۇۋەتمەي دەپ، مەندىن
مىڭ تىللا قەرز ئالغانىدى. داداڭلار ناھايىتى يۈزلۈك ئادەم
بولغاچقا، بىرەر ئىسپات ئېلىۋالماپتىكەنمەن. بۇنداق بولۇشى-
نى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭدىن بىرەر ھۆججەت ئېلىۋالار ئى-
كەنمەن. مەنغۇ مەيلى، بىچارە قىيامەتتە كۆپ دەرد تارتىدىغان
بولدى - دە، — دەپ، تېخىمۇ ئۈن سېلىپ، ئادەمنىڭ يۈرە-
كىنى ئەزگۈدەك يىغلاشقا باشلاپتۇ.
سورۇن ئەھلى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ جىم تۇرۇشۇپتۇ.
بىرئازدىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ئىمامى ئۆزگىلىۋاينىڭ تەقى -
تۇرقى ۋە تەسىرلىك گەپلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆز يېشىغا
ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن سودىگەرنىڭ مەھشەر-
گاھتا يۈزىنىڭ يورۇق بولۇشى ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىپ،
سودىگەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسىلا،
بۇ قەرزنى تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئوغلى:

— بىرىنچىدىن، دادامنىڭ قەرز ئالغانلىقى ھەققىدە قىلچە ئىسپات يوق؛ ئىككىنچىدىن، دادام شۇنچە تولغان باي تۇرۇپ بۇ ئادەمدىن بۇنچىۋالا كۆپ پۇل قەرز ئالمايدۇ، — دەپ، بەرمەسلىكتە مەھكەم تۇرۇۋاپتۇ.

— ئىشەنمىسىلە، — دەپتۇ ئۆرگىلىۋاي، — بىز زاراتگاھلىققا بېرىپ، دادىلىرىدىن سوراپ باقايلى. ئەگەر «راست» دېسە، بېرىشسىلە، «يالغان» دېسە، مېنى قانداق قىلىشسىلا مەيلى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جامائەتنى باشلاپ زاراتگاھلىققا يول ئاپتۇ ۋە يېقىن كەلگەندە:

— مېنىڭ پۇلۇمنى بەرمەي يەرلىكىدە يېتىۋالغان باي ئاخۇنۇم، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قانداق چىداۋاتقانسەن؟! — دەپ قاتتىق ئۇن سېلىپ، يەرلىككە يېقىن كەپتۇ ۋە سودىگەرنىڭ كىچىك ئوغلىغا:

— قېنى، ئۆزلىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، دادىلىرىدىن بىر سوراپ كۆرسىلە، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا، سودىگەرنىڭ گۆرىدە ئولتۇرغان چۆرگىلىۋاي قەبرە سىرتىدىكى تاراق - تۇرۇق ۋە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. سودىگەرنىڭ كىچىك ئوغلى توۋلاشقا باشلاپتۇ:

— دادا، بىسيار شەھىرىدە ئۆرگىلىۋاي دېگەن سودىگەردىن مىڭ تىللا قەرز ئالغىنىڭىز راستمۇ؟

بۇ ئاۋاز چۆرگىلىۋايغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. سوئال ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندا، يەر تېگىدىن:

— ۋاي جېنىم باللىرىم، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى. سىلەر بىرىنچى قېتىم توۋلىغاندا، مەن دوزاخنىڭ تەھتى ئەسىراسىغا چۈشۈپ كەتكەن؛ ئىككىنچى قېتىم توۋلىغاندا، ھايات ۋاقتىمدا تۆلىيەلمىگەن قەرزىمنى تۆلىۋالاي دەپ، يۇ-

قىرىغا چىقىۋاتاتتىم؛ ئۇچىنچى قېتىم توۋلىغاندا، ئاران چىدىماي بولالىدىم. جېنىم بالىلىرىم، مېنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى قىلاي دېسەڭلار، ئۆرگىلىۋايدىن ئالغان مىڭ تىللاغا يەنە يۈز تىللا قوشۇپ، مەن مىنىدىغان ئارغىماققا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويۇڭلار. مەن سىلەردىن رازى بولۇپ كېتەي. جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! ــ دېگەن سادا كەپتۇ.

جامائەت تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ توۋا قىپتۇ. ئىمام ئاخۇنۇم ئۆزۈن سۈرىدىن بىرنى باشلاپ، جامائەتنى توۋا قىلىشقا ئۈندەپ، دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن، زاراتگاھلىقتىن قايتىپتۇ ۋە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆرگىلىۋايغا تون كىيگۈزۈپ، سودىگەرنىڭ ئېتىنى جابدۇپ، بىر مىڭ بىر يۈز تىللانى بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.



ئاتقا مىنگەن ئۆرگىلىۋاي جامائەت بىلەن خوشلىشىپ، ئاتقا بىر قامچا سالغانىكەن، زاراتگاھلىقنىڭ ئالدىدىكى يول بىلەن ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ چېپىپتۇ.

ئەمدى گەپنى

چۆرگىلىۋايدىن ئاڭلايمىز:

چۆرگىلىۋاي ئوپۇر - توپۇر يوقالغاندىن كېيىن، سودى-گەرنىڭ يەرلىكىدىن چىقىپ، لەخمىنى پۇختىلاپ ئېتىپ، بىر قەبرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ ئولتۇرسا، بىر ۋاقىتتا ئۆرگى-لىۋاي ئات چېپىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئۆرگىلىۋاينى توختايدى-غۇ دەپ ساقلاپ تۇرسا، ئۆرگىلىۋاي ئېتىنى قامچىلىغانچە كېتىپ قاپتۇ. چۆرگىلىۋاي ئاتنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. چۆرگىلىۋاينىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۆرگىلىۋاي خۇرجۇنىدىكى تىللادىن ھەر ئون مادامدا بىردىن تاشلاپ مې-ڭىپتۇ. چۆرگىلىۋاي، ئۆرگىلىۋاي تىللانى كۆپ ئالغانىكەن، خۇرجۇنغا پاتماي چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، يولدىكى تىللانى تېرىش بىلەن ئاۋارە بوپتۇ. ئۆرگىلىۋاي ئېتىنى تىنى-ماي قامچىلاپ ئۆيىگە كېلىپلا دوقمۇشخاننى تۇۋلاپتۇ، ئۇ ئا-يالىغا دەرھال:

— خوتۇن، توخۇدىن بىرنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئېقىتىپ، چۆرگىلىۋاي كىرگەندە مېنى: «قان قۇسۇپ ئۆلدى» دېگىن ۋە خۇرجۇندىكى تىللانىڭ يېرىمىنى بىر يەرگە جىمىقتۇرۇپ، كىچىك خۇرجۇنغا يېرىمىنى قاچىلاپ ئاتقا ئارتىپ قوي ! — دەپتۇ.

دوقمۇشخان ئالدىراپ - تېنەپ يۇرۇپ شۇنداق قىپتۇ ۋە ئۆرگىلىۋاينىڭ بېشىدا هازا ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىت-تىن كېيىن چۆرگىلىۋاي يېتىپ كەپتۇ، قارىسا ئۆرگىلىۋاي ئۆلگەن، دوقمۇشخان هازا ئېچىپ ئولتۇرغان. بۇ ھالنى كۆر-گەن چۆرگىلىۋاي بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ-دە، دوقمۇشخانغا:

— رەھمىتى ناھايىتى شەپقەتلىك ئادەم ئىدى، بىئەجەل دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ قىسمىتى. بۇ، خۇدانىڭ ئۇ-

نىڭغا بەرگەن ئىلتىپاتى ئوخشايدۇ. دەرھال يەرلىكىدە قويايدىلى، — دەپتۇ. دوقمۇشخان:

— بولدى، مەن ئۆزۈم يەرلىكىدە قويۇۋالاي، سىلى ئاتنى ئېلىپ، خۇرجۇندىكى تىللانىڭ يېرىمىنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپ قالسىلا، سودىگەرنىڭ جەمەتى ئوقۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. چۆرگىلىڭۋاي ئۇنىماي:

— رەھمىتى ماڭا يولدا كەلگۇچە: «مەن ئۆيگە بېرىپىلا ئۆلۈپ كېتىمەن، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن دەپنە قىلغىن. دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى قۇرۇق ياغاچنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم دومىلىتىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ ياغاچقا ئوت قالاپ سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىمدە قويغىن» دېگەن. سىلى كېپەن تەييارلىسىلا، مەن ياغاچ تەييارلاي، — دەپتۇ - دە، بىر دۆۋە ياغاچنى بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ ئۆرگىلىڭۋاينى يالىڭاچلاپ، ياغاچ ئۈستىدە دومىلىتىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۆرگىلىڭۋاي ناھايىتى مەككار ئادەم بولغاچقا، بىردەم بەرداشلىق بەرسەم، ئۇ مېنى يەرلىكىمدە قويىدۇ - دە، كېتىدۇ، ئاندىن ئايالىم مېنى ئېچىپ ئەكېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئالتۇن لېگەن ۋە نۇرغۇنلىغان تىللا ماڭا قالىدىغان گەپ، دەپ ئويلاپ، لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ يېتىپتۇ. بۇ چارىنىڭمۇ ئۈنۈم بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چۆرگىلىڭۋاي قۇرۇق ياغاچقا ئوت قالاپ، سۇنى راسا قاينىتىپتۇ - دە:

— مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ئاللانىڭ ئەمرى، تىرىلسەڭ تىرىل، بولمىسا، قايناق سۇدا پىشلاق قىلىمەن، — دەپ، بىر قاپاق قايناق سۇنى بىر قۇيغانىكەن، چىداشلىق بېرەلمىگەن ئۆرگىلىڭۋاي «ۋايجان !» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ.

— جان تاتلىقمۇ، پۇلمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چۆرگىلىڭۋاي قايناق سۇ ئېلىنغان قاپاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

— جىنىمنى ئالساڭ ئال، پۇلنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ ئۆرگىلىۋاي تەخترىۋاندا يېتىپ تۇرۇپ.

ئاچچىقىغا چىدىمىغان چۆرگىلىۋاي يەنە بىر قاپاق سۇ قۇيماقچى بولغانىكەن، ئۆرگىلىۋاي:

— بولدى، جان تاتلىق، نېمىنى ئالساڭ ئال، لېكىن ما-ڭىمۇ ئازراق قوي ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ماڭا ئالتۇن لېگەننى، ئاتنى، يەنە تىللانىڭ يېرىمىنى بېرىسەن، — دەپتۇ چۆرگىلىۋاي. ئۆرگىلىۋاي دوقمۇشخاننى چاقىرىپ، ئالتۇن لېگەننى، خۇرجۇندىكى تىللانىڭ يېرىمىنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. چۆرگىلىۋاي لېگەن ۋە تىللارنىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ -دە، ھېچ نەرسىگە قارىماي ئاتقا مىنىگەنچە ئۆيىدىن چىقىپتۇ. ئۆرگىلىۋاي بىلەن دوقمۇشخان: «تىللانى تەڭ بۆلۈشەيلى، بىزگە ئۇۋال بولدى» دېگەنىكەن، چۆرگىلىۋاي:

— ئۆيدە قالغىنى سىلەرنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ -دە، ئاتقا قامچا سېلىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قاپتۇ.

# ئامەتلىك بايۋەچچە

بۇرۇن ئاتىسىدىن نۇرغۇن مال - دۇنيا قالغان بىر بايۋەچچە بولغانىكەن. ئۇ كىچىككىدىنلا يەپ - ئىچىپ، خۇشال - خۇرام ئويناپ - كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىۋالغاچقا، ئەيش - ئىشرەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن، «مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دەپ، ھەر كۈنى مېھمان چاقىرىپ، شەھەرنىڭ بىكار تەلەپلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئىچىدە غەرق مەست بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، پۇل دېگەننى غازاڭنىڭ ئورنىدا كۆرىدىكەن.

«يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشۇماپتۇ» دېگەندەك، ھېچقانداق ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ باقمىغان بايۋەچچىنىڭ ئەيش - ئىشرىتى ئاتىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى تېزلا خورىتىۋېتىپتۇ، ئاغىنىلىرىمۇ بىر - بىرلەپ ئازىيىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ مال - دۇنياسى تەلتۆكۈس تۈگەپتۇ، قالغان ئاغىنىلىرىمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ، بايۋەچچىنىڭ ئائىلىسىنى ئېغىر غۇربەتچىلىك بېسىپتۇ.

— ئاغىنىلىرىڭىزنى ئىزدەپ باقسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ خوتۇنى بايۋەچچىگە يالۋۇرۇپ، — شۇنچە كۆپ تۇز - تائامىمىزنى تېتىغاندىكىن، بىرەر نانغا بولسىمۇ ياراپ قالار.

بايۋەچچە ئاغىنىلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈپتۇ، بىراق ھەممە

دۇنياسىنى يەپ تۈگەتكەن بۇ ئەخمەق بايۋەچچىنىڭ يەپ قاچار ئاغىنىلىرى ئۇنى قەستەن تونۇماسقا ساپتۇ. بايۋەچچە ئامالسىز ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ، بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى بولۇپ، مەدىكارلار بازىرىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. مەدىكار ئالغۇچىلار كەلسىلا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. مەدىكار ئالغۇچىلار ئۇنىڭ سايىدە ئۆسكەن چىچەكتەك نۇرسىز چىرايىغا ۋە پاختىدەك ئاق ھەم يۇمشاق ئالىقانلىرىغا قاراپ:

— سەن بۇ قوللىرىڭ بىلەن دوپپىغا گۈل تىكىشنى ئۆگەنسەڭ بولغۇدەك، — دېيىشىپ، ئۇنى كۆلكىگە قويۇپتۇ.

ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئەركىن يايراپ ئۆسكەن بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق بىلەن قىلغان بەتخەجلىكلىرى تۈپەيلىدىن خورلىنىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئىچىدە ئۆزىنى تىللاپتۇ ـ دە، مەدىكارلار بازىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر رەمچى ئۇچراپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ قېلىن كىتابنى ئېچىپ قويۇپ، رەم ئاچقۇزغۇچىلارغا خالىغانچە بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ قويۇپلا، ئۇلاردىن جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرنى ئېلىۋاتقۇدەك. بۇ ئىش بايۋەچچىنى قاتتىق قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ ئىشمۇ بولغۇدەك، قېنى بىر قىلىپ كۆرەي دەپتۇ ـ دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بايۋەچچىنىڭ خىيالى خوتۇنىغىمۇ يېقىپتۇ. بىراق، ئۇلاردا كىتاب ئالغۇدەك پۇلمۇ يوق ئىكەن. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆزى ئەڭ ئاخىرقى مۈلكى بولغان بىر پارچە ئاق كىگىزگە چۈشۈپتۇ. ئايال ئۇنى سېتىۋېتىشكە قىيمىسىمۇ، ھەرھالدا دەسمايە سالماي ئىش باشلاشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قاتلاپ ئېلىپ بايۋەچچىگە

تۇتقۇزۇپتۇ. بايۋەچچە ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېتىپ، بىردىنلا:

— توختا، خوتۇن، بۇنى سېتىپ كىتاب ئالىمىز، دەپ ئاۋارە بولغۇچە، مۇشۇنىڭ ئۆزىنىلا كىتاب قىلىپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — دەپتۇ - دە، ئۇنى قايچا بىلەن پارچىلاپ كىتاب قىلىپ تىكىپتۇ، ئاندىن لاخشىگىرنى قىزىتىپ، ئۇنىڭ بەتلىرىگە خەتكە ئوخشايدىغان ئالىقاندىق ئىمىر - چىمىر شەكىللەرنى قىلىپ سىزىپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىتابمۇ پۈتۈپتۇ. بىراق، بايۋەچچە يەنە ئويلىنىپ قاپتۇ.

— مېنى شەھەر خەلقىنىڭ هەممىسى تونۇيدۇ، — دەپتۇ ئۇ خوتۇنىغا، — مۇشۇ هالەتتە كوچىغا چىقسام، كىشىلەر مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دېيىشەر.



— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كېتەيلى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆي - جايلىرىنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ، يىراق بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ - دە، ئوبدان ئورۇنلىشىۋېلىپ، بايۋەچچە ئۆز هۈنىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن، خوتۇنىنىڭ بىر پاي هالقىسىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىگە كۆ-

موپ قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر قانچە ئايال مېھمان يىغىلغان كۈنى بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى ئېرى بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە، بىرپاي ھالقىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— ياخشىراق ئىزدەپ باق، تېپىلىپ قالار، — دەپتۇ بايۋەچچە.

— ئىزدەپ ئاۋارە بولغۇچە كىتابىڭىزغا قاراپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى. بايۋەچچە:

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭگە پۇختا بول، مېنى ئاۋارە قىلىدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلما، — دەپتۇ - دە، كىگىز كىتابىنى قولىغا ئاپتۇ. مېھمانلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ. بايۋەچچە كىگىز كىتابىدىكى ئىمىر - چىمىر سىزىقلارغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مانا دېمىدىممۇ، سەن خوتۇن ئۇنى ئەخلەت بىلەن بىللە ئۆينىڭ ئارقىسىغا تۆكۈۋېتىپسەن، دەرھال ئەخلەت دۆۋىسىنى ئاختۇر، — دەپتۇ.

خوتۇنى ئۆينىڭ ئارقىسىغا يۈگۈرۈپتۇ، باشقا ئاياللارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ھالقا راست دېگەندەك ئەخلەتنىڭ ئارىسىدىن چىقىپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا خوتۇنلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. بىرى:

— شەھىرىمىزگە يېڭى كۆچۈپ كەلگەن كىشى ئۇستا رەمچىكەن، — دېسە، يەنە بىرى:

— ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خاسىيەتلىك كىتاب بار ئىكەن، — دەيدىكەن.

ئەنە شۇ چاغلاردا ئېشەكنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ھەممە

يەرنى ئاختۇرۇپ تاپالماي يۈرگەن بىر كىشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال رەم ئاچقۇزۇشقا كەپتۇ. بايۋەتچە كىگىز كىتا-بىنىڭ داغلانغان بەتلىرىگە بىر ھازا تىكىلگەندىن كېيىن، ئېشەك يىتتۈرگەن كىشىگە قاراپ:

— سىز سۈرگە دورىسى ئىچسىڭىز بولغۇدەك، — دەپتۇ.

تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك بۇ گەپ ئېشەك يىتتۈرگەن كىشىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىپتۇ.

— سىز ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى تېرىد-كىپ، — مەن ئېشەك توغرۇلۇق رەم ئاچقۇزۇۋاتىمەن، سىز بولسىڭىز...

— كىتابتىن شۇنداق چىقىپ قالدى، — دەپتۇ بايۋەتچە دۇدۇقلاپ، — مەندە نېمە ئامال؟!

ئېشەك يىتتۈرگەن كىشى:

— سىز ھەقىقەتەنمۇ ئېلىشىپ قالغان كىشى ئىكەنسىز، سىزنى ئىزدىگەن مەنمۇ ئەخمەق، — دەپتۇ-دە، چىقىپ كېتىپتۇ.

— مانا، رەسۋاچىلىق، — دەپتۇ بايۋەتچىنىڭ خوتۇنى تېرىكىپ، — سىزنىڭ ساراڭلىقىڭىزنى ئەتىلا ئۇ پۈتۈن شە-ھەرگە يېيىپ بولىدۇ. ئەمدى كىشىلەر سىزگە رەم ئاچقۇزۇش ئۇچۇن ئەمەس، بىزنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا كېلىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ ئەخمەق بولغان بارمۇ؟

بايۋەتچىنىڭ خوتۇنى ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋېتىپتۇ. بايۋەتچە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىماي گەپ قىلىپ قويغان-لىقىغا ئۆكۈنۈپ، بۇ يەرنىڭ خەلقى راستىنلا بىزنى قوغلا-ۋېتەرمۇ، دېگەن دەككە - دۈككە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلى-يالماپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن يېڭىلا تۇرۇشىغا، ئىشىكنى قېقىلىپتۇ. بايۋەتچە: «مانا ئەمدى كۆرگۈلۈكىمىزنى

كۆرىدىغان بولدۇق» دېگىنىچە ئالاقزادە بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپ-تۇ - دە، ئالدىدا كولۇمسىرەپ تۇرغان ئېشەك يېتىلىگەن كىشى-نى كۆرۈپ، تېخىمۇ تەمتىرەپ كېتىپ، ئىشىكنى يېپىۋاپتۇ.

— رەمچى ئۇستام، — دەپتۇ ئېشەك يېتىلىگەن كىشى، — خاپا بولمىسىلا، سىلى ھەقىقەتەنمۇ ئەۋلىيا ئىكەنلا. مەن سى-لىنى ئورۇنسىز رەنجىتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ كەلدىم، ئىشىكنى ئاچسىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايۋەچچىنىڭ قوللىرى ئىشىك تۇتقۇ-چىدىن ئىختىيارسىز بوشاپ كېتىپتۇ. ئېشەك يېتىلىگەن كىشى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا بايۋەچچىگە ئېگىلىپ تەزىم قىل-غىنىچە، يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرغان بايۋەچچىنىڭ ئالىقىنىغا تۇتقۇزۇپ، قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ، كەچكە ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چىللاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بايۋەچچە ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. ئەھۋال ئەسلىي مۇنداق بولغانىكەن:

ئېشەك يېتىلىگەن كىشى بايۋەچچىنىڭ كىتابقا قاراپ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قاتتىق تېرىكىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. دوستى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ:

— «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن گەپ بار. سۈرگە دورىسى ئىچ دېگەن بولسا، ئىچىپ باقمامسەن، ئېشە-كىڭ تېپىلمىغان تەقدىردىمۇ، ساڭا ئوشۇقچە زىيىنى يوققۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئېشەك يېتىلىگەن كىشى بۇنىڭغا كۆنۈپ، بىر تېۋىپتىن سۈرگە دورىسى سېتىۋېلىپ ئىچىپتۇ - دە، يەنە ئېشىكىنى ئىزدەشكە مېڭىپتۇ. ئۇ بىر ئەسكى تام-لىقنىڭ يېنىغا كەلگەندە قورسىقى تازا تولغاپ ئاغرىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ئۆت-

سە، ئېشىكى شۇ يەردە توپلىشىپ قالغان سوْلاردىن پەيدا بول-
غان كىچىككىنە لاي ئورىكىگە پېتىپ قېلىپ چىقالماي
ياتقانىكەن...
بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئويلىماي ئېيتقان سۆزىنىڭ ئويلىمى-
غان نەتىجىگە ئېرىشىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ
كېتىپتۇ، خوتۇنىمۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تا-
پالماي قاپتۇ.
بايۋەچچە شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئېشەك يىتتۈرگەن كىشى-
نىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە
مېھمانغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە
يىغىلىپ، «رەمچى»گە تۆردىن ئورۇن قالدۇرۇپ، ئۇنى كۈتۈپ
ئولتۇرۇشقانىكەن، بايۋەچچە ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھەممە ئو-
رۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. بايۋەچچە
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر سىناش نەزەرىنى سەز-
گەندەك بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ ۋە
تۆرگە چىقىپ سەتچىلىككە قالغاندىن كۆرە، قېچىپ كېتىشكە



ئاسان بولۇش ئۈچۈن، پەگادىلا ئولتۇرمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپ:

— رەھمەت، «پاقا سەكرەپ - سەكرەپ ئورىغا چۈشەر» دەپتىكەن، تۆرگە چىققىنىمدىن كۆرە، پەگادا تۇرغىنىم ياخشىدەك قىلىدۇ، — دەپ ساپتۇ. شۇئان ھەممە: «ۋاي، تاپتى... تاپتى !...» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، «رەمچى»گە قالدۇرۇلغان تۆردىكى كىگىزنى قايرىپ ئاستىدىن يوغان بىر پاقىنى ئېلىپ تالاغا ئاچىقىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار شەھەرگە كېلەر - كەلمەي داڭق چىقارغان بۇ «ئەۋلىيا رەمچى»نى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئەتەي شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. «رەمچى»نىڭ ئۇنى دەرھال «تېپىۋېلىشى» ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «رەمچى»نىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. شۇ چاغلاردا پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئۈزۈكى يوقاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بارلىق موللا - ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۈزۈكنى تېپىشنى، ئەگەر تاپالمىسا، ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار قانچە كىتاب كۆرسىمۇ، ئۈزۈكنى تاپالماپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇلارنى ئوردىغا چاقىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئاردىن بىرى پادىشاھقا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئى پادىشاھىئالەم، ئاڭلىساق شەھىرىمىزگە بىر رەمچى كەپتۇ، ئۇ يىتىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسىنى تاپالايدىكەن. شۇ كىشىنى ئەكەلدۇرۇپ سوراپ باقسىلا. مۇبادا ئۇمۇ تاپالماي قالسا، بىزنى شۇ چاغدا ئۆلتۈرسىلىمۇ كېچىككەن بولمايلا، — دەپتۇ. چاپارمەنلەر «رەمچى»نى دەرھال ئېلىپ كەپتۇ. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، بۇ «رەمچى» ئۆزىنى تۇتۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، پۇت - قولى تىترەشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەگەر سەن رەمچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچى

بولمىساڭلا، ئۆزۈڭنى دەرھال تاپالايسەن، تاپالمىساڭ، بۇ يەر-
دىن تىرىك چىقىپ كېتىمەن دەپ خىيال قىلما ! — دەپتۇ.
— بېشىم بىلەن، — دەپتۇ بايۇەچچە ئۆزىنى تەسلىكتە
بېسىپ، — بىراق، بۇ ئىش خېلى چىگىشتەك قىلىدۇ، شۇڭا
مېنىڭ كىتاب كۆرۈپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىم ئۈچۈن ئۈچ
كۈنلۈك سۈرۈك بېرىشكە بولامدىكىن؟
بايۇەچچە بۇ سۆزنى ئېيتىشتا، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆ-
لۈمگە تۇتۇپ بەرگەندىن كۆرە، غىپلا قىلىپ باشقا شەھەرگە
قېچىپ كېتىش پۇرسىتىنى يارىتىشنى كۆزدە تۇتقانىكەن. پا-
دىشاھ خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك:
— بولىدۇ، بىراق ئوردىدىن چىقىپ كەتمەيسەن، مەن سېنى
مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس تاماق بىلەن تەمىنلەيمەن، ئۈچىنچى
كۈنى ئەتىگەندە كۆرۈشىمىز، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.
ئەمدى بايۇەچچىگە مەخسۇس ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، ئۆلۈمنى
كۈتۈپ يېتىشتىن باشقا يول قالماپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ،
ئىككى كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ، ئەمدى تاڭ ئاتسىلا ئۆزۈڭنى تاپالمى-
غانلىقى ئۈچۈن كالالىسىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقىدا گەپ يوق.
بايۇەچچە ئويلىغانسېرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، خۇدد-
نى يوقىتىشقا باشلاپتۇ، ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا سوراق-
قا تارتىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كۆرە، ئۆزىنى -
ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كەپتۇ - دە، قاراڭغۇ چۈشۈپ،
ئەل ئايىغى بېسىلىشى بىلەن ئىشىك - تۈڭلۈكنى مەھكەم
تاقاپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە سىرتماق ساپتۇ،
بىراق ئۆزىنى بىراقلا تاشلاشقا جۈرئەت قىلالماي، ئارغامچىنى
بويىنىغا سېلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قولى بىلەن ئاستا چىڭىتىپتۇ -
دە، «چىق جان، چىق جان» دەپ ئىلتىجا قىلىشقا باشلاپتۇ.
دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ، نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ-

تۇ. بايۇەچچە قۇلاق سالغۇدەك بولسا، ئىشىك ئالدىدا بىرى : «مەن سىلىدىن ئۆتۈنەي، ئۇلۇغ ئەۋلىيا غوجام، ئۇزۇكنى مەن ئالغان. بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن» دەۋاتقۇدەك. بايۇەچچە ھەيران بولۇپ، ئارغامچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچقانىكەن، بىر كىشى ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە بايۇەچچىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ بايۇەچچە ئۆچكەن ئۇ- مىد شامىنىڭ قايتا پىلىلداپ يېنىشقا باشلىغانلىقىنى سې- زىپ، يۈرىكى ئويىنىغان ھالدا.

— مەن پادىشاھنىڭ ساراي خىزمەتچىسى، ئۇزۇن يىللار- دىن بېرى پادىشاھقا سادىق بولۇپ ئىشلەۋاتقانىدىم، يېقىندا قايسى شەيتان ئازدۇردىكىن، سارايدا پادىشاھنىڭ ئۇزۇكىنى ئوغرىتىپ قېلىپ تىقىۋالغانىدىم. سىلى ئوردىغا پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ماڭا ئەندىشە چۈشتى، چۈنكى سىلىنىڭ داڭقىلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىغان. شۇڭا، ئىككى كۈندىن بېرى كېچىسى ئىشىكلىرىگە قۇلىقىمنى يېقىپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى شەپىنى تىڭشاۋاتىمەن. بۈگۈن «شەيخجان، شەيخجان» دەپ ئېتىمنى ئاتاۋاتقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. سىلىدىن گۇناھىمنى تىلەي، مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالسىلا، — دەپتۇ.

بايۇەچچە ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم- دىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان بۇ كىشىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئاخىر چارىمۇ تې- پىلىپتۇ. ساراي خادىمى بۇ چارىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى- دىن كۆڭلى تىنىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا خۇشال - خۇرام چىقىپ كېتىپتۇ. بايۇەچچىمۇ ھەقىقىي بايۇەچ- چىلەرگە خاس خاتىرجەملىك بىلەن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، بايۇەچچە تېزلىك بىلەن كىيىنىپ، ئەتىگەنلىك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، كىگىز كىتابىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، مەغرۇر قەدەم تاشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپتۇ ئۇ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — پېقىرلىرى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ شاھ ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، — قېنى، بايان قىل.

— كىتابنىڭ ئىزھار قىلىشىچە، ئۆزۈك ئوغرىلانمىغان ياكى يىتمىگەن.

— ھە، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ شاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ.

— ئۇنى غازلىرىدىن بىرى دانىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەۋالغان.

— مەيلى، شۇنداقمۇ دەيلى، — دەپتۇ پادىشاھ ئىشەنگۈسى كەلمەي، — سەن شۇ غازنى تاپالامسەن؟

— ئەلۋەتتە تاپقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ «رەمچى» ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن غازلارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھ يەنىلا ئىشەنمىگەن قىياپەتتە، — قېنى، غازلار رەمچىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسۇن.

غازلار كەلتۈرۈلۈپتۇ، «رەمچى» بىر كىتابقا، بىر غازنىڭ كۆزى ۋە قانات - قۇيرۇقلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. غازلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆتۈپ بوپتۇ، ئۈزۈكنى «يەۋالغان» غاز تېخىچە كۆرۈنمەپتۇ. پادىشاھنىڭ تاقىتى - تاق بولۇشقا باشلاپتۇ، بايۇەچچىمۇ جىددىيلىشىپ قاپتۇ، «ئەگەر بۇ ئىش بېجىرىلمىگەن بولسا...» بايۇەچ-

چىنىڭ دەرگۇمان بولغان كۆزلىرى كىشىلەر ئارىسىدىكى ساراي خادىمىغا تىكىلىپتۇ، ساراي خادىمى ناھايىتى خاتىرجەم كۆرۈنۈپتۇ. دېمەك، ئىش بېجىرىلگەن. بايۋەچچە يەنە، بىر قانچە غازنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆزۈك «يەۋالغان» غاز كۆرۈنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆتكۈزە ـ ئۆتكۈزە ئەڭ ئاخىرقى غازغا كەلگەندە، ئۇنىڭ نۇرسىزلىشىپ كەتكەن كۆزىگە قاراپلا ئۇنىڭ ئۆزۈك «يەۋالغان» غازنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. دەرھەقىقەت، ساراي خادىمى بىلەن كېلىشكىنى بويىچە ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر پەي بەلگە ئۇچۇن سۇندۇرۇلغان. بايۋەچچە ئۇنى پادىشاھقا شەرەت قىلىپ:

— بىز ئىزدىگەن غاز مانا مۇشۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ غازنى سويۇشقا بۇيرۇپتۇ. غاز سويۇلۇپتۇ، ئۆزۈك ئۇنىڭ يەمـ لىكىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ چىرايى نۇرلىنىپ، «رەمچى»نىڭ ئەۋلىيالىقىغا ناھايىتى قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ ئورـ دىدا ئېلىپ قاپتۇ.



بەتخەجلىكى تۆپەيلىدىن مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، بىر پارچە نانغىمۇ زار بولۇپ قالغان بايۋەچچە ئەنە شۇ كۈن-دىن باشلاپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ، بىراق غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالماپتۇ. ئۇ قاچاندۇر بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۇ-رىدىكەن، ھەتتا چۈشىدىمۇ مۆكۈدەرەپ تۇرۇپ كېتىدىغان ھا-لەتكە كېلىپ قاپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە پادىشاھ ئۇنى تۇيۇق-سىز ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇرۇندىن تارتىپ بۇ پادى-شاھلىققا چىشىنى بىلەپ كېلىۋاتقان قوشنا پادىشاھلىق لەش-كەر تارتىپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ھودۇققان پا-دىشاھ «قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى تىز پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كېتىشىگە يول قويۇش كېرەكمۇ؟» دې-گەن مەسىلە ئۈستىدە «رەمچى»دىن مەسلىھەت سورىماقچىكەن. «رەمچى» ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بەربىر بىر كۈنى بول-مىسا بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، پاتىپاراقچى-لىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمەيمۇ، دېگەن خىيالدا، كىگىز كىتابىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، پادىشاھقا:

— كىتابقا قارىغاندا، نۇسرەت بىز تەرەپتە، ئەلۋەتتە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

— ئەمىسە، جەڭگە سىز قوماندانلىق قىلىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ «رەمچى»نىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ، — بىز ئارقا سەپتە تۇرۇپ سىزگە ياردەملىشىمىز.

بايۋەچچە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلالماپتۇ. ئۇ دەرھال لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى قايتۇرما جەڭ قىلغۇچى قوشۇننى تەخمۇتەخ قىلىپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئۆيىدىن

تالاغا چىقماي، ئۆز ئۆمرىنى ئەيش - ئىشرەت بىلەنلا ئۆتكۈ-زۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئات مىنىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇ خوتۇنىغا بىر قازان يار يېلىم قايناتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆزىگە توقۇلغان ئاتنىڭ ئېگىرىگە راسا سۈركەپتۇ - دە، ئۈستىگە چىقىپ مىنىۋاپتۇ، يار يېلىم دەرھاللا قېتىپ، ئۇنى ئېگەر بىلەن مەھكەم بىرلەشتۈرۈۋاپتۇ. ئۇ قوشۇننىڭ ئالدىغا كې-لىپ، يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇئان ناغرا - كا-نايلار چېلىنىپ، نەچچە مىڭ ئاتلىق لەشكەر شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. بايۋەچچە مىنگەن ئات جەڭ ۋە بەيگە كۆرگەن، ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلاردىن بولغاچقا، باشقا ئاتلاردىن يول تالى-شىپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ - دە، كېلىۋاتقان دۈشمەن توپىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. قورققىنىدىن ئالاقزادە بو-لۇپ كەتكەن بايۋەچچە كەينىگە ياناي دېسە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى باشقۇرالماپتۇ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاي دېسە، ئېگەردىن ئاجرى-يالماپتۇ. ئات بولسا، دۈشمەنگە قارشى چېپىۋېرىپتۇ. ئۆز قوماندانىنىڭ بۇ «قەھرىمان»لىقى قوشۇننى تېخىمۇ روھلاندۇ-رۇۋېتىپتۇ. ھەممىسى قوماندانغا ئەگىشىپ، قىقاس - چۇقان بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئېتى دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئازلا قاپتۇ. ئۇ كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بېرىدىغان قاتتىق توقۇنۇشتىن خۇدىنى يوقىتىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئېتى بىر يانغا ئېگىلىپ ئۆسكەن بىر توغراقنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بايۋەچچە ئاتتىن ئاجرىۋېلىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن توغراقنى قۇ-چاقلاپتۇ، كىم بىلسۇن، تېگى پورلىشىپ قاقشال بولۇپ قال-غان بۇ توغراق شۇئان قاراسلاپ سۇنۇپ ئېگەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ، ئات بولسا، يۇلقۇنۇپ توغراقنى سۆرىگەن پېتى دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ - دە،

نۇرغۇن دۈشمەن لەشكەرلىرى توغراق پۇتاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ ھالاك بوپتۇ. قالغانلىرى يوغان بىر تۈپ توغراقنى يۆلۈۋېلىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن «باتۇر»غا دۈچ كېلىشتىن قورقۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. بايۋەچچەنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ قىرىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا بايۋەچچىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ سۇغا دۈچكېلىپ، ئېقىننى يېرىپ ئۆزۈپ ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېگەرگە يېپىشتۇرۇلغان يار يېلىممۇ ئېرىپ، بايۋەچچىمۇ ئېگەردىن ئاجراپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىرمۇ ئادەم چىقىم قىلماي دۈشمەن ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا خۇشال - خۇرام شەھەرگە قايتىپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان پادىشاھ بايۋەچچىگە ئۆز تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە تۆت كېچە - كۈندۈز زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى: «ئەۋلىيا رەمچى، چاقماق سەركەردە» دەپ ئاتاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ نامى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى بەكمۇ زىلزىلىگە سېلىۋەتكەچكە، ئۇنىڭ قايتا كىگىز كىتابىنى قولغا ئېلىشىغا ياكى جەڭ ئېتىغا مىنىپ سەركەردىلىك قىلىشىغا تېگىشلىك ھېچقانداق ۋەقە چىقمىغانمىش، شۇڭا ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئوردا ئىچىدە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگەنمىش.

# بىر تىللانىڭ ئاقىۋىتى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن. كۆپ زامانلار ئىلگىرى مەلۇم شەھەردە هايانكەشلىك قىلىپ بېيىغان ئاتاق باي دېگەن بىر بېخىل سودىگەر بولغانىكەن. ئۇ بىر قېتىم يىراق بىر شەھەرگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ كۆپ پايدا تېپىپتۇ، ئۆيدىن چىققىلى ئۈچ ئاي بولدى دېگەن كۈنى يۇرتىغا ئېتىغا مىنىپ، قىرىق قېچىرغا تاۋار - دۇردۇن ئارتىپ بىر نەچچە مالىيىغا ھەيدىتىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، نەچچە تاغ - دەريادىن، نەچچە شەھەر - دالادىن، نەچچە يېزا - سەھرادىن ئۆتۈپ، بىر كۈنى كەچ پېشىن مەزگىلدە ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چوڭ مازارغا يېتىپ كەلگەندە، بىر پۇچۇق گۇمبەزنىڭ ئالدىدا بىرىنىڭ نالە - پەرياد قىلىپ زارلىنىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاتاق باي: «بۇ نىمە ئىشتۇ؟» دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ھېلىقى پۇچۇق گۇمبەزنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قارىغۇ سوپى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، بىر سېخىينىڭ قولى ئارقىلىق بىر تىللا ئاتا قىلساڭ، مەن ئۇنى كۆزۈمگە ئۈچ قېتىملا سۈرتۈپ قولىغا بەرسەم، كۆزۈم ئېچىلىپ، مۇراد - مەقسىتىم ھاسىل

بولاتتى» دەۋاتقۇدەك. ئاتاق باي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە قارىغۇ سوپىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئىتنى دېۋىتىپ كەپتۇ ـ دە، ھەميانىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ:

— ھەي سوپى، مانا ماۋۇ تىللانى ئېلىپ كۆزۈڭگە قاداغۇچە سۈرتۈۋال، — دەپ تەڭلەپتۇ.

سوپى تىللانى قولىغا ئېلىپ: «يا رەببىم، ھىممىتىڭگە كۆپ رەھمەت !» دېگىنىچە كۆزىگە سۈرتۈشكە باشلاپتۇ. ئاتاق باي بولسا تىللانى قاچان قايتۇرۇپ بېرەركىن دەپ تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. سوپى تىللانى خېلى ئۇزاققىچە كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن ئەپچىللىك بىلەن قويىنىغا تىقىپ، تىللا بەرگەن كىشىنىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى سۆزلىرىنى تەكرارلاپتۇ. ئاتاق باي ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي مۇتتەھەم، مەن بەرگەن تىللانى كۆزۈڭگە ئۈچ قېتىم ئەمەس، ئۈچ يۈز قېتىم سۈرتتۈڭ، كۆزۈڭمۇ ئېچىلمىدى. تىللايمنى قايتۇرۇپ بېرىش بۇياقتا قېلىپ، تېخى ئۇنى قوينۇڭغا سېلىۋېلىپ، يەنە نومۇس قىلماي تىللا تىلەۋا-



تامسىنا؟ — دەپ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. سوپى ئاتاق بايىنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن، ئۆز مۇناجىتىنى تەكرارلاپتۇ. قەھر - غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان ئاتاق بايىنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ، ئەرۋاھى پەلەككە ئۆرلەپ، ئۆزىنى باسالماستىن ئاتتىن ئېڭىشىپ سوپىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئاپتۇ - دە:

— ھەي كازراپ سوپى، تىللانى قايتۇرۇپ بەر ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. سوپى ئىككى قولى بىلەن گۇمبەزنىڭ تېمىنى مەھكەم تىرەجەپ تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنىلا ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ماجىرا چىقىپتۇ. چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار بۇ جاڭجالنى ئاڭلاپ گۇمبەزنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ ۋە شۇنچىۋالا باي بىر سودىگەرنىڭ مىختەك تۇرۇپ بىر قارىغۇدىن تىللا تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «تووۋا، شۇنچە كاتتا باي تۇرۇپمۇ، ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن تىلەپ جان بېقىۋاتقان ئاشۇ قارىغۇ سوپىغا ئېسىلىۋېلىپ، تىللا تالىشىۋاتقىنىنى قاراڭ» دەپتۇ. يەنە بەزىلىرى: «ئاتاق باي مانا مۇشۇنداق بىرەر - يېرىم يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن پىل ئۆتكۈزۈپ، مىسكىنلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، مال - دۇنيانى كۆپ يىغىپ باي بولغان» دېيىشىپتۇ. كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسىگە چىدىيالمىغان ئاتاق باي: «خەپ، توختاپتۇر، سوپى، مەن سېنى ئاناڭدىن تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزمىسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» دەپتۇ - دە، ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە غوڭشىپ، ماۋۇ بىر قارىغۇ سوپىنىڭ مېنى ئەخمەق قىلغىنىنى قارا، دەپ ئويلاپ، يولۇچىلارنىڭ تاپا - تەنە، ئاھانەتلىرىگە ئاچچىقلىنىپتۇ، ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئاچچىقى زادىلا ياناپتۇ، ھەتتا گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەپتۇ. ھە دەپ ئۇنىڭ: «ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا !» دەپ، ئۇلۇغ -

كىچىك تىنىپ، ئىككى تىرەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن خو-تۇننىڭ كۆڭلىدىن ئېرىم بۇ قېتىمقى سەپەردە بىرەر پېش-كەللىككە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال كېچىپ، ئىش-نىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ:

— دادىسى، نېمە بولدىلا؟ بەكمۇ پەرىشان كۆرۈنىلى-غۇ؟ يولدا بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ - يا؟ — دەپ زى-غىرلاپ سوراشقا باشلاپتۇ. باي خوتۇنىغا سوپى بىلەن ئىككى-سىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تىللا ماجىراسىنى سۆزلەپ، راسا قايناپ كېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ تەسەللى بېرىشىگىمۇ قۇلاق سالماي مازارغا بېرىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ مازاردا ئۈچ قارىغۇ سوپى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن ئىجىل ئىكەن. ئۇلار خىلمۇخىل ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىشنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىسى خېلى بالدۇرلا بىردىن تىللالىق بولغانىكەن. ھېلىقى سوپى قالغان ئىككى سوپىغا ئۆزىنىڭ بىر تىللانى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا ئىشلەتكەن ھىيلىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان چاغدا ئاتاق باي يېتىپ كەپ-تۇ ۋە ئېتىنى نېرىراق يەرگە باغلاپ قويۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، شەپە چىقارماي كېلىپ قارىغۇ سوپىلار ياتقان گۇمە-بەز تۈۋىدە ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرۇپتۇ. ئۆزىنىڭ تىللاسىنى ئېلىۋالغان ھېلىقى سوپىنىڭ ئۆزىنى ماختاپ: «باي سودىگەرنى راسا بىر بابلىدىم - دە» دېگىنىنى ئاڭلاپ ئىچى ئۆرتىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سوپىلارنىڭ يەنە نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

— ھەممىمىز بىردىن تىللالىق بوپتۇقتە ! — دېيىشىپ-تۇ قارىغۇ سوپىلار. ئارىسىدىن بىرى ھەمراھلىرىدىن:

— ئاغىنىلەر، سىلەر تاپقان تىللايىڭلارنى قەيەرگە قويـ-دۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تىللايىمنى هاسامغا جايلىدىم، — دەپتۇ بولۇڭدا ياتقان سوپى. يەنە بىرى:

— مەن جەندەمنىڭ ياقىسىغا جايلىدىم، — دەپتۇ. ئاندىن ئۇلار يېڭى تىللالىق بولغان سوپىدىن:

— سەنچۇ، ئاغىنە، تىللايىڭنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا:

— تۇمىقىمنىڭ قاسقىنىغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئا-تاق باي ئۈچ تىللانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناهايىتى خۇش بوپتۇ ۋە بىر ئامال قىلىپ بۇ ئۈچ تىللانى قولغا چۈشۈرۈۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن غىپپىدە كىرىپتۇ - دە، سوپىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ جىم تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا سوپىلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:

— قېنى، هاساڭنى ماڭا سۇنۇپ باققىنا، تىللا ئوبدان جايلاشتۇرۇلدىمۇ، يوق، كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ هاسىلىق سوپى، — سەنمۇ جەنـ-دەڭنى سالغىن، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي.

ئۇلار بىر - بىرىگە هاسا ۋە جەندىلىرىنى سۇنۇپتۇ. ئاتاق باي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جەندە بىلەن هاسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىۋېلىپ، يەنە پايلاپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئىككى سوپى يېڭىدىن تىللالىق بولغان سوپىغا:

— سەن تاپقان تىللايىڭنى تۇمىقىڭغا جايلىغان بولساڭ، قېنى، قانداقراق يوشۇردۇڭ، بىر كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مانا، كۆرسەڭلار، كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپتۇ هېلىقى سوپى تۇمىقىنى تەڭلەپ. ئاتاق باي تۇماقىنىمۇ قوشۇپ ئېـ-

لىۋاپتۇ ـ دە، گۇمبەزنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بۇ قارىغۇلار ئەمدى قانداق قىلىشاركىن دەپ، ماراپ تۇرۇپتۇ.

سوپىلار بىر ـ بىرىدىن جاۋاب كۈتۈشۈپ بىرھازا ئولتۇ-رۇشقاندىن كېيىن، ئارىسىدىن بىرى قوپۇپ:

ــ ئاغىنىلەر، كۆرۈپ بولدۇڭلارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قالغان ئىككىسى:

ــ نەدىكىنى، بىز ھېچنېمىنى كۆرمىدۇق، ھەنىنىۋانى سەنلا كۆرۈۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ــ دېيىشىپتۇ.

ــ نەدىكىنى، مېنىڭ قولۇمدا ھېچ نەرسە يوق، سىلەر ئۆزۈڭلار ئېلىۋېلىپ، نېمىشقا يالغان سۆزلەيسىلەر؟! ــ دەپ كايىپتۇ ھېلىقى سوپى. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى سوپى: «سەن ئالغان ئەمەسمىدىڭ؟ سەن ئالدىڭ، سەن ئالدىڭ» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە يامىشىپتۇ، ھېلىقى سوپىمۇ يامىشىپتۇ، چىر-مىشىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تاتىلىشىپ، ئۇرۇشۇپ ـ سوقۇشۇپ، ئۇسۇشۇپ دېگەندەك ئۇستۋاشلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىشىپ، باش ـ كۆزلىرىنى يېرىشىپتۇ. ئاتاق باي



بولسا ئۇلارنى ئۆرۈشقا سېلىپ قويۇپ تاماشا كۆرۈپ، ئىچىدە، خوپ بولدى، مېنى ئەخمەق قىلغاننىڭ جاجىسى شۇ ! دەپ ئويلاپتۇ. كۆپرەك تاياق يېگەن سوپى:

— ھەي ئاغىنىلەر، بىردەم تەخىر قىلىڭلارچۇ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھە، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ قالغان ئىككى سوپى بىر - بىرلىرىنى ئۆرۈشتىن توختاپ. ھېلىقى بىرى پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئاغىنىلەر، ئارىمىزغا بىرەر يات كىشى كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ يەنە بىرى، — بىزنىڭ كۆزىمىز كۆرمەيدۇ. سىرتتىن يوچۇن ئادەم كىرىپ بىزنىڭ تۇماق، جەندە، ھاسىلىرىمىزنى ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ يەنە بىرى، — بىرىمىز ئە-شىكنى توسۇپ تۇرايلى، قالغان ئىككىمىز ئۆيئىچىنى ئاختۇ-رۇپ، بىزنى ئالدىغان شۇ مۇناپىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئەدىپىنى راسا بىر بېرىپ قويايلى.

سوپىلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. بىرى ئىشىكنى توسۇپتۇ، قالغان ئىككىسى گۇمبەزنىڭ ئېمىنى ياقىلاپ، ئوغرىنى ئىز-دەپتۇ. بىرپەستىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە دۇقۇرۇشۇپ:

— مانا ئوغرى ! ئوغرىنى تۇتۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرى-شىپتۇ. ئۇلار ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىنى مۇشتلاپتۇ، تېپىپتۇ، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. گۇمبەز ئىچىدە قىيا - چىيا، غەلۋە - غوۋغا، تاراق - تۇرۇق تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاخىر ئۇلار يەنە ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئۆرۈپ - تىللاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بۇ بىمەنە قىلىق-لىرى ھار كېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىشىپتۇ. ئاتاق باي ئە-

شىك ئالدىدا تۇرۇپ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپتۇ ـ دە، ئۈچ تىللانى ئېلىپ، جەندە، ھاسا، تۇماقلارنى ئىشىك ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئاتاق باي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مازارلىقتا بېرىپ ئۈچ قارىغۇ سوپىنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقا سې-لىپ قويۇپ تاماشىسىنى كۆرۈپ، ئۈچ تىللانى ياندۇرۇپ كەل-گەنلىكىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپ ماختىنىپ كېتىپتۇ. بۇ-نى ئاڭلىغان خوتۇنى ئېرىدىن نارازى بولۇپ:

— دادىسى، شۇمۇ قىلىق بولدىمۇ؟ بىر تىللانى دەپ ئۈچ قارىغۇغا شۇنچىۋالا ئازار بەرگىنىڭىز نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئۇس-تىگە، ئۇلارنىڭ مىڭ تەسلىكتە تاپقان تىللالىرىنىمۇ قوشۇپ ياندۇرۇپ كەپسىز، — دەپ كايىشقا باشلاپتۇ ۋە تىللالارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپ غەلۋە قىلىپ، ئېرىد-نى كېچىچە ئۇخلاتماپتۇ. خوتۇنىنى ئۆز گېپىگە كىرگۈزەلمى-گەن ئاتاق باي تىللالارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمىگۈ-چە ئارام تاپالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، خوتۇنىدىن:

— ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، قايتۇرۇپ بەرسەم بېرەي، بىراق بۇ تىللالارنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئويلىشىپ، قارىغۇ سوپىلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چا-قىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئەكېلىپ تىللالارنى قايتۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەپتۇ.

ئەتىسى ئاتاق باي بىر مالىيىنى ئەۋەتىپ قارىغۇ سو-پىلارنى چاقىرتىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىر خالىي ئۆيگە ئو-رۇنلاشتۇرۇپتۇ. خىلمۇخىل تائاملارنى راسلاپ، سوپىلارنى تازا مېھمان قىپتۇ. كېچىچە جېدەل قىلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن تاياق يەپ، تىللا دەردىدە يىغلاپ ـ قاقشاپ تۇزۇكرەك ئۇخلى-

ماي، ئاچ قورساق تاڭ ئاتقۇزغان بۇ قارىغۇ سوپىلار ئالدىلى-رىغا ئېلىپ كېلىنگەن پولۇ، مانتا، قەنت - گېزەك، ياغلىق توقاچلارنى مۇگدىشىپ ئولتۇرۇپ تويغىنىنى بىلمەي يەپتۇ. تاماقتىن كېيىن چاي، چايدىن كېيىن تاماق تارتىلىپ تۇرۇپ-تۇ. سوپىلار بولسا خۇددى كالىدەك پۇشۇلداپ يەپ - ئىچىـ-ۋېرىپتۇ، قورساقلىرى باداڭدەك كېرىلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇپ ماڭالماي ياكى ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم چىقماي كۈن كەچ بوپتۇ. ئاتاق باي كەچقۇرۇنلۇقى سوپىلارنىڭ تىللىرىنى قايتۇرۇپ بېرەي دېسە، چىدىماي، بەرمەي دېسە، خوتۇنىنىڭ جېدەل قىلىشىدىن قورقۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە دېلىغۇل بولۇپ ئويلىنىپتۇ - دە، ئاخىر خوتۇنغا تۇيدۇرماي تىللالارنىڭ ئورنىغا ئاز - تولا بىرنەرسە بېرىپ يولغا سېلىۋەتمەيمۇ دېگەن نىيەتكە كېلىپ، قارىغۇ سوپىلارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. سوپىلار ھەددىدىن زىيادە تويۇپ كەتكەنلىكتىن ھاسىراپ - ھۆمۈدىشىپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك باي خوجىكا، بۈگۈن بىز ماكانىمىزغا قايتىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز. ھۇزۇرلىرىدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتە كەتسەك، — دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. ئاتاق باي، كېچىچە قوندۇرسام قوندۇراي، «ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلىدۇ» دېگەن گەپ بار، ئەتە بۇ قارىغۇلار مېنىڭ ئىززىتىمنى قىلىپ كۆتكىنىمنى ئويلاپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، تىللالارنى تەلەپ قىلالماس، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قونۇپ قېلىشىغا ماقۇل بوپتۇ.

قارىغۇ سوپىلار ئاچ قورساقلىرىغا قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يەۋەتكەنلىكىدىن سىڭدۈرەلمەي تۈن بويى غىڭشىپ، دومىلاپ - ئېغىناپ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئاتاق باي سوپىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولۇپ كىرسە، ئۇلار قورساقلىرى ئېسىلگەن ھالدا ئۆلۈك ياتقۇدەك. كۆتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالدىن ساراسىمىگە



چۈشكەن ئاتاق باي بىشىنىڭ ئىچىمۇ - تىشىمۇ قىتىپ، نې-
مە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئۇ بىر ھىيلە ئويلاپ
تېپىپتۇ ۋە مەدىكار بازىرىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ دىتىغا ياققۇدەك
مەدىكاردىن بىرنى تېپىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ.
ئۇ مەدىكار بازىرىنى كەچ پېشىنگىچە ئارىلاپ يۈرۈپ، تەپسە
تەۋرىمەيدىغان، توۋلىسا «ھە» دىمەيدىغان بىر تەلۋىنى ئاران
كۆندۈرۈپ، بىر كىچىلىك مەدىكارلىققا ياللىۋىلىپ ئۆيىگە
باشلاپ كەپتۇ. ئاتاق باي مەدىكارنى ئايرىم بىر ھۇجرىغا ئە-
كىرىپ چاي كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:
— سەن ئالدى بىلەن چاي ئىچىپ قورساق تويغۇزۇۋال.
مەن بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن يېنىڭغا كىرىپ ئىش بۇيرۇي-
مەن، — دەپ چىقىپ كىتىپتۇ.
ئاتاق باي قازناق ئۆيگە كىرىپ ئۈچ قارىغۇنى ئوخشاش
كىيەنلەپتۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرىنى ئاچىقىپ دالاندىكى تاخ-
تايىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، كەچ بولغاندا ھىلىقى مە-

دىكارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە:

— مانا ئەمدى سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرەي، ئەگەر بۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىسالىڭىز، سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن. دادام رەھمەتلىك بۇندىن قىرىق يىل بۇرۇن ئۆلگەنىدى. گۆرىدە ئوتتۇز توققۇز يىل جىم ياتتى. بىر يىلدىن بېرى مېنى كۆپ سېغىنىپ قالدى بولغاي، كېچەلىكلىرىنى سۆرەپ پات - پات يېنىپ كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. مەن تولا كۆمۈپ زېرىكىپ كەتتىم. سەن يىراقراق بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ يەرلىكىنى چوڭقۇرراق كولاپ، ئۈستىنى قاتتىق چىڭداپ، چىقىپ كېتەلمەيدىغان قىلىپ كۆمۈپ قويۇپ كەلسەڭ، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مەدىكار ئىچىدە، توۋا قىلدىم، گۆرگە كۆمۈلگەن كىشىنىڭ يېنىپ كەلگىنىنى شۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن. ئېھتىمال بۇ قېرى ھايات ۋاقتىدا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئادەم بولسا كېرەك، شۇڭا يەرلىكىدىمۇ شۈك ياتالماپتۇ - دە، دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— بوپتۇ، مەن دادىڭىزنى قېچىپ كېلەلمەيدىغان قىلىپ كۆمۈپ قويۇپ كېلەي، بىراق ئىش ھەققىم ئۈچ تىللادىن كەم بولماسلىقى كېرەك، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ئۈچ تىللا بەرسەم بېرەي، — دەپتۇ باي سوپىلارنى تېزرەك كۆمدۈرۈۋېتىپ جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ.

كەچلىكى ئاتاق باي مەدىكارنى دالانغا باشلاپ كىرىپ مۇردىنى كۆرسىتىپتۇ. مەدىكار مۇردىنى بىر ئايلىنىپ كۆرۈپ، ئاتاق بايدىن:

— دادىڭىز قارىغۇمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، قارىغۇ ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي ئۇنى ئالدىرىتىپ.

مەدىكار مۇردىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، يوغان كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاتاق باي مەدىكار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى مۇردىنى دالاندىكى تاختىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئىشىككە مەھكەم قۇلۇپ سېلىپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ يېتىپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا مەدىكار قايتىپ كەپتۇ ـ دە، باينى چاقىرىپتۇ. ئاتاق باي مەدىكارنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھە، كۆمۈپ قويۇپ كەلدىڭمۇ؟ نەگە ئاپىرىپ كۆمدۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادىڭىزنى يۇقىرىقى مەھەللىدىن ئۆتۈپ، بىر يۇلغۇن دۆۋىسىنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋەتتىم، — دەپتۇ مەدىكار. ئاتاق باي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ھەي، بەكمۇ يېقىن يەرگە كۆمۈپسەن، يەنە قېچىپ كېلەرمىكىن. يۈرگىن، دالانغا چىقىپ كۆرۈپ باقايلى، ئەگەر قېچىپ كەلمىگەن بولسىلا، تىللايغىنى ئېلىپ قايتساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە مەدىكارنى باشلاپ دالانغا چىقىپتۇ. مەدىكار قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى مۇردا تاختىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇدەك. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا يېقىن بېرىپ قارىسا، بايىقى قارىغۇ مۇردىنىڭ نەق ئۆزى. ئەستاغپۇرۇللا، شۇنچە قىيىنلىپ ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپ كەلسەم، مەندىن بۇرۇن قېچىپ كەلگىنىنى قارا بۇ كاساپەتنىڭ، دەپ ئويلاپتۇ ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گەجگىسىنى تاتىلاپ.

— مەن دېمىدىممۇ، — دەپتۇ ئاتاق باي، — يىراقراق ئاپىرىپ چوڭقۇرراق كۆمۈۋەتمىسەڭ، مانا مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىدۇ.

مەدىكار بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن بىر ئامال تاپقاندەك بوپتۇ ـ دە:

— بۇ نۆۋەت شۇنداق پۇختا كۆمۈۋېتەيكى، دادىڭىز زادى

قېچىپ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق قىلغىن، — دەپتۇ ئاتاق باي، — زادى قايتىپ كېلەلمەس قىلىپ كۆمۈۋەتسەڭ، سېنى يەنمۇ ئوبدانراق رازى قىلىمەن.

مەدىكار مۇردىنى كۆتۈرۈپ يەنە يولغا چىقىپتۇ، نۇرغۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇردىنىڭ قېچىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھاردۇق ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر بىر قورام تاشلىق سايغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ، مۇشۇ يەر تازا مۇۋاپىق ئىكەن، دەپ ئويلاپ، بىر يەرنى كولاپ، مۇردىنى قورام تاشلار بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈپتۇ ۋە قېنى، چىقالىغىنىڭنى كۆرەي دەپ، بىردەم قاراپ ئولتۇرۇپ، مۇردىنىڭ چىقمىغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنىپ قايتىپتۇ. مەدىكار ئاتاق باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئۇنى چاقىرىپتۇ.

— ھە، قانداق كۆمدۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتاق باي مەدىكارغا سىناق نەزەرى بىلەن تىكىلىپ.



— باي ئاكا، قورام تاشلىقساينى چوڭقۇر كولاپ، يوغان ـ يوغان تاشلار بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈۋەتتىم، ئەمدى ھەرگىزمۇ قېچىپ كېلەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەدىكار. ئاتاق باي يەنە:

— قېنى، كۆرۈپ باقايلى، — دەپ مەدىكارنى دالانغا باشلاپ كىرىپتۇ. ھېلىقى مۇردا يەنىلا تاختا ئۈستىدە ياتقۇدەك. مەدىكارنىڭ بېشى راسا قېتىپتۇ.

— «مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، سەن يەنە بىر قېتىم كۆمۈپ باق، بارلىق ئۇسۇل ـ چارىلىرىڭنى ئىشلىتىپ كۆر. ئىش ھەققىڭ ئۈچۈن يەنە ئىككى تىللا قوشۇپ بېرەي، — دەپتۇ ئاتاق باي.

مەدىكار ئۈچىنچى مۇردىنى كۆتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئاتاق باي ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ئۈچ قارىغۇ سوپىنىڭ جەسىتىنى كۆمدۈرۈۋېتەلىگەنلىكىنى ئويلاپ خۇشال بوپتۇ. كىچىچە مۇردا كۆتۈرۈپ ھېرىپ ـ ئېچىپ، كۆزلىرىنى ئۇگىدەك بېسىپ ئارانلا كېتىپ بارغان مەدىكار ئېزىپ ـ تېزىپ قېلىپ، باشقا بىر مەھەللىگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا تاڭمۇ ئېتىشقا ئازلا قالغانىكەن. ئۇ مۇردىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، مەھەللە ئىچىدىكى تۆت تەرىپى جىغانلىق بىر چوڭ كۆلنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇ مۇناپىقنى كۆلگە تاشلىۋېتەي، كۆلگە چۆكۈپ كەتسە يېنىپ چىقالماس، دەپ ئويلاپ كۆل تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا مەزىن ئاخۇنۇم بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن كۆل بويىغا چىقىپ تاھارەت ئېلىۋاتقانىكەن. مەدىكار چېتىنىڭ ئۈستىدىن مۇردىنى كۆلگە تاشلىغاندا، ئاپئاق رەختكە يۆگەلگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر يوغان نەرسىنىڭ بېشى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن مەزىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىنى قاشقا ئېتىپ بە-

دەر قېچىپتۇ. مەدىكار ئۆيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىقى مۇردا كۆلنى ياقىلاپ قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك. مەدىكار:

— ھۇ مۇناپىق، كېچىچە قېچىپ يۈرۈپ ھالىمنى قويمىدىڭ، مانا ئەمدى سېنى ئېنىق كۆردۈم، سېنىڭ مەندىن قېچىپ قۇتۇلۇپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تېخىمۇ خۇدىنى يوقاتقان مەزىن: «ئى خۇدا، ئەتىگەندىلا ماڭا يولۇقۇۋاتقان نېمە پېشكەلدۇ بۇ؟» دەپ زارلىنىپ، جاڭگاللىققا قاراپ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈرۈپتۇ. مەدىكارمۇ، مۇردا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قوغلاپتۇ. قوغلا ـ قوغلا جاڭگالدىكى بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ قېشىغا بارغاندا مەزىنگە يېتىشىۋېلىپ، قولىدىكى كەتمەننىڭ چۆلدىسى بىلەن مەزىننىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپتۇكى، بەختسىز مەزىن ئاخۇنۇم شۇ يەردىلا تىن تارتماي جان ئۈزۈپتۇ. مەدىكار توغراق تۈۋىنى چوڭقۇر كولاپ مەزىننى كۆمۈۋېتىپ، ھالسىرىغان ھالدا پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاتاق باينىڭ ئۆيىگە بەش تىللا ئىش ھەققىنى ئالماق بولۇپ كىرىپ كەپتۇ. مەدىكار بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى بايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— كەتمەن بىلەن مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتىم. دادىڭىز ئەمدى ھەرگىزمۇ قېچىپ كېلەلمەيدۇ، — دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن بىر كىشى ئالدىراش كىرىپ، ئاتاق بايغا:

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى قېيناتىلىرى بۈگۈن تاڭ سەھەردە قازا تېپىپتىكەن، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

— نېمە سەۋەب بىلەن قازا تېپىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتاق باي چۆشەنمىگەن ھالدا.

— تېخى ھېلىلا جەسەتنى جاڭگالدىكى قېرى توغراق تۈۋىدىن تېپىپ ئەكەلدۇق. ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى جەم بولۇپ

سىلىگە قاراپ قالدى، يەڭگەمگە ئۆزلىرى خەۋەر قىلىپ قو-يارلا. ئۆلۈم سەۋەبى قىسقىچە مۇنداق: جامائەت بامدات نامىزى-غا يىغىلىپ، مەسچىتتە تەخ بولۇپ تۇرساق، مەرھۇم قېيناتى-لىرى — مەزىن ئاخۇنۇم خېلى ۋاقىتچە يېتىپ كېلەلمىدى. ئۆيگە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرسەك، قېينانىلىرى: «ھېلىلا تاھارەت ئالغىلى كۆل بويىغا چىقىپ كەتكەن» دېدى. كۆلگە قارىغۇدەك بولساق، بىر جەسەت سۇدا لەيلەپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ مەزىن ئاخۇنۇم ئەمەس. كۆل بويىغا مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ بىر پاي كەشى چۇشۇپ قاپتۇ، بىرەر چاقىرىم يەرگە سەللىسى چۇشۇپ قاپتۇ. «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ، ئىز قوغلاپ ماڭساق، مەھەللە سىرتىدا يەنە بىر پاي كەشى تۇرۇپتۇ. يالاڭ ئاياغ ئىزىنى بويلاپ بىر توغراقنىڭ تۈۋىگە بارساق، ئۇنىڭ تۈۋىدە ئەمدىلا كولاپ تىندۇرۇلغان توپا دۆۋىسىنى كۆردۇق. ئېچىپ قارىساق، قېيناتىلىرى ئىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرەرى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋەتكەن ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنىڭ ئاخىرىغا ئاتاق باينىڭ خوتۇنى كىرىپ قاپتۇ. ئاتاق باي بىلەن مەدىكار تۇرغان يەرلىرىدە قاتقان پېتى بىر-بىرىگە ئالىيىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئاتاق باي ئېلىشىپ قېلىپ تام بارمۇ، ئادەم بارمۇ، ئىشىك بارمۇ، ئۆ-سۇشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئۇسۇۋېرىپ باش - كۆزلىرىنى يېرىپ، جان ئاچچىقىدا ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىراپتۇ. ئەھۋالنى سەزگەن خوتۇنى مەدىكار بىلەن باينىڭ ياقىسىدىن قاماپ: «دادامنى تۆلەپ بېرىش» دەپ جار ساپتۇ. يۇرت - مەھەللە، قولۇم - قوشنىلار يىغىلىپتۇ. ئاتاق باي ساراڭ بولۇپ ئۆ-لۈپتۇ. ئۇنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىغان كەمبە-غەللەر، مەدىكارلار: «ئەجەب ئوبدان بولدى، ئۆز قىلمىشىغا يا-رىشا جاجىسىنى تارتتى» دېيىشىپتۇ.

# پادىشاھ بىلەن قىزىقچى

بوران بورىنىكەن، توخۇ تورىنىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ تەختىدە يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىش بىلەن چۈشىنى ئۇنتۇپتۇ، ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىگە غەم تولۇپتۇ. بىرەر ھەپتە شۇنداق ئولتۇرۇپتۇ. شاھتىن قورقۇپ ھېچكىم گەپمۇ قىلالماپتۇ. ئاخىر ئەلەمگە چىدىمىغان شاھ باش ۋەزىرىنى چىقىرىپتۇ:

— مېنى قىزىق گەپ بىلەن كۈلدۈرىدىغان ئادەم تېپىپ كەل، ئەگەر ئۇ مېنى كۈلدۈرەلمىسە، يۈز تىللا بېرىمەن، كۈلدۈرەلمىسە، يۈز دەررە ئۇرۇپ زىندانغا سالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر شاھنىڭ بۇ ئەلتىماسىدىن سۆيۈنۈپ، شەھەر كېزىپ، بىرقانچە قىزىقچىنى ئەكەپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى شاھنىڭ غېمىنى يېنىكلىتەلمەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى يۈز دەررە ئۇرغۇزۇپ، زىندانغا سېپتۇ. باش ۋەزىر قورققىنىدىن يەنە كوچىغا چىقىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرسە، بىر گەپچى خەلقنى يىغىپ ھە دەپ كۈلدۈرۈۋاتقۇدەك، قېشىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋەزىرگە قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. ۋەزىر ئۇ سۆزمەن كىشىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپ-

تۇ. سۆزمەن كىشىمۇ ماقۇل بوپتۇ. يولدا كېتىپ بېرىپ، ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە، بۇ ئادەم بەك گەپدان كۆرۈنىدۇ. بېرىپلا پادىشاھنى كۇلدۇرسە، يۈز تىللا ئىنئام بېرىدۇ، يۈز تىللانىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئېلىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭ ئاۋارە بولغىنىم بىكار كېتەرمۇ؟ دېگەن خىيال كەپتۇ ـ دە، ئاخىر ئۇنى پادىشاھنىڭ بېرىدىغان ئىنئامىنى تەڭ ئېلىشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ ۋە شۇ غەرەزدە:

ــ بۇرادەر، سېنى ئوردىغا باشلاشتىن مەقسەت، شاھىمىز ھەپتىدىن بېرى قاتتىق قايغۇدا. ئۇ: «كىم مېنى كۇلدۇرەلىسە، ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق ئىنئام بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. قارىسام، سېنىڭ شاھنى كۇلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەپتىڭ بار. ئەگەر شاھنى كۇلدۇرۇپ ئىنئامغا سازاۋەر بولغىنىڭدا پېقىرغا نېمە بېرىسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ شۇ خەيرخاھلىقىڭىز ئۈچۈن شاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سىزگە بېرەي، ــ دەپتۇ قىزىقچى.

ــ ياق، بولمايدۇ، ئۇنداق بولسا، ئوردىغا ئۆزۈڭ بار، ــ دەپ پەش قىپتۇ ۋەزىر. قىزىقچى كۆپ تالاشمايلا:

ــ خەير، مەيلى، مەندىن كەتسە سىزگە كېتىدىكەن، شاھ نېمە ئىنئام قىلسا، يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ سۆزدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، قىزىقچىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ پادىشاھقا توغرىلاپتۇ. پادىشاھ:

ــ قېنى، قىزىق گېپىڭنى باشلا ! ــ دەپ قىزىقچىغا قاراپتۇ. قىزىقچى قولىقى ئاڭلىغان، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە قىزىق سۆز ـ چۆچەك ۋە لەتىپىلەرنى ئېيتىپ ھېرىپ توختاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۇلۇش ئورنىغا غەزىپى ئېشىپتۇ، قىزىقچىغا قاراپ:

ــ گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ تۈگىدى، شاھىم، ــ دەپ بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ

قىزىقچى. پادىشاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— قېنى، بۇنىڭ ئەجرىنى بېرىڭلار ! — دەپتۇ.

ياساۋۇللار قىزىقچىنى بېسىپ دەررە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. دەررە ئەللىككە يەتكەندە، قىزىقچىنىڭ يادىغا ۋەزىر بىلەن قىلىشقان شەرتى چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— شاھىم، بىر ئېغىز سۆز يادىمغا چۈشۈپ قالدى، ھېلى ھەم بولسا رۇخسەت قىلسىڭىز، دەپ باقسام، — دەپتۇ.

— ئۇرىنىدىن تۇرغۇزۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ شاھ. ياساۋۇللار قىزىقچىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ.

— قىلە گېپىڭنى !

— شاھىم، — دەپتۇ قىزىقچى، — ماڭا سىلى ھەرقانداق نەرسە ئىنئام قىلسىلا، ئۇنىڭ يېرىمىنى جانابىي ۋەزىرگە بەرمەكچى بولغانىدىم. ھازىر مەن ئىنئام ئورنىغا يۈز دەررە جازا ئالدىم. بۇنىڭدىنمۇ ۋەزىر قۇرۇق قالمىسا، قالغان ئەللىك دەررە ۋەزىرگە بېرىلسە.

شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە قالغان دەررىنى ۋەزىرگە بۇيرۇپ، قىزىقچىغا يۈز تىللا بېرىپتۇ.



# گەپ بەرمەس بىلەن نەپ بەرمەس

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر باي بىلەن بىر دانىشمەن خىزمەتچى ئۆتكەنىكەن. باينىڭ ئېتى نەپ بەرمەس، خىزمەتچىنىڭ ئېتى گەپ بەرمەس ئىكەن. گەپ بەرمەس باينىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە، نەپ بەرمەس ناھايىتى نۇرغۇن مالايلىرىنى قاقشىتىپ ئۆتكەنىكەن. گەپ بەرمەس كەلگەندىن كېيىن ئۇنىمۇ خېلى قاقشىتىپتۇ، لېكىن گەپ بەرمەس ئۇنىڭدىن ئاخىر ئۆچۈمنى ئالىمەنغۇ، دەپ ئويلاپ، لېۋىنى چىشلەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا يېزىدىن باينى بىر دوستى تويغا ئېيتىپ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن خۇشال بولغان باي:

— ھوي ئۆلگۈر مالاي، بارمۇسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن بار، باي ئاكا! — دەپ يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ گەپ بەرمەس.

— ئاتنى توقۇ، تويغا بارىمىز، — دەپتۇ باي. گەپ بەرمەس:

— ئوبدان، — دەپ، چىقىپ ئاتنى توقۇپ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. باي چىقىپ:

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆشنەڭگە سېلىپ ماڭ، ئالدىمغا چۈش، ھارىمى! — دەپتۇ.

گەپ بەرمەس ئاغزىدا: «ماقۇل» دېسە، ئىچىدە: «خەپ توختا!» دەپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ

ئۇنسى نامەلۇم، يولنى تۇگىتىپ توي بولغان ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. باي ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى مالايغا تۇت-قۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى سورۇن راسلىغان ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

توي تۇگەپ مېھمانلار قايتىپ چىقىپتۇ. باي ئۆي ئىگىد-سى بىلەن خوشلىشىپ، جامائەتنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ چىقىپ:

— ھەي مالاي ! — دەپتۇ.

— خوش تەقسىر، — دەپتۇ گەپ بەرمەس.



— تويدىن ساڭا بىرەرنەرسە تەگدىمۇ؟
— تەگدى، تەقسىر، تەگدى.
— نېمە تەگدى؟
— ئىمام ئاخۇنۇمدىن كېيىن سىلى غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەك قاڭقىپ كېلىپ پېشانەمگە تەگدى.
— هوي قارا يۈز، مەن سېنى بىرنەرسە يېدىڭمۇ دەۋاتىمەن؟
— ۋاي يېمەمدىغان، تەقسىر، يېدىم.
— نېمە يېدىڭ؟
— سىلىنى تويدا پولۇ تېپىپ يېيەلەرمۇ، يېيەلمەسمۇ؟ دەپ غەم يېدىم.
— ئەستاغپۇرۇللا ! هوي، مەن قارنىڭغا بىرنېمە ئىچ-تىڭمۇ؟ دەپ سوراۋاتىمەن !
— ئىچتىم، باي ئاكا، ئىچتىم.
— هە، مانى دېمەمسەن ! نېمە ئىچتىڭ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ باي.
— ئىككىنچى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يول ماڭماسلىققا قەسەم ئىچتىم، — دەپتۇ گەپ بەرمەس.
مالىينى گەپتە يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باي ئۇنىڭدىن باشقا گەپ سورىماي، ئېتىغا مىنىپ يېزىسىغا قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، مەن بۇ گەپ بەرمەسنىڭ قورسىقىنى بىر ئامال قىلىپ تويدۇرۇپ قويمىسام، مېنى تېخىمۇ رەسۋا قىلغۇدەك، دەپ ئويلاپ، يولغا يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە قارىتىپ ئاتنى يېتىلەشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي باي بۇ ئۆيگىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنى هۆرمەتلەپ داستىخانغا ياغلىق توقاچ بىلەن قېتىق قويۇپتۇ. باي قورسىقىنىڭ چالا قالغان يېرىنى تويدۇرۇپ بولۇپ:
— سىلىنىڭ ئۆيدە قېتىقنى ئوخشىتىپ ئۇيۇتىدىكەن.

بىزنىڭ باللار قېتىق ئۇيۇتۇشنى ۋە توقاچ يېقىشنى بىلمەيدۇ. قېتىقتىن كۆنەلگۈلۈك، توقاچتىن ئۆلگە كۆرستىشكە ئازراق بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

— ۋاي بولىدۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ۋە يەتتە چارا قېتىق بىلەن يەتتە قاتلىما ئۈستىگە يەتتە توقاچ قويۇپ، يۆگەپ ئېلىپ چىقىپتۇ. باي ئۇنى ئۆي ئىگىسىنىڭ قولىدىن «رەھمەت، ھەشقاللا» بىلەن ئېلىپ ئىشىك تۈۋگە ئېلىپ چىقىپ، گەپ بەرمەسكە بېرىپ:

— بۇنىڭدىن بىر چارا قېتىقنى ئىچ، بىر توقاچنى يە، قالغان ئالتە چارا قېتىق بىلەن قاتلىما، توقاچلارنى ئۆيگە ئېلىپ بارسەن، — دەپ جېكىلەپتۇ. گەپ بەرمەس:

— بولىدۇ باي ئاكا، — دەپ قولىدىن ئاپتۇ ۋە باي ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ چىققۇچە قورسىقى ئاچقانلىقتىن قېتىق بىلەن توقاچ، قاتلىمىنى پاك - پاكىز سوقۇۋېتىپ، قۇرۇق چارىلارنى داستىخانغا يۆگەپ قويۇپتۇ. باي خېلىدىن كېيىن ئاغىنىسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ ئېتىغا مىنىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۆيگە يېقىن قالغاندا گۈگۈم چۈشۈپتۇ. گەپ بەرمەس پۈتلىشىپ يىقىلغان بولۇپ ئېغناپتۇ. باي:

— ھوي ھارىمى، قېتىق تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن يەنە! — دەپتۇ.

— ھە، تۆكۈلگەنتى، تاپالمايۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گەپ بەرمەس.

— نان ئۇۋۇلۇپ كەتمىسۇن، — دېگەنىكەن،

— ھە، ئۇۋاقلىرىنى ئېزدەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باي بۇ سۆزدىن قېتىق بىلەن توقاچنىڭ ئاللىقاچان جىمىقتۇرۇلۇپ بولغانلىقىنى، گەپ بەرمەسنىڭ ھازىرقى قىلىقى،

سۆزى ئۇنىڭ ھېلىقى ئىككىلىنىشىنى سېزىپ ئاچچىقى كەپتۇ، تېرىكىپ گەپ قىلالماپتۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاچچىقى بىلەن ئاتنى بېرىپ:

— ھازىر ئاتنى يېتىلەيسەن، ئاندىن قاڭتۇرىسەن، تاڭغا يېقىن ئوتقا قويىسەن، — دەپ قاتتىق تاپىلاپ قويۇپ مېھ- مانخانىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. گەپ بەرمەس، خەپ، سېنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىدىغان ۋاقىت ئەمدى يەتتىغۇ، دەپ كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپ، سۆز قىلماي ئاتنى ئاپتۇ. تاڭغا يېقىن ھوي- لىنىڭ ئۇدۇلىغا بېكىتىلگەن دارغا ئاتنى تېڭىپ، پاخال دۆۋى- لەپ ئۇنىڭغا ئوت قويۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ باي چىقىسا ئېتى چۇچىلا بولۇپ كەتكەنىكەن.

— ھوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ! — دەپتۇ باي چىديالماي.

— ئوتقا قويغىنىم، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گەپ بەرمەس.

بۇ گەپ بىلەن باينىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە مالاينى كۆزدىن يوقاتمىسا ئۆزىنىڭ يەنىمۇ كۆرىدىغىنى بارلى- قىنى پەملەپ قاپتۇ - دە، گەپ بەرمەسنى: «كۆزۈمدىن يو- قال !» دەپ، ئۆيدىن ھەيدىۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، گەپ بەرمەس نەپ بەرمەسنىڭ دەككى- سىنى بېرىپ، كېلىشتۈرۈپ ئۆچىنى ئاپتۇ.

# مۇنۇكباي

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر يېزىدا مۇنۇكباي دېگەن بىر كەمبەغەل جۇۋازچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈندە ئىككى قاپاق ياغ تارتىپ ئېشىكىگە ئارتىپ، يېزىمۇ يېزا، مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى مۇنۇكباي ئېشىكىگە ئىككى قاپاق ياغنى ئارتىپ ساتقىلى مېڭىپتۇ.

بىر يېزىنىڭ دوقمۇشىدا ئۈچ قىمارۋاز تام يۆلەپ نەشە چېكىپ، غەيۋەت قىلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مۇنۇكباينىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ-دە، ئۆزئارا تىل بىر قىلىشىپ، مۇنۇكباينى نەشە چەكتۈرۈپ مەست قىلىپ قويۇپ ياغنى ئېپقېچىپ كېتىپ، بۆلۈۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىدا مۇنۇكباي يېتىپ كەپتۇ. قىمارۋازلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ مۇنۇكبايغا سالام — سەھەت قىلىشىپتۇ. ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان بولۇشۇپ، نەشىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ بۇنى بىر تارتىپ قويسىلا! — دېيىشىپتۇ. مۇنۇكباي ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، رەت قىلغان بولسىمۇ، قىمارۋازلار چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن نائىلاج نەشىنى قولىغا ئاپتۇ، ئۇ بىر - ئىككى قېتىم شورا -

شورىمايلا كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. قىمارۋازلار ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇت، قاش - كىرپىكلىرىنى قويماي پاك - پاكىز قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئېشەكتىن ئىككى قاپاق ياغنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا مەيىن شامال چىقىپتۇ. مۇنۇكباي ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپتۇ - دە، كۆزىنى ئېچىپ ئېشىكىگە قارىسا ئىككى قاپاق ياغ يوق. «ئەستاغپۇرۇللا ئەلئەزىم، بۇ نېمە ئىشتۇ؟...» دەپ، ساقىلىنى سىيپىسا، ساقال - بۇرۇتىمۇ يوق ئىمىش. مۇنۇكباي خاپا بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە: «مېنىڭ ئېتىم مۇنۇكباي، ساقال بۇرتۇم قەنىكباي...» دەپتۇ. ئۇنداق ئويلىنىپ، بۇنداق ئويلىنىپ، بۇ ھېلىقى نەس باسقان، شۇم ئۈچ قىمارۋازنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. مۇنۇكباي لېۋىنى چىشلەپ، ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ.

مۇنۇكباي بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئېشىكىگە ئىككى قاپاق ياغنى ئارتىپ، غانجۇغىسىنى تارتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە ياغ ساتقىلى مېڭىپتۇ. ھېلىقى مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا ئاز قالغاندا، يانچۇقىدىن ئۈچ تىللا ئېلىپ ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ - دە، بەھۇزۇر كېتىۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئۈچ قىمارۋاز يەنە شۇ تامنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. مۇنۇكباي ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئېشىكىگە: « تېزەكلەڭ ئېشىكىم، تېزەكلەڭ ! ئالتۇن - تىللا تېزەكلەڭ ! » دەپتۇ. ئېشەك تېزەكلەپتۇ. ئېشەكنىڭ تېزىكى بىلەن بىللە ئۈچ تىللا جىرىڭلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىمارۋازلارنىڭ كۆزى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇشۇپ، مۇنۇكباينىڭ قېشىغا كېلىپ

ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىپتۇ.

— مۇنۇكباي ئاكا، ئۆتكەندە بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئىككى قاپاق ياغلىرىنى ئىچىۋېتىپتۇق. بىزنى كەچۈرسىلە، بىز ئۇنى تۆلەپ بېرەيلى. نېمە خالىسىلا، شۇنى ئالسىلا، مۇنۇ ئېشەكلىرىنى بىزگە سېتىپ بەرسىلە، — دېيىشىپتۇ.

مۇنۇكباي ئۇلار بىلەن كۆپ باھا تالىشىپتۇ، ئاخىر ئۈچ يۈز ئەللىك بەش تەڭگىگە ئېشىكىنى ئىككى قاپاق ياغ بىلەن قىمارۋازلارغا سېتىپتۇ. قىمارۋازلار مۇنۇكبايدىن:

— بۇ ئېشەك قانداق قىلسا ئالتۇن - كۈمۈش تېزەكلەپ بېرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇنۇكباي:

— مېھمانخانا ئۆيىنى زىلچا - گىلەم بىلەن زىنىنەتلەپ ياساڭلار، ئۇ ئۆيگە مايسا بېدە، يېڭى گۈرۈچنى دۆۋىلەپ، ئېشەكنى ئۇ يەرگە بىر ھەپتە سولاپ قويۇپ ياخشى بېقىڭلار. ئۇ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەي، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇچڭلار كىرىپ، قولۇڭلارغا كالتەك ئېلىپ، نۆۋەت بىلەن: «تېزەكلەڭ ئېشىكىم، تېزەكلەڭ! ئالتۇن - تىللا تېزەكلەڭ!» دەپ، قوغلىساڭلار، ساپلا ئالتۇن - تىللا تېزەكلەپ بېرىدۇ، — دەپتۇ. ئۈچ قىمارۋازنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ئېشەكنى ھەيدەپ كېتىپتۇ.

قىمارۋازلار مۇنۇكباينىڭ دېگىنىدەك بىر ئۆيىنى ئېسىل قىلىپ ياساپ، زىلچا - گىلەم بىلەن زىنىنەتلەپتۇ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئون بەش تاغار يېڭى گۈرۈچ، يۈز باغ مايسا بېدىنى دۆۋىلەپ قويۇپ، ئېشەكنى سولاپ، ئىشىكنى تاقاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇنۇكبايدىن ئاڭلايلى:

مۇنۇكباي ئۆيگە كېلىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ - دە:

— قىمارۋازلار ئەمدى مېنى ساق قويمايدۇ. مەن ئاۋۇ شام گۆرگە كىرىپ مۆكۈۋالاي، قىمارۋازلار مېنى ئىزدەپ كەلسە، سەن چاندۇرماي ئالدىغا چىقىپ، يالغاندىن هازا ئې-چىپ، مېنى ئۆلۈپ كەتتى دېگىن، — دەپتۇ ۋە مونۇكباي شام گۆرگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. ئۈچ قىمارۋاز ئىشكىنى زور تەمەدە ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، قوللىرىغا بىردىن كالتەك ئېلىشىپ ئىشەكنى نۆۋەت بىلەن: «تېزەكلەڭ ئېشىكىم، تېزەكلەڭ! ئالتۇن - تىللا تېزەكلەڭ!» دەپ، ئۇرۇپ قوغلاپتۇ. مايسا بېدە، يېڭى گۈرۈچ يەپ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن ئېشەك ئۈچ قىمارۋازنىڭ باش - كۆزىنى شاتراقلاپ بۇلغىۋېتىپتۇ. ئۆيدى-كى زىلچا - گىلەم، تاۋار يوتقان - كۆرپىلەرمۇ بۇلغىنىپ، ئۆي ئېغىلدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈچ ئەخمەق قارىغۇدەك بول-سا، ھېچ نەرسە يوق، ئۆي سەرەمجانلىرى بۇلغىنىپ كېرەك-تىن چىققان. ئۇلار ئۆزىنىڭ كولدۇرلىتىلغانلىقىنى بىلىپ، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئۈچ قىمارۋاز قول-لىرىغا بىردىن خەنجەر ئېلىپ، مونۇكبايدىن ئۈچ ئالغىلى ئۆ-يىگە قاراپ مېڭىپتۇ، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مونۇكباينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. مونۇكباينىڭ خو-تۇنى قارىلىق تۇتۇپ، هازا ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ئى مۇرەببىيم، ئارمىنىغا يېتەلمەي كەتكەن مۇرەببىيم، كۆزى ئوچۇق كەتكەن مۇرەببىيم، مېنى تاشلاپ نەگە كەتتىڭ مۇرەببىيم؟! — دەپ يىغلاپتۇ. ئۈچ قىمارۋاز چىشىنى چىش-لەپ، يالغاندىن كۆز يېشى قىلغان بولۇپ، ئۇ خوتۇنغا:

— بىز مونۇكباينىڭ يېقىن دوستلىرى، ھاياتلىقىمىزدا: «ئەگەر بىرەرىمىز ئۆلۈپ - تارتىپ قالساق، تۇپراق بېشىمىز-نى بولسىمۇ يوقلاپ تۇرىمىز» دەپ ۋەدىلەشكەنىدۇق، ئۇنىڭ

يۈزىنى كۆرەلمىگەن بولساقمۇ، تۇپراق بېشىنى بولسىمۇ بې-رىپ كۆرەيلى، قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويسىلا، خەتمىقۇرئان قىلىپ قايتايلى، — دەپتۇ. خوتۇن ئۇلارغا ئىس چىقىۋاتقان بىر شام گۆرنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار شام گۆرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بىر قىمارۋاز:

— بۇ قېرى قاقۋاش ئوغرى بىزنى راسا بابلاپ رەسۋا قىلدى. بىز ئۇنىڭ بېشىغا تەرەت قىلىپ قويۇپ كېتەيلى ! — دەپ شام گۆرنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

مۇنۇكباي گۆرنىڭ ئىچىدە زىخنى قىزىتىپ ئولتۇرغان-كەن، قىزىپ كەتكەن بىر زىخنى قىمارۋازنىڭ سۆڭگىچىگە سانجىپتۇ، ئۇ ئاغرىققا چىدىيالمىسىمۇ لېۋىنى چىشلەپ ئۈن-دىمەي قوپۇپ كېتىپتۇ. مۇنۇكباي ئىككىنچىسىنىمۇ شۇنداق قىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۈچىنچى قىمارۋاز ئولتۇرۇپتۇ. مۇنۇكباي چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن زىخنى ئۇنىڭمۇ ساغرىسىغا ساز-جىپتىكەن، ئۇ «ۋايجان !» دەپ چىرقىراپ سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ قىمارۋاز قورققىنىدىن ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ.

مۇنۇكباي شام گۆردىن بەخىرامان چىقىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇدۇل پادىشاھنىڭ سارىيىغا ئەرز قىلغىلى بېرىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:

— داد، پادىشاھىئالەم ! سىلىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى. ئاتامدىن ماڭا ئۈچ قۇل قالغان. ئۇ قۇللار ماڭا نۇرغۇن قەرزدار بولغانىدى. ئۇلار قەرزىنى ياندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مېنىڭ ئېشىكىمنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، — دەپ ئەرز قىپتۇ.

پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ قىمارۋازنى ھەيدىتىپ كەپ-تۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن سورىسا، ئۇلار: «بۇ ئىش ئەزبىرايى

خۇدا يالغان» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مۇنۇكباي:

ــ دادامنىڭ ئۇلارنىڭ ساغرىسىغا بېسىپ قويغان مۆھرى بار، تەكشۈرۈپ باقسىلا، ــ دەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى تەكشۈرۈپتۇ. دېگەندەك ئۇلارنىڭ ساغرىسىغا زىخنىڭ ئىزى خۇددى مۆھۈر شەكلىدە چۈشۈپ قالغانىكەن. پادىشاھ ئۇلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ مۇنۇكبايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى مۇنۇكبايغا ئۆمۈرلۈك بويرۇپ بېرىپتۇ.

مۇنۇكباي قىمارۋازلاردىن دەردىنى مانا مۇشۇنداق ئېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ.



# كاج بىلەن جاھىل

بۇرۇن غۇلجىنىڭ بىر يېزىسىدا ئوبۇل دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇنىڭ قول ئىلكىدە خېلى بىرنەرسىلىرى بولۇپ، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئوبۇل كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ باي بوپتۇ ۋە ئۆزۈمنىڭ قىلغىنى ـ قىلغان دەپ، كاجلىقى ھەرقانداق جاھىللارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەھلىمەھەللە ئۇنى «ئوبۇل كاج» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. نەگىلا بارسا، ئوبۇل كاجنىڭ گېپى...

نېمىشقىدۇر، ئوبۇل كاجنىڭ ئۆيىدە خوتۇن تۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆيلىنەي دېسە، «ۋاييەي، ھېلىقى ئوبۇل كاجمۇ؟. ئۇنىڭ بايلىقى قۇرۇسۇن !» دەپ، ھېچ يەردىن خوتۇن تېپىلماپتۇ. ئۇ ھارۋىسىغا بىر دەللىنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە مېڭىپتۇ...

ئەمدى شەھەردىن گەپ ئاڭلايدىغان بولساڭلار، يەنە قىزىق:

شەھەردىمۇ يەنە بىر جاھىل بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە: «ۋىديەي، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىمدۇ كىشى. سەھرايى قىيامەت دەپ، بىكار دەمدۇ كىشىلەر. مەيلى بولسا، ئاق بوغدايمۇ ئالدىمغا كەلسۇن، قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىمۇ...» دەپ، ئۆمرىدە سەھراغا چىقىپ باقمىغانىكەن. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەر توختىمايدىكەن. كىم؟ دېسە، جىمىلەك جاھىل، دەپ ھەممىگە

پۇر ئىكەن... ئوبۇل بايمۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. «تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس» دېگەندەك تېپىشىپتۇ. ئوبۇل باي: «ھەرنېمە بولسا، باي ئۆتكەن ئادەمنىڭ قىزىكەنغۇ... نىكاھ غايىب دېگەن شۇ» دەپ، ئۇ جۇۋاننى ئاپتۇ، بىر-ئەر كۈن ئۆتە - ئۆتمەي، ئالغان خوتۇنىنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاتنى ئۆزى ھەيدەپ سەھراغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، كۈزلەككە يېقىنلاشقاندا، كۆرەڭلەپ ئېتىزلارنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ، مالىخىينى قىرلاپ:

— ئاشۇ كۆز يەتمەيدىغان قىرلارمۇ بىزگە قارايدۇ، — دەپ ھارۋىنى بۇغدايلىق تەرەپكە تارتىپتۇ، — قارىغىنا، بىزنىڭ بۇغدايلار نېمىدېگەن تەكشى تاختا بولۇپ كەتكەن!

— ۋاي ئاتام... راستلا، بۇ بۇغدايلارنى ئەجەب تەكشى قىرقىپتا، قانداقمۇ قىرقىپ بولغاندۇ؟!

— قىرقىمىغان، تاختا بوپتۇ...

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ قىرقىپتۇ.

— ياق، قىرقىمىغان.



— قىرقىپتۇ.
— هوي، تاختا بوپتۇ، تاختا !
— قىرقىپتۇ !
— قىرقىمىغان دەيمەن، قىرقىمىغان !
— قىرقىپتۇ.
ئوبۇل «تاختا بولغان» دېگۈزەلمەي، ئاچچىقىدا: «مانا قىرقىپتۇ» دەپ، خوتۇنىنىڭ تىلىنى قىرقىۋېتىپتۇ. جىمىلەك يەنە «قىرقىپتۇ» دېگەن ئىشارە بىلەن ھە دەپ ئىككى قولىنى قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ. ئوبۇلنىڭ چاچلىرى تىكەنگە ئايلىنىپ، كاجلىقى مېڭىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. «مانا ئەمىسە» دەپ تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ ئىككى قولىنى دولىسىغا يېقىن يېرىدىن چورتلا كېسىپ تاشلاپتۇ. خوتۇن يىقىلىپتۇ، يەنە بوي بەرمەي، يېتىپ تۇرۇپ، «قىرقىپتۇ» دېگەن مەنىدە ئىككى پۇتىنى قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈۋېرىپتۇ. ئوبۇلنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ، كۆزىگە «خۇن» تولۇپتۇ، غالجىرلىشىپ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ ـ دە، خوتۇنىنى ھارۋىغا بېسىپ ئاپىرىپ تىك قىرغاقتىن دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ:
— ھە، مانا توي ! — دەپ قارىسا، خوتۇن سۇ ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ، دولىسى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ، يەنە بوي بەرمەي، ئىككى پۇتىنى قايچىدەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىرقىپتۇ، قىرقىپتۇ دېگەندەك قىلىپ ئېقىپ كېتىپ بارغۇدەك. ئوبۇل قىرغاق ياقىلاپ يۈگۈرۈپ توۋلاپ: «تاختا بولغان، دە، تاختا !» دەپ تىللاپتۇ ۋە:
— توختا، مەن سېنى سۇدىن سۈزۈپ چىقىپ، ئىككى پۇتۇڭنى كېسىپ تاشلىمىسام ! ... — دەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى تىك ياردىن دەرياغا تاشلاپتۇ، تازا قىرقىپتۇ. كاجلىق ئىككىلىسىنىڭ ئۆمرىنى قىرقىپتۇ.

# بەگنىڭ خىيالى

زامانلارنىڭ بىرىدە، دەريا بويىغا يېقىن بىر قەدىمىي شە-ھەردە ئالتە بەگ بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، ئاخىر بىر كوچىدا تېپىشىپتۇ - دە، نەشە چەككىلى شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. دەريا بويىدىكى بىر چوڭ باغقا كىرىپ دوم يېتى-شىپ سەيخانىدىن گۈلخان چىقىرىپ، يوغان بىر دولانا دەرد-خىنىڭ تۈۋىنى ئاۋات قىپتۇ. بەگلەرنىڭ مەستلىكى راسا قىيامىغا يېتىپ، يۇقىرىغا چىقىپ ئەرشنى، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەشنى كۆرۈشۈپ تۇرغانلىرىدا، ئارىدىن بىرىنىڭ كۆزى ھې-لىقى دولاناغا چۈشۈپتۇ.

— ئاغىنىلەر، كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ دولانانى؟ ئەگەر بۇنىڭ-دىن چۆچەك ياسىساق، چوڭ - كىچىك بولۇپ سەككىز يۈزى چىقارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھە، ھە، دۇرۇس! چوڭ - كىچىك دېمەي خىللىغانىنىڭ ئۆزىدە مىڭى چىقىدۇ! — دەپ قۇۋۋەتلەپتۇ ئىككىنچىسى.

— باركاللا! — دەپ سۆز ئاپتۇ ئۈچىنچىسى، — بۇنى ياخشى قىلدۇق، ھەر دانىسىنى قانچىدىن ئالار؟

— قويۇڭلار، دانلاپ پۇچەك ئىش قىلامدۇق؟! — دەپ قىزىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ تۆتىنچىسى، — ئېپى كېلىپ قالسا، مىڭ چۆچەك نېمىشقا مىڭ قويغا توختىمايدۇ؟!

— ھەببەللى، قويمۇ بەرىكەتلىك مال، بىردىن قوزىلىسىمۇ بىر يىلدا ئىككى مىڭ بولۇشى ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ بەشىنچىسى.

— ھە مانا، ئىككى يىلدا تۆت مىڭ قوي، — دەپتۇ بىرى ئۆزىنى تۇتالماي.

خىلىدىن بىرى نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان تەقۋادارراق ئالتىنچىسى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— توختاڭلار، ھەممىمىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مۇشۇ تۆت مىڭ قويىنىڭ ئۆشرە - زاكىتىنى ئايرىۋالايلى، مىسالى قانچىلىك كېلەر؟ — دەپتىكەن، ھەممىنىڭ بېشى قېتىپ، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىم بوپتۇ. خىيال سۈرۈشۈپتۇ، بىر - بىرىگە قاراشماي ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرۈشۈپتۇ، بارماقلىرىنى سانىشىپتۇ، ئاخىر بىرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— مۇنداق قىينالغۇچە ئاخۇنۇمنى باشلاپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دەپ مەسلىھەت قىپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھەممىگە ماقۇل كەپتۇ. ئۇ بىردەم يۈگۈرۈپ، بىردەم توختاپ، نەچچە ئېرىقتىن ئاتلاپ، نەچچە دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگەمۇ يېتىپتۇ. ئاخۇنۇم بەڭگىنىڭ تۇرقىغا قاراپلا



ئەرۋاھى ئۇچۇپ، گېپىنى ئاڭلىماي، كەچ قالغان بازارچىدەك باينىڭ نەزىرىگە مېڭىپتۇ. بەڭگىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— تەقسىر... قازاخۇنۇمدىن كۆرە ئۆزلىرىنى يېقىن كۆ-رۈپ، تۆت مىڭ قوينىڭ زاكىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىل-تىماس قىلغانىدۇق. سىلى ئالدىراش بولغاندىن كېيىن، قازا-خۇنۇمغا باراي ئەمىسە، — دەپ ماڭغانىكەن، ئاخۇنۇم:

— ھاي، ھاي، توختاپ تۇرۇڭلار، قازاخۇنۇمنى ئاۋارە قىل-ماي يۇرمەي، ئۇنچىلىك ئىشلارنى ئۆزۈم تۈگىتىۋېتەي، — دەپ، غەنىيمەت خەزىنە ئالدىدا نەزىرىدىن كېچىپتۇ. ئۇ يولدا بار-غۇچە بەڭگىگە ھېچكىمگە دېمەسلىك، ئادەم ئولاشتۇرماسلىق توغرىسىدا جېكىلەپ مېڭىپتۇ. ئويلىغانسېرى ئاخۇنۇمنىڭ خۇ-شاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئاغزىلىرى ئېچىلىپ، دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان بالىدەك ھجىيىپ ئەتراپىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئالدىراشلىقتا كەشىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا باقماي يول يۇرۇپ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپ، بىرھازادىن كېيىن چىم-لىملىرى چېچىلىپ، ئېغىزلىرى يېرىم ئېچىلىپ ياتقان بەڭ-گىلەرنى كۆرۈپ، ئاپلا! بۇلار كاشىلا قىلمىسا ئىدى... دەپ ئويلاپ، بۇ يەردىن ئىلاج بار ئىتتىكرەك ئۆتۈپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلغىنىدا، بەڭگىلەر قازاندەك سەللىنى يۆگەپ تەرلەپ - پىشىپ كېلىۋاتقان ئاخۇنۇمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قول قوشتۇرۇپ ئالدىغا چىقىشىپ سالام بېرىپتۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مۆتىۋەرلەرنىڭ كاتتىسى، يۇرتنىڭ ئاتىسى، رەھىمدىللىكتە ئايغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان، ئادىللىق-تا ھەقىقەتكە قارىمايدىغان، ھېساپتا قىلنى قىرىق يارىدىغان، كۆپنى كۆرگەن ئاخۇنۇم، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم:

— ھوي بۇرادەرلەر، نېمە دېمەكچىسىلەر؟! مەن سىلەر-

نىڭ ئەرزىڭلارنى ئاڭلاشقا كەلمىدىم، مېنىڭ ۋاقتىم يوق، — دەپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ ھەم ھېلىقى بىللە ماڭغان ئادەمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، بەگلەردىن بىرى:

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەكمۇ ئىش يوقتى، تەقسىر. ئەلۋەتتە بىزمۇ تىرىك بەندە بولغاندىن كېيىن، ساۋابتىن تولا گۇناھىمىز بار. مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاز - تولا يېتىم ھەققى ئاجراتماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئايرىپ بېرەمدىكىن دەپ چاقىرىۋىدۇق، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم سەل يۇمشاپ، توختاپ، بۇلاردىن بىرنېمە چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا بىر بەگ:

— ئاخۇنۇم، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى، ئۆزلىرىنىڭ ھەقدار ئارىلىشىشلىرى بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ دولانا ياغمىچىدىن چوڭ چەك ياساپ تېگىشمەكچى بولغان قويىمىز تۆت مىڭغا يەتكەندە قانچىلىك زاكات كېلىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاخۇنۇمنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ، بېشى گاڭگىراپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي: «نېمە، نېمە... يەنە بىر دېگىن؟» دەپ خىتاب قىپتۇ. بەگلەر بايىقى سۆزنى يەنە تەكرارلاپتۇ. ئاخۇنۇم ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ شۇنداق غەزەپلىنىپتۇكى، ھېلىقى نەزىرنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قولدىن كەتكىنىگە چىدىماي، بەگلەرنى يۈزمىڭنى تىللاپتۇ.

— يوقال، ھارامزادە نائەھلىلەر، مېنى شۇنداقمۇ پېشكەللىك باسامدىغان! — دەپ ۋايىۋايلاپتۇ.

— ئەپۇ قىلسىلا، تەقسىر، ئەپۇ قىلسىلا، ۋاقىتلىرى يەتمىسە بىزمۇ بۇ چۆچەكلەرنى ياساپ، قوي بېقىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيلى، — دەپ شەھەرگە قاراپ كېتىپتۇ.

# نادان بىلەن تادان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر نادان بىلەن بىر تادان ئۆتكە-نىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككىيلەنگە لىققىدە پۇل سې-لىنغان پۇل قاپچۇقى ئۇچراپتۇ. ئىككىسى ئۇنى تالىشىپ قاپتۇ. تادان مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي نادان، ئاۋۇ يول بويىدىكى ئۈجمە دەرىخىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، — دەپتۇ نادان.

— ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۈجمە دەرىخگە چىقايلى، بە-رىمىز پەستە قېلىپ ئۈجمىنىڭ غولىغا تېپەيلى. تەپكىنىمىز ئۈجمە ئۈستىگە چىققاننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلىسەك، تەپكىنى-مىز ئۇتقان بولايلى. چۈشۈرۈۋېتەلمىسەك، ئۈجمە ئۈستىدىكى-مىز ئۇتقان بولايلى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ تادان.

نادان ئويلىمايلا:

— ئۇنداق بولسا ئۈجمىگە مەن چىقاي، سەن ئۈجمىنى تەپكىن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ۋەدىلىشىپتۇ.

نادان ئۈجمىگە چىقىپ يوغان بىر شاخنى مەھكەم قۇ-چاقلاپ تۇرۇپتۇ.

— قانداق، جايلىشىپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تادان.

— جايلىشىپ بولدۇم، قېنى تەپكىن، — دەپتۇ نادان.

— ئۇنداق بولسا قاراپ تۇر، — دەپتۇ تادان ۋە ئۇجمىگە پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بىرنى تېپىپ قويۇپ قىرغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. نادان، ئەمدى پۇل قاپچۇقى مېنىڭ بولدى دەپ، ئۇجمىدىن خۇشال سەكرەپ چۈشۈپتۇ. تادان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، پۇل قاپچۇقنى قويىنىغا ساپتۇ.

بۇنى كۆرگەن نادان:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ۋەدەڭدە تۇرمامسەن؟ ! — دەپتۇ. تادان بەخىرامان ھالدا:

— ئېيتىپ باقە، مەن ئۇجمىگە بىرنى تەپتىم، مانا سەن يەرگە چۈشتۇڭغۇ، سەن ھازىر ئۇجمە ئۇستىدىمۇ ياكى يەردىمۇ؟ — دەپتۇ.

نادان ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. تادان پۇل قاپچۇقنى ئېلىپ، ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىپ قاپتۇ.



# بەش گاس

بۇرۇنقى زاماندا بىر سوپى ئۆتكەنىكەن، ئۆزىمۇ، خوتۇنى-
مۇ گاس ئىكەن. ئۆمرىدە بىرلا قىز پەرزەنت كۆرۈپتۇ، قىزد-
مۇ گاس تۇغۇلۇپتۇ. يىللار ئۆتۇپ، قىزىمۇ چوڭ بولۇپ قاپ-
تۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە مەقسەتلىرىنى ناھايىتى تەستە بىلد-
دۇرۇشىدىكەن. سوپىنىڭ يىگىرمە تۇياق قوي - ئۆچكىسى بو-
لۇپ، ئۇ ھەر كۈنى شۇلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن.
سوپىنىڭ خوتۇنى بولسا ئۆينىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىدىكەن.
قىزى ئولتۇرسا - قوپسا ئەرگە تېگىشنىڭ غېمىدە ئىكەن.

بىر كۈنى سوپى ئادىتى بويىچە، ناماز بامداتقا مېڭىشتىن
ئىلگىرى قويلارنى قوتاندىن چىقىرىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى
يايلاققا ھەيدەپ قويۇپ، ناماز ئوقۇشقا كېتىپتۇ، نامازدىن كې-
لىپ قارىسا، قويلار كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ خېلى
بىر يەرگىچە بېرىپ ئىزدەپمۇ قويلارنى تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۆي-
گە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىدىن:

— قويلارنى ئوتلىسۇن دەپ يايلاققا قويۇۋەتكەنىدىم، يوق
تۇرىدۇ، سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېرىنىڭ گې-
پىنى ئۇقالمىغان خوتۇنى قىزىغا قاراپ:

— قوپ، قىزىم، چاققان بولغىن، داداڭنىڭ قورسىقى
بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىتتىكرەك ئاش ئېتەيلى، —

دەپتۇ. ئانىسىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان قىزى:

— مەن سىلەرگە ئەرگە تېگىمەن دېدىممۇ؟ ! ئەرگە تەگ-مەيمەن، بولدىمۇ؟ ! — دەپتۇ. خوتۇنىدىن جاۋاب ئالالمىغان سوپىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

— قويلارنى كۆردۈڭلارمۇ دەيمەن؟ ! — دەپتۇ. ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن خوتۇنى قىزىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قوپ دېدىم، قوپ ! داداڭنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆل-گۇدەك بولغان ئوخشايدۇ.

قىزى ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— مەن سىلەرنى ئەر تېپىپ بېرىڭلار دېدىممۇ، ھۇ - ھۇ... تويدۇمغۇ، ھۇ، ھۇ...

خوتۇنى ئېرىگە قاراپ قولى بىلەن كۈننى كۆرسىتىپ:

— تېخى كۈن ئەنە، تاماق يېگىلى نېمانچە ئالدىرايلا؟ — دەپتۇ.

ئېرى بولسا خوتۇنىنىڭ قول ئىشارىتىدىن «قوي شۇ تە-رەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ:

— سەن قوينىڭ شۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا توسمىدىڭ؟ ! — دەپ بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شاپىلاق يېگەن خوتۇنى:

— سەن مېنى تاياققا قويدۇڭ، زادى تاماققا ياردەملە-شەمسەن - يوق؟ ! — دەپ قىزىغا كايىپتۇ.

ئانىسىنىڭ تەنبىھسىگە چىدىمىغان قىزى:

— كىمگە بەرسەڭىز شۇنىڭغا تېگىمەن، ھى، ھى، ھى، قېنى، مېنى ئالىدىغان يىگىتنى كۆرسەتمەمسىز؟ ! — دەپ، يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرى-نىڭ گېپىنى ئۇقالمىغان ئانا - بالا يىغلىشىپ، قىرقىراپ

ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپتۇ.
ئەمدى گەپنى سوپىدىن ئاڭلايلى:
سوپى ئەتىگەندىن ـ چۈشكىچە قويلارنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇ ئىزدە ـ ئىزدە ئۆز يېزىسىدىن باشقا بىر يېزىغا بېرىپ قاپتۇ. سوپى كېلىۋاتسا، يولدا بىر كىشى هارۋا ياساپ تۇرغانىكەن. سوپى، قويلارنى مۇشۇ كىشى كۆرگەن بولمىسۇن، دەپ سوراپتۇ:
— هەي بۇرادەر، بۇ ئەتراپقا بىر توپ قوي كېلىپ قال-غىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟
هارۋا ياساۋاتقان كىشى سودىگەر بولۇپ، ئۇمۇ گاس ئىكەن.
— هە، تۆۋەنكى مەهەللىدىن كېلىشىمدە هارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئۇ قولىنى تۆۋەن مەهەللە تەرەپكە چېنەپ. سوپى قول هەرىكىتى بىلەن:
— ئۇ يەرگە باردىم، يوق، بۇ تەرەپكە باردىم، يوق. مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ سىلىدىن سوراۋاتىمەن، — دەپتۇ.
— هەئە، هېچ گەپ يوق، بۇنداق هارۋىدىن نەچچىنى يا-سىغانمەن، — دەپتۇ سودىگەر.
— ئەگەر قويلىرىم كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ بەر-سەڭلار، بىر ئوغلىقىم بار، بېرىمەن، — دەپتۇ سوپى بىتاقەت بولۇپ. سودىگەر قولى بىلەن كۈنپېتىش تەرەپنى كۆرسىتىپ:
— هارۋىنى تېزرەك ياسىۋالمىسام، ئۆيگە كۈن ئولتۇ-رۇشتىن بۇرۇن بارالمايمەن، — دەپتۇ.
سوپى سودىگەرنىڭ قول ئىشارىتىنى قويلىرىم كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ بەردى دەپ خۇش بولۇپ:
— رەهمەت بۇرادەر، — دەپتۇ ـ دە، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئازراق مېڭىپلا قارىسا، قويلىرى بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن سوپى ناهايى-

تى خۇش بوپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، سودىگەرگە رەھ-
مەت بىلدۈرۈش ئۇچۇن ھېلىقى توكۇر ئۇغلاقنى بەرمەكچى
بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:
— بۇرادەر، سىلىگە مىڭ رەھمەت، ئەگەر سىلى قوي بار
جاينى كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىلا، قويلىرىمنى تاپالمايت-
تىم، ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن مۇنۇ ئۇغلاقنى بېرەي، ئۆلتۈرۈپ
يېسىلە، — دەپتۇ. بۇ توكۇر ئۇغلاقنى كۆرۈپ سودىگەرنىڭ
جان - ئىمانى چىقىپ:
— ھەي ئوغرى، سېنىڭ ئوغلىقىڭنىڭ پۇتىنى مەن
سۇندۇردۇممۇ؟ ھۇ مۇتتەھەم، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپتۇ.
سوپىمۇ بوش كەلمەي:
— قويۇمنىڭ بار يېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنگە بىر
ئۇغلاق بەرسەم بولمىدىمۇ؟ چوڭ قوي بەرسەم بولامتى؟! ھۇ
ئىنساپسىز، سەن ماڭا قوي بېقىشىپ بەرگەنمىدىڭ؟! —
دەپتۇ. سوپىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن سودىگەر ماڭا تۆھمەت



قىلدى، دەپ چۈشىنىپ مۈشت كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەللىشىپ تۇتۇشۇپ قاپتۇ.

— ھۇ، تۆھمەتخور !

— ھۇ، نائەھلى، ئىنساپسىز !

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ، بىردەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرى قان بوپتۇ. ئۇلار سۆرىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھەر ئىككى دەۋاگەر قازىغا ئۆز گەپلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. قازىمۇ گاس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماپتۇ. سودىگەر قىبلە تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— دەۋايىمنى تېزرەك سورىسىلا، ئاۋۇ يەردە ھارۋام قالدى، — دەپتۇ. سوپىمۇ قوللىرىدىن ئەنسىرەپ، قول ھەرىكىتى بىلەن:

— ئەتىگەندىن كەچ بولغۇچە بىرنەرسە يېمىدىم، قوللىرىمنى يەنە يوقىتىپ قويماي، بۇ ئوغرىغا بېرىدىغان ئوغلىقىممۇ يوق، — دەپتۇ.

بۇ دەل رامىزان كۈنلىرى بولۇپ، روزى ھېيتقا ئۈچ كۈن قالغانىكەن. قازى ئۇلارنىڭ ئىشارىتىدىن بىرنەرسە سەزگەندەك قىلىپ:

— ھە، سىلەرنىڭ ئاسماندا بۈگۈن ئاخشام ئاي كۆرگەنلىكىڭلار راستمۇ؟ — دەپتۇ. سوپى بىلەن سودىگەر ئۆز سۆزىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. قازى:

— شەرىئەت ھۆكمىدە، ئىككى مۇسۇلمان ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ. قېنى، ناغرا چېلىنسۇن ! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ناغرا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىقتا، قازىدىن:

— قازى ئاخۇنۇم، بۇ نېمە ناغرا؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى

سورىغانلارغا قاراپ:

— بۇ ئىككىيلەن ئاسماندا ئاي كۆردۇق، دەپ گۇۋاھلىق بەردى، ئەتە روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز، — دەپتۇ.

قازىنىڭ دۆتلۇكىدىن غەزەپلەنگەن كىشىلەر قازىنىڭ سەللىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قازىكالانغا ئەرز قىلىپ بۇ پارى-خور قازىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

سوپى بىلەن سودىگەر گاس بولسىمۇ خەت تونۇيدىكەن. ئاخىر بۇلارنىڭ دەۋايىنى سورايدىغان كىشى چىقمىغاندىن كې-يىن، ئۇلار خەت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن مەقسەت - مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىپتۇ، بىر - بىرى بىلەن كېلىشىپ-تۇ، ئاخىر كۈلۈشۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، يېقىن دوستلارغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوپى خوتۇنى بىلەن قىزىد-غا خەت ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپتۇ، خەت ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئېنىق بىلىشىدىغان بوپتۇ.

# تېۋىپنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر تېۋىپ ياشىغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئې-تىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى «ما-ھارىتى»گە تايىنىپ نۇرغۇن بىمارنى داۋالاپ ساقايتىپ، خالا-يىقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىكەن. تېۋىپ يېشى چوڭىيىغانسې-رى «مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە بىرەرمۇ شاگىرت تەربىيىلىمەپتىمەن. ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، كەسپىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدىغان بوپتۇ، ياشلاردىن مۇۋاپىق بىرەرنى تاللاپ ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالدىراپتۇ. تېۋىپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر: «يات كىشىنىڭ بالىسىنى تەربىيىلىگەندىن كۆرە، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئوغلىنى تەربىيىلىگىنىم تۈزۈك» دېگەن قارارغا كەپتۇ. تېۋىپنىڭ تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن، ئەقىلسىز، بەڭۋاش بىرلا ئوغلى بولۇپ، دائىم داپ دارائڭلىغان، ئېشەك ھاڭ-رىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكەن. «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ كەسپىگە قىلچە قىزىقمايدىكەن.

تېۋىپ بىر كۈنى ئۆز قارارىنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغۇل كۆڭلىدە ئاتىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىشنى خالىمىسىمۇ، ئا-تىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي، زورمۇزور رازى بوپتۇ. شۇنىڭدىن

باشلاپ تېۋىپ ئۆز كەسپىنى ئوغلىغا ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغلى تېبابەتچىلىكنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئەقىلسىزلىقى كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەن تېۋىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا قانداق جان باقار، دەپ غەم قىلىپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، قايغۇسى كۈچەيگەنسېرى كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. بىر كۈنى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— شۇنچە ئۆگەتكەن بولساممۇ، مېنىڭ كەسپىمنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىڭ، ئەمدى ساڭا جان بېقىشنىڭ بىرەر يولىنى ئۆگىتىپ قويمىسام بولمىدى. ساڭا دەيدىغان گېپىم شۇكى، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ مېنىڭ



يولۇمنى تۇتقىن، چۈنكى كىشىلەر سىنى تېۋىپنىڭ ئوغلى دەپ قارىغاچقا، ئاتا كەسپىنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ساڭا كېسەل كۆرستىشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، سەن كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل كۆرگىلى بارغان چېغىڭدا، كېسەل بولغۇچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدى ــ كەينى ۋە ھويلا ــ ئاراملىرىغا ئوبدان سەپسېلىپ قارا. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتىسەن، ئاندىن: «ئۆزلىرى پالانى ياكى پوكۇنى نەرسىنى يېگەن ئىكەنلا، شۇ نەرسە زىيان قىپتۇ» دەيسەن. ئاندىن كېيىن كېسەلگە پايدا قىلمىسىمۇ، ئەمما زىيانمۇ قىلمايدىغان دورا بېرىسەن، شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېنىڭ «تاپقاق» لىقىڭغا قايىل بولىدۇ. مۇنداق «تاپقاق»لىق بىرنەچچە قېتىملا بولسا، نامىڭ چىقىدۇ، كىشىلەر ئۆزلا ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ. ئىشىكىڭگە ئادەم كەلدى دېگەنلىك ــ پۇل كەلدى دېگەنلىك. شۇنىڭ بىلەن جېنىڭنى گۈلدەك بېقىپ كېتىسەن، ــ دەپتۇ. تېۋىپ ئوغلىغا «نەسىھەت» قىلىپ ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ.

تېۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئاتىسىدىن مىراس قالغان مال ــ دۇنيانى خالىغانچە يەپ ــ ئىچىپ، بۇزۇپ ــ چېچىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پاك ــ پاكىز قۇرۇتۇپ بوپتۇ. بارا ــ بارا ئۇنىڭغا قورساق بېقىشمۇ تەس كېلىپ، ئەتىگەنلىكىنى تاپسا، چۈشلۈكىنى تاپالمايدىغان، چۈش-

لوكىنى تاپسا، كەچلىكنى تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ تىلەمچىلىك قىلماقچى بوپتۇ، شۇ چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىشتىن يېنىپتۇ، «تېۋىپلىق» قىلماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ يىراق بىر يېزىدا بىر كىشىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېسەل بولغۇچىنىڭ ھويلىسىغا قەدەم باسقان چاغدا، بىردىنلا ئاتىسىنىڭ «تومۇر تۇتۇشتىن بۇرۇن بىمارنىڭ نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل» دېگەن سۆزى يادىغا كېپتۇ – دە، ھويلا ئىچىگە قاراپتۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنىڭ قالدۇقىنى كۆرەلمەپتۇ. ئاستا ئېغىلغا كىرىپ ئوقۇرغا قارىغانىكەن، ئوقۇردا قوغۇن – تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆزىنىڭ «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كېسەل بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ: «ئۆزلىرى قوغۇن – تاۋۇزنى كۆپرەك يەۋەتكەن ئوخشايلا، شۇ نەرسىلەر زىيان قىلىپ قورساقلىرىنى ئاغرىتىپتۇ» دەپتۇ. دېمىسىمۇ، كېسەل كىشى ئالدىنقى كۈنى راستىنلا قوغۇن – تاۋۇزنى جىق يەۋەتكەنىكەن. ئۆيدىكىلەر بۇ ياش «تېۋىپ»قا قايىل بولۇپ، ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپتۇ. «تېۋىپ» ئاتىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، كېسەلگە پايدىمۇ قىلمايدىغان، زىيانمۇ قىلمايدىغان بىرنەچچە خىل دورا بۇيرۇغاندىن كېيىن قايتماقچى بوپتۇ. بىمارنىڭ بالا – چاقىلىرى ئۇنىڭغا خېلى جىق ھەق بېرىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئۇ باشقا بىر يېزىدا بىر ئايالنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يېزىغا قاراپ چېپىپتۇ، ئايالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، بىر ئىت دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يوندا تۆكىدىغان جايدا

سۆڭەك غاجىلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئوڭشايلا «يىپ ئۇچى» تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، بىمارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ، ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بولۇپ: «خېنىم، ئۆزلىرى گۆشنى جىق يەۋەتكەن ئىكەنلا، گۆش ئېغىر كېلىپ كېسەل بولۇپ قاپلا» دەپتۇ. بۇ ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ جايىدىن چىققانلىقىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى «ئەۋلىيا تېۋىپ»، «ياش لوقمان ھەكىم ئىكەن» دەپ ماختىشىپتۇ. ھەقىقەتەن ئايال ئالدىنقى كۈنى گۆش يېگەنىكەن. «تېۋىپ» بىمارغا پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق بىرنەچچە خىل دورا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بىمار ئايال ئۇنىڭغا جىقلا پۇل بېرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ھال - كۈنى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئاققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يىگىت ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ دەرھال ماقۇل بوپتۇ، يىگىتنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ھويلا ئىچىدىن «يىپ ئۇچى» ئىزدەپتۇ. ھويلىدا پەقەت ئېشەكنىڭ توقۇمى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، كېسەل كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ.

— ئاتا، ئۆزلىرى توقۇم يېگەن ئوخشايلا، شۇ زىيان قىپتۇ، — دەپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئۇ-چەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولۇپ كۈلۈپتۇ. ئارقىدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: «كىمىڭنى زاڭلىق قىلىسەن، ئالدامچى!» دەپ، ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرگىنىچە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# تەلۋە كۈيئوغۇل

زاماننىڭ زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولغانىكەن. بۇ قىزلار بىر - بىرلەپ ياتلىق قىلىنىپ، ئاخىردا تولۇنئاي قاپتۇ. تولۇنئاي تولىمۇ زېرەك، دانىشمەن قىز بولۇپ، كۆزلىرى چولپاندەك، يۈزى تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەن. ئاتا - ئانىسى بەش قىزىنىڭ ئىچىدە تۆت قىزنى بىر سېرى، تولۇنئاينى بىر سېرى كۆرىدىكەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، قىزدىمىزنى بىرەر چوڭ باينىڭ بالىسىغا بەرسەك قىزىمىزمۇ راھەت كۆرسە، بىز شۇ يۇرت ئىچىدە ئاتاق - ئابروي قازانساق دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆزىنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك ئوغلىغا تولۇنئاينى سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى باي بىلەن قۇدىلىشىش خۇشاللىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ بېقىش ئېسىگىمۇ كەلمەپتۇ ۋە قىزنىڭ رايىغا باقماي ماقۇل بوپتۇ. باي ئۆزۈن ئۆتمەي تولۇنئاينى قاۋۇلغا نىكاھلاپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

بىراق، قىز بىلەن يىگىت ئوت بىلەن سۇدەك زادى ماسلىشالماپتۇ. ئىسمى - جىسمىغا قىلچە ماسلاشمىغان قاۋۇل تولىمۇ بىغەرەز بولۇپ، تەلۋە، ھۇرۇن، قورسىقىنىڭ تويغىنى-

نى بىلمەيدىغان، ئالتىنچى ئايدا چاقىرسا، يەتتىنچى ئايدا ھە دەيدىغان، ھوشۇر ئېيىدا مانتا يەپ، سەپەر ئېيىدا كېكىرىدىغان، باغدىن گەپ سورىسا، تاغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان گالۋاڭ يىگىت ئىكەن.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، تولۇنئاي ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر تەقدىرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. تولۇنئاي كۆپ ئەجىر قىلىپ ئېرىگە ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنلارنى، ھەتتا ئولتۇرۇپ - قوپۇش، گەپ - سۆز، مېڭىش - تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىپتۇ، ئېرى ھەرھالدا خېلى كۆپ ئۆگىنىشالغاندەك قىلسىمۇ، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىپتۇ» دېگەندەك، يەنىلا دۆتلۈكى تۈگىمەپتۇ. ھەرقانداق مەرىكە - يوسۇنلارغا قاۋۇل قاتنىشىپلا قالسا، كۆلكىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن، ئېرىنىڭ دۆتلۈكى تۈپەيلى تولۇنئايمۇ يەرگە قارايدىكەن. بۇ توغرۇلۇق دىلى ئازار يېگەن تولۇنئاي ئېرىنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كۈيئوغۇل، بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تولۇنئاينىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېرىنى ئاپىراي دېسە، ئۇنىڭ تاقىقا - تۇققا سۆزلەپ، باشقا كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپتۇ، ئۆزى يالغۇز بېرىشنى بىئەپ بىلىپتۇ، ھەر ئىككىمىزلا بارماي قويايلى دېسە، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەندىشە قىپتۇ. ئاخىر تولۇنئاي «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن گەپ بار، مەن قاۋۇلغا ئەدەپ - قائىدىلەرنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگىتىپ، مېھمانغا بىللە ئاپىراي، دېگەن قارارغا كەپتۇ. ئۇ ئېرىگە:

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە دادامىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارىمىز. سىز مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىڭ، ئەگەر يەنە ئۆزد-ىڭىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، تاقىتا - تۇقتا سۆزلەپ يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان بولسىڭىز، ئەمدى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، — دەپتۇ قاۋۇل.

— خۇدا ھەققى، جېنىم خوتۇن، سىز ماڭا نېمە قىل دېسەڭ-ىز، شۇنى قىلىمەن، سىز نېمىنى ئۆگەتسىڭىز، شۇنى ئۆگىنىد-مەن، ئەمدى سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن، — دەپ قاتتىق ۋەدە بېرىپتۇ ھەم خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ قىلغان گەپلىرىمنى ئوبدان ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قاراپ، — بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا بارمىغىلى ئۇزاق بولدى، ئۇلارغا ئازراق سوۋغا - سالام ئالىمىز. بۇنى سىز كۆتۈرىسىز، ئىشىكتىن بۇقىدەك ئۇسۇپلا كىرمەي: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ، دادام بىلەن ئاپامغا سالام بېرىسىز. ئۇلار سىزگە جاۋابەن: «ۋەئەلەي-كۇم ئەسسالام، كېلىڭلار، بالىلىرىم، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ ئۆيئىچى تىنچلىقمۇ؟» دەيدۇ. سىز يەنە: «خۇداغا شۈكۈر، ھەر-قايسىلىرىڭىزنىڭ دۇئا - تەكبىرلىرىڭىزنىڭ بەرىكاتىدىن ياخشى تۇردۇق» دەيسىز. دادام بىلەن ئاپام: «قېنى، ئولتۇرۇڭ، بالام» دەپ، ئولتۇ-رۇشقا ئىجازەت بەرگەندە ئاندىن ئولتۇرىسىز، بىراق ئولتۇر-دۇم دەپ، يۇ-گۈرۈپ تۆرگە چىقىپ كەت-



مەي، چوڭلار ئۇلتۇرۇپ بولغاندا ئاندىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئول-
تۇرىسىز، قائىدە بويىچە ھەرگىزمۇ چوڭلارنى پەگادا قويۇپ
كىچىكلەر تۆرگە چىقمۇالمايدۇ، تۆت ئاچامنىڭ ئەرلىرىدىن
كېيىن سىز ئولتۇرىسىز. چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن گەپ تارتمۇۋې-
لىپ، ئاقساقاللىق قىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سىز
چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ قوشۇق
سالماڭ، گەپ قىلىش توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ سۆزى تۈ-
گىگەندە شۇ سۆزگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك، ئورۇنلۇق گەپنى قى-
لىڭ، سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ چىرايىڭىزنى
تۇرۇۋالماڭ، ئوچۇق - يورۇق كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ. سورۇندا
باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ھاڭۋېقىپ، بۇرۇن كو-
چىلاپ، باش قاشلاپ... ئولتۇرۇشنىڭ ھەممىسى بىھۆرمەتلىك
بولىدۇ... — دەپتۇ ئېرىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان تولۇنئاي
سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئالدىڭىزغا تاماق كەلتۈرگەندە،
قورسىقىڭىز ھەرقانچە ئېچىپ كەتسىمۇ تاماققا قىيا كۆزىڭىز-
نى سالماڭ، چوڭلارنىڭ ئېلىشىنى كۈتۈڭ. تاماق كەلتۈرۈل-
گەندە تاكى دادام، ئاپام تەكەللۇپ بىلەن: «قېنى باللىرىم،
تاماققا بېقىڭلار» دەيدۇ. بۇ چاغدا سىز: «مەرھەمەت، چوڭلار-
دىن كەلسۇن» دەيسىز. چوڭلار «بىسمىللا» دەپ تاماق يېيىش-
نى باشلاپ بېرىدۇ، سىز ئاندىن يېيىشكە باشلايسىز. بىراق،
ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك باشقىلارنىڭ يېرىملاشقۇچە سىز
قاچىڭىزنى قۇرۇۋقداپ قويسىڭىز بولمايدۇ... بۇ قېتىم سىز
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىڭىز، دادام، ئاپاملارمۇ خۇش بولۇپ
قالىدۇ، مەنمۇ سىزنى پات - پات بىللە مېھمانغا ئاپىرىمەن، —
دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ. قاۋۇل خوتۇنىنىڭ دې-
گەنلىرىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.
— شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە

ئىشەنچ قىلالماي، — ئەگەر ئاپام مېھمانلارغا پولۇ ئەتكەن بولسا، سىز ئالدىرىماي، بىر كاپام - بىر كاپامدىن يەڭ، ناۋادا مانتا ئەتكەن بولسا، بىرنى بىراقلا ئاغزىڭىزغا سالماي، بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن چايناپ يەڭ، — دەپتۇ.

قاۋۇل تولۇنئاي ئېيتىپ بەرگەن قائىدە - يوسۇنلارنى بىر ھەپتىگىچە يادلاپتۇ. بىراق، تولۇنئاينىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم بولماپتۇ، ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئاخىر تاماق ئالدىغا كەلسە، ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان تەلۋە ئېرىگە ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلىغان بىر چارىنى ئۆگىتىپتۇ.

— مەن ئاپامنىڭ «يىغىنچاقلىقراق، مانتا ئەتسەم بولارمىكىن» دېگىنىنى غىل - پال ئاڭلاپ قېلىپتۇدىم، بەلكىم بىز بارغاندا مانتا ئېتىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بىزنىڭ بەلگىمىز چوكا بولسۇن، مەن چوكىنى بىرنى چەكسەم، سىز مانتىدىن بىرنى ئالىسىز، چوكا چېكىلمىگۈچە ئالمايسىز، — دەپتۇ تولۇنئاي ئېرىگە قايتا - قايتا جېكىلەپ.

— بۇ ئىشەنچلىك چارە بولدى، ئەمدى مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم، — دەپتۇ قاۋۇل خۇشال بولۇپ.

قاۋۇل بىلەن تولۇنئاي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. تولۇنئاينىڭ دادىسى، ئاپىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئالدى - كەينى يىغىلغۇچە قورۇ ئىچىگە تىكىلگەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى تاماشا قىلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا كۈيئوغۇللاردىن بىرەيلەن قېيىناتىسىغا زوقى كېلىپ:

— دادا، سىلىنىڭ قوللىرى گۈلكەن، قىلغان ئەجىرلىرى زايە كەتمەپتۇ. يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈزۈم تاللىرى مېۋە بەرگۈدەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ

ئاغزى قىچىشىپ، گەپ قىستۇرغۇسى كەپتۇ ۋە:
— دادا، ماۋۇ تىككەن كۆچەتلەر يوغىنىسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ھارۋىغا چاق بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان باشقا كۈيئوغۇللار كۇلۇشۇپتۇ، بىراق قېيىناتىسى قاۋۇلنى ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن جىم تۇرۇۋاپتۇ. قاۋۇل يەنە بىر ئازدىن كېيىن:
— دادا، — دەپتۇ يەردە تۇرغان كىچىككىنە بىر تاشنى كۆرسىتىپ، — بۇ تاش يوغىنىسا، ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇلۇقىا يارىغۇدەك تاش بولغۇدەك، — دەپتۇ. بۇ گەپتىن ھەممەيلەن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۇلۇشۇپتۇ. قاۋۇل ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىستۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ مەغرۇرانە تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي بىچارە بەكلا ئىزا تارتىپ خورلۇق ھېس قىپتۇ، قاۋۇلنى بىللە ئېلىپ كەلگىنىگە بەكلا پۇشايمان يەپتۇ.
تاماق تەييار بولۇپ، مېھمانلار تېگىشلىك جايدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىنە تاۋاقلاردا ئوخشىغان مانتا كەلتۇرۇلۇپتۇ. مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاۋۇلنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، يېگۇسى كېلىپ تاقىتى - تاق بولغان بولسىمۇ، تولۇنئاينىڭ چوكا چېكىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپتۇ. چوڭلار بىردىن مانتا يەپ بولغاندىن كېيىن چوكىنىڭ «تاڭ» قىلىپ چېكىلىشى بىلەن تەڭ قاۋۇل ئالدىراپ كېتىپ مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا موكلا ساپتۇ ۋە چايناپمايلا يۇتۇپتۇ - دە، يەنە قاچان چوكا چېكەركىن دەپ، كۆزىنى خوتۇنىدىن ئۈزمەي قاراپلا تۇرۇپتۇ. تولۇنئاي كېچىكتۇرۇپ يەنە بىر چوكا چاپتۇ. قاۋۇل بايىقىدەكلا چايناپمايلا يۇتۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم داۋام قىلغاندىن كېيىن، قاۋۇلنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ھەممەيلەن

بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا بايىقى قىد-زىق كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قولىدىكى ئىككى تال چوكىنى رىتىم بىلەن تاۋاققا ئۇر-غانىكەن، قاۋۇل: «ئاپالىم ئۇرغان چېغى» دەپ ئويلاپ، ئەتراپقا قاراپمۇ قويماي ئىككى قولى بىلەن چوكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ كاپۇر - كۇپۇر قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچ-قۇچە بىر تاۋاق مانتىنى يەۋېتىپتۇ. چاي كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان تولۇنئاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نومۇس كۈچىدىن يىغلىغان پې-تى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، تولۇنئاينىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى نام - شۆھرەتنى دەپ قىزىنىڭ رايىغا باقماي، بېشىنىڭ ئوبدانلا سۇيى بار بىر تەلۋىگە ئايدەك قىزىنى بېرىپ قويغىنى ئۈچۈن دەردىنى ئىچىدە بىلىشىپتۇ. تولۇنئاي شۇنىڭدىن بېرى ئېرى قاۋۇلنى ھېچقانداق يەرگە ئاپارمايدىغان بوپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئېرىگە ئىنسان بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تولۇنئاينىڭ دادىسى كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈيئوغۇللار كەينى - كەينىدىن بېرىپ قېيناتىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل تولۇنئايغا: «مەنمۇ قېيناتامدىن رازىلىق ئېلىۋالاي» دەپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تولۇنئاي:

— ياق، بارماڭ. كېسەل كىشىگە گەپ خۇشياقمايدۇ. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە، دادام سىزنىڭ تاققا - تۇققا گېپىڭىزنى ئاڭ-لىسا بىر كېسىلى ئىككى بولىدۇ ... — دەپ، ئېرىنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كېلىشىگە زادى قوشۇلماپتۇ.

قاۋۇلمۇ باشقا كۈيئوغۇللارغا ئوخشاش قېيناتىسىنى

يوقلاپ، رازىلىق ئېلىپ كېلىشنى بەكلا خالايدىكەن، شۇڭا ئۇ تولۇنئايغا يېلىنىۋېرىپتۇ. تولۇنئاي مىلىك تەسلىكتە ماقۇل بوپتۇ ھەم دادىسىنىڭ قېشىغا بارغاندا، قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ. تولۇنئاي:

— سىز دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، ئوبدان تۇراملا؟ كېسەللىرى قانداقراق؟ بىرئاز ياخشى بولۇۋاتاملا؟» دەيسىز. دادام سىزگە جاۋابەن: «خۇداغا شۈكۈر، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم» دەيدۇ. سىز: «ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولغاي» دەيسىز. يەنە: «دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟» دەپ سورالىڭ. دادام سىزگە جاۋابەن كۆرۈنۈۋاتقان تېۋىپنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن سىز: «ياخشى بوپتۇ، ئۇ تېۋىپنىڭ قولى شىپالىق، سىلىنىڭ ئاغرىق-لىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ» دەيسىز، ئارقىدىن دورىلىرىنى سورايسىز، دادام يەۋاتقان دورىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن سىز دادامغا: «بۇ بەك شىپالىق دورا، داۋاملىق يەپ بەرسىلە» دەيسىز. دادام سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باش-قا ئارتۇق گەپ قىلماڭ، — دەپ جېكىلەپ يولغا سېپتۇ.

قاۋۇل قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تولۇنئاينىڭ ئۆگەت-كەنلىرى بويىچە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، ياخشى تۇرۇپلا، كېسەللىرى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارىدا بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغانىدىم، يېقىندىن بې-رى ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم ھېچ نەرسە تارت-مايدۇ، ئۆزۈم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن، ماڭا قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى ئەجەل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتامدۇ، بىل-مەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېيناتىسى.

— ناھايىتى ياخشى، ھەرنېمە بولسا شۇنداق بولغاي، —



دەپتۇ قاۋۇل يادلىۋالغىنى بويىچە.

كۇيئوغ ـ لىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭ ـ لىغان قېينا ـ تىسىنىڭ ئەرۋاھى قىد ـ رىق گەز ئۆرلىگەن ھالدا لېۋىنى چىشلەپ، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ جىم يېتىپتۇ. قاۋۇل يەنە:

ــ دادا، سىلىنى قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەزرائىل ... ــ دەپتۇ قېيناتىسى زەردە بىلەن.

ــ پاھ، بۇ تېۋىپ بەك ياخشى داۋالايدۇ، قولى يەڭگىل، سىلىنىڭ ئاغرىقلىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ، ــ دەپتۇ قاۋۇل ۋە يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ــ تېۋىپ سىلىگە قانداق دورىلارنى بېرىۋاتىدۇ؟

ــ زەھەر بېرىۋاتىدۇ، زەھەر ! ــ دەپتۇ دادىسى تەنە ئا ـ رىلاش ئاچچىقلاپ.

ــ بۇ بەكمۇ شىپالىق دورا، داۋاملىق يېسىلە، ــ دەپتۇ قاۋۇل پەرۋايى پەلەك ھالدا.

بۇ تەلۋە كۇيئوغۇلنىڭ گەپلىرى قېيناتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئەجەل ئوقى بولۇپ سانجىلىپتۇ ـ دە: «يوقال كۆزۈمدىن !» دەپ، قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

# كوسەي قاشلىق ۋاپادار

مۆھتەرەم جامائەتلىرىم، ئوغۇل بالا چاقچاقان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار دېگەن مانا مەن بولىمەن.

ھازىر ھېكايەمنى باشلايمەن. گەپلەشسەڭلار ئېزىپ كېتىمەن، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭلار قىزىپ كېتىمەن. قولـ-ـقىڭلار ئەن بولسۇن، چاينىشىڭلار قەن بولسۇن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قېرى خوتۇننىڭ تىزى دولىسىدا، ئېشەك ئۆگزە تاتىلىغاندا، خوراز جىرىم غاجىلىغاندا، پايپاققا ناھال قاقاندا، جاڭگالغا قولپا سالغاندا، تومۇچۇققا مەشرەپ بەرگەندە، ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندا مېنىڭ بېشىمدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئۆتكەندى:

مەن ئوغۇل بالا چاقچاقان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار تىزا، داچەن دېگەن پاخال نەرخى، ئاق تەڭگە دېگەن سامان نەرخى كۇنلەردە، پۇلنى جىمىتىپ چىقاي دەپ، بازارغا چىقماقچى بولدۇم، شەنبە كۇنلۇكتە تەڭ كېچە بىلەن ئېگىز بوز ھاڭگىـ-ـغا مىنىپ يولغا چىقتىم، يېتىۋالسا، يوگەننى كەينىگە چىڭ تارتىپ، يوگۇرۇپ توختىغىلى ئۇنىمىسا، ئالدىغا سۆرەپ، يەكـ-ـشەنبە كۇنى ناماز پېشىن ۋاخ بىلەن قاراقاشنىڭ بازىرىغا باردىم، بوز ھاڭگىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ رەستىگە چىقتىم. قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ، چوڭ نەزەر بىلەن غادىيىپ كېـ-

تىۋاتسام، دوقمۇشتىكى سامسىپەزنىڭ شاگىرتى: «ياغدا پىشـ-
تى، ياغدا پىشتى، بىرنى يېسەڭ تىك تۇرسەن، ئىككىنى يې-
سەڭ شوك تۇرسەن» دەپ توۋلاۋەردى. ئوغـۇل بـالا چـاقـقـان،
كۆسەي قاشلىق ۋاپادارنىڭ قورسىقى بەك ئاچمىدىكىن، پۇت-
لىرىم مەندىن بىخەۋەر سامسىخانىغا كىرىپ بولدى. سامسىپەز
ئۇستام ماڭا سالام بېرىپ: «كەلسىلە تۇغقىنىم، كەلسىلە. بىر
جىڭ گۆشنى ئوتتۇزغا سالدۇق، بىر چارەك پىيازنى ئۇششـاق
توغراپ توققۇزغا سالدۇق، تويغۇچە يەۋەرسىلە» دېدى ھەم ئال-
دىمغا بىر لېگەندە لىق گۆشگىردە قويدى. مەن بۇنىڭغا قاراپ
دادامنىڭ تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن، ئوڭ قوۋزۇزۇمغا ئىككىنى،
تىلىمنىڭ ئۇستىگە ئىككىنى، ئاستىغا ئىككىنى تىقىپ، قىد-
زىق بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ يەپتىمەن. سامسىپەز ئۇستام ما-
ڭا: «تارتىنماي يەۋەرسىلە» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئانامنىـڭ
تۇغقىنىمىكىن دەپتىمەن، «كېيىن يەنە كېلىـپ يەي» دەپ،
سامسىخانىدىن چىقتىم، قورسىقىمنىڭ تويغىنىغا خۇشال بو-
لۇپ «ناي - ناي»غا ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتسام، سامسىپەزنىڭ
شاگىرتى كەينىمدىن كېلىپ قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتتـى،
چېلىشامدىكىن دەپتىمەن، يەم بىلەن بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈ-
رۈپ چۆرگىلىتىپ - چۆرگىلىتىپ، ئۆزۈم بۇرۇن يىقىلىـپ،
ئۇنى ئۇستۇمگە يىقىتىپتىمەن. سامسىپەزنىڭ شاگىرتى ئور-
نىدىن قوپۇپ:

— سىلى يېگەن گۆشگىردىنىڭ پۇلى قېنى؟ — دېۋىدى،
ھاڭ - تاڭ قاپتىمەن.

— ۋۇي ئۇكام، مەزەگە قويغان گۆشگىردىگە پۇل ئالام-
تىڭ؟ — دېسەم، ئۇ:

— ئەخمەقمۇ مەن بازارغا كەلگەنلەرنى مېھمان قىلىدد-
غان، — دېدى.

— ۋۆي ئۇكام، پۇلدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمگە نەچچە يىل بولغانىدى، يانچۇقۇمدىن ئۆزۈلۈك چاغلاپ ئىلىۋالغىنىنا، — دەپ، قولۇمنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇردۇم. ئۇ يەتتە يانچۇقۇمنىڭ ئون يەتتە يېرىنى تېشىۋېتىپ، ئاران يەتتە پۇل تېپىپتۇ ۋە ماڭا ئۇيدەك ئالىيىپ قاراپ:

— بۇ پۇل يەتمەيدۇ، — دېدى.

— يەنە نەچچە پۇل كەم؟

— ئوتتۇز ئۈچ پۇل.

— ئۇ پۇلۇڭنى يېنىشىمدا بېرىپ كېتەي، خۇدا ئۆمۈر بەرسە سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كېتەي، — دەپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قايتۇرۇۋەتتىم.

شۇ كۈنلەردە كىيىۋالغان ئۆتۈكۈم قالتىس نوچى ئىدى، غىسىلدىغان ئاۋازى بازارنىڭ بۇ بېشىدىن - ئۇ بېشىغا ئاڭلىناتتى. قانداقراق ئۆتۈككىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇ ئۆتۈكنىڭ ساقىسى ئىككى غېرىچ، تاقىسى ئۈچ غېرىچ كېلەتتى. ئۆتۈككە توپا قونمىسۇن دەپ، يولنىڭ قاتتىق يېرىدىن كېتىۋاتىمەن. بىردەمدىن كېيىن پۇتلىرىم سىرتماققا كىرىپ قالغاندەك قەدەم ئېلىشىم مۈشكۈللىشىپ كەتتى. كەينىمگە شۇنداق قارىسام، ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلار قاسساپنىڭ جىڭ - كانارلىرىنى، باققالنىڭ سېۋەتلىرىنى، ناۋايلارنىڭ زىخ - چۇقاللىرىنى ئىلىۋېلىپ سۆرەپ كەپتۇ. بازاردا مۇشۇنداق ماڭغۇلۇق دەپ سۆرەپ تارتىپ كېتىۋەردىم. بىردەمدىن كېيىن قاسساپ، باققال، ناۋايلار كېلىپ بىرى قولۇمغا، بىرى دولامغا، بىرى پۇتۇمغا ئېسىلىپ، مېنى مىڭ مۇشەققەتتە توختاتتى. ئاندىن زىخ - چۇقال، جىڭ - سېۋەتلىرىنى پېتىر ناندىن قىل سۇغۇرغاندەك ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىدىن چىقىپ قالغان لاتا - پۇتلىرىدىن ئاجرىتىپ ئې-

لىپ كېتىشتى. مەن ئوغۇل بالا چاققان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار پايتىمىلىرىمنى تېرىپ تىقىپ، بىر قولۇمدا ئۆتۈكۈمنىڭ ساقىسىدىن يېرىپ تىقىپ، ئۆتۈكۈمنى ياملاقچىغا يامىتىپ، بىر پېيىنى قىزىل، بىر پېيىنى قارا مايلىتىپ، تەۋەككۈلنى ئاللاغا قويۇپ، ئاق نانىنى ئۆزۈم يەپ، زاغرا نانىنى بالىلارغا قويۇپ، قېتىق ئىچكەن مولLامدەك غىپىلداپ مېڭىۋەردىم، مېڭىپ - مېڭىپ بىر خىيابانلىققا چىقىپ قالدىم، غىرىبچىلىقتا بىردەم ئارام ئالاي دەپ سارايغا كىرسەم، بىر لاتا قالپاق بېگىم ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇشىغا، بوسۇغىنى توسۇپ توغرىسىغا يېتىۋاپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بېگىم، — دېدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىن كەلدىڭ، ئوغلۇم؟ — دېدى بېگىم.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن.

— سىزنىڭ مەھەللەڭ نەدە؟

— ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا.

— نېمە ئىش قىلاي دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىگە باشلىق بولاي دەپ كەلدىم.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى بېگىم ئۈيدەك چەكچىيىپ.

— ئۆزلىرىگە باخشى بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ گېپىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم.

— باخشىلىقتىن خەۋىرىڭ بارمىدى، قانداقنى ئوينايسەن؟ — دەپ سورىدى بېگىم.

— ئوينىغاندىكىن جىڭ ئالا بوزنى ئويناي، — دېدىم.

— ئەمىسە ئۆيدىكى قونداقتا بەش دانە قارچىغا قوندۇرۇقلۇق، ئۆزۈڭ چاغلاپ بىرنى ئېلىپ چىقىپ ئوينىغىن، — دېدى بېگىم. مەن بەش قارچىغىدىن بىرنى قولۇمغا قوندۇ-

روپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قوندۇرۇپ، سوغۇقتا راسا توڭدۇرۇپ، «ناي - ناي - ناي»غا ناخشا توۋلاپ، مازارمۇمازار، بازارمۇبازار مېڭىۋەردىم.

مەن قارچىغىنى قونداقتا قوندۇرۇپ قويسام ئولتۇرالمى-دى، قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، نېمە يېگۈزسەم بولىدىكىن؟ دەپ ئويلىنىپ، تەكچىگە قارىسام ئىككى ئاياقتا قېتىق تۇ-رۇپتۇ، قېتىقنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويسام ئىچمىدى. نان چې-لىپ بەرسەم ئىچەمدىكىن، دەپ قوشنىلاردىن خامان ۋاقتىدا بېرىشكە ئىككى ئارپا نېنىنى ئۆتنە ئالدىم، ئىككىگە تويماس-مىكىن دەپ تۆتنى ئالدىم،ناننى قېتىققا چىلاپ ئالدىغا قوي-سام يەنە يېمىدى. مەن، تارتىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈم يېگۈزۈپ قوياي دەپ، قارچىغىنى ئىككى تىزىمغا قىسىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىنى يېرىپ ئولتۇرۇپ، بۇگۈنكى چاقچاق جۇۋانلار قوشۇقنىڭ دەستىسىدە ياغلىق ئۇچەي قۇيغاندەك تىققىلى تۇرۇۋىدىم، بىر ئاياق قېتىق بىلەن ئىككى ئارپا نې-



نى تۈگىگەندە قارچىغا «غىق» قىلىپ بىرنى كېكىردى. قور-سىقى تويدى، پۈت - قولىغا ماغدۇر كىردى، دەپ ئويلاپ قونداققا قوندۇرۇپ قويسام، يەنە ئولتۇرالمىدى. لاتا قالپاق بېگىم:

— ئوغۇل بالا چاققان ! — دەپ مېنى چاقىردى.

— خوش بېگىم، — دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم.

— قارچىغا قېنى؟ — دەپ سورىدى بېگىم.

— سېۋەتكە باستۇرۇپ قويدۇم.

— هەي ئوغرى، سېۋەتكە باستۇرۇپ قويغىلى ئاناڭنىڭ قاردا قالغان قۇشقىچىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ قارچىغىلىرى.

— يۈگۈرگىنە، قارچىغىنى ئېلىپ چىق، — دېدى. مەن كىرسەم قارچىغا قېتىق قۇسۇپ يېتىپتۇ، تۇمشۇقىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، پالاقلىتىپ - شالاقلىتىپ كۆتۈرۈپ چىقتىم.

— هەي ئوغرى، ئاۋايلاپ ئېلىپ چىقساڭ بولمامدۇ؟ بىر قارچىغا دېگەن نەچچە پۇل؟ مەدىكار دېگەننى، ئەستاغپۇرۇللا...

— بېگىم، قورسىقىنىڭ توقلۇقىغا شوخلۇقى تۇتۇپ كې-تىپ باشقۇرماق تەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇنى.

— ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولۇمدىن سىلكىپلا ئالدى. ماڭا ئوبدان باھانە تېپىلدى:

— بۇنداق سىلكىسىلە قارچىغا تۈگۈل ئادەممۇ ساق قال-مايدۇ، بېگىم. بۇرۇن قىرىق توققۇزى كەم ئەللىك قارچىغا كۆندۈرگەنمەن، بۇنى كۆندۈرسەم ساقمۇ ساق ئەللىك بولاتتى. قارچىغا دېگەن جېنى نازۇك جانىۋار، سىلكىشلىرىگە چىدىماي ئۆلۈپ قالدىمىكىن دەيمەن.

لاتا قالپاق بېگىم قارچىغىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قاراپ بېقىپ:

— ھەي ئوغرى، قېتىق ئىچكۈزدۈڭمۇ بۈنىڭغا؟ — دېدى.
— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق ئىچكۈزمىدىم.
— ماڭغىنا ئوغرى، قېتىقنى ئېلىپ چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمدىغۇ بالانىڭ چوڭ كاللىسىغا ئۈسىدىغان بولدۇم دەپ قورقتۇم. بوسۇغىدا پۇتلاشقاندەك، كۆزۈم ئەجەب تورلاشقاندەك پالاقشىپ قويدۇم.
— ھەي ئوغرى، قېتىقنى تۆكتۈڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— يوقسۇ، بېگىم، قېتىق قولۇمدا بار، ئاياقنى تاپالمايۋاتىمەن.
— يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ يا؟
— يىقىلىپ چۈشمىدىم، ئورنۇمدىن قوپالمايۋاتىمەن، — دېدىم.
— چاققان ئالدىمغا چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى بېگىم. يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.
— بۇ قارچىغا ئۆلۈپ قاپتۇ، يىراققا تاشلىۋەت، — دېدى. قارچىغىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي كاللامغا تەلپەك قىلىپ كىيىپ، راۋابىنىڭ تارىسىنى بوم قىلىپ، بۇ يەرگە كەپقالغىنىمغا غوم قىلىپ، ياخشى غىزا تاپسام ئاغزىمغا كوم قىلىپ، ئاپتاپلىققا چىقىپ ياتتىم. بىر چاغدا:
— ئوغۇل بالا چاققان، — دەپ قىچقاردى.
— خوش بېگىم، — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.
— بىكار يۈرسەڭ بۇزۇلۇپ كېتىسەن، خىزمىتىڭگە بىر مەدىكار قوشۇپ بېرەي، پاكار ئېشەكتىن بىرنى توقۇپ بېرەي، بىر لاچىنىم بار ئاپىرىپ كۆندۈرۈپ كەلگىن، — دېدى.
— ئوبدان، شۇنداق قىلاي، بېگىم، — دەپ يولغا چىقتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن يېنىمدىكى خىزمەتچىم:
— ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى بىرنەرسىگە سالغاچ

ماڭماملا، — دېدى. مەن، بۇ لاچىن كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشايدۇ، يوشۇرۇپ ماڭسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ، ئېشەكنىڭ بېلىدىن سەكرەپ چۈشتۈم، لاچىننى چا-پاننىڭ يېڭىگە سېلىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، تۆپە-سىگە مىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم. خىزمەتچىم ھەيران بولۇپ:

— ئاداش، ئوغۇل بالا چاققان، لاچىننى ئاۋۇ سازلىقتىكى ئۆردەك، قاشقالداقلا سالامدىكىن دېسەم، ئاستىلىرىغا باسۇرۇپ ئولتۇردىلا. سىلى لاچىننى كۆندۈرۈشنى بىلمەيدىكەنلا، قايتىپ كەتسىلە، لاچىننى ئۆزۈم كۆندۈرۈپ چىقاي، — دېيۋىدى، بۇ گەپ ماڭا خۇش ياقتى. مەن ئېشەك بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان لاچىننى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەينىمگە ياندىم، بېگىمنىڭ تېخىچە كىشىگە كۆرسەتمىگەن موينا جۇۋىسىنى دولامغا غې-رىبچە ئارتىپ «ناي - ناي - ناي»غا ناخشا توۋلاپ، قەدەمنى كىچىك بېسىپ، ئالدىرىماي ماڭدىم. مېنىڭ دىڭ قۇلاق ئالد-ىتاغىل دەپ بىر ئىتىم بار ئىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئال-دىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. مەن، يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەر-گىلى كەپتۇ دەپ، خۇشال بولدۇم، موينا جۇۋىنى دىڭ قۇلاق تاغىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئىككى بېشىدىن تۆشىنى چىڭ تارتىپ قويدۇم. دىڭ قۇلاق ئالىتاغىل جۇۋا بىلەن تالىشىپ، چىشلەپ تارتىپ بەزى يېرىنى باشتەك، بەزى يېرىنى ياپىلاق تاشتەك ئۈزۈپ تاشلاپ مېڭىۋەردى. مەن بىرنىمۇ قويماي تې-رىپ يىغىپ لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ئېگەر - توقۇم قويىدىغان ئۆيىگە تۆكۈپ قويدۇم. ئۇخلاپ ياتقان بېگىم مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئوبدان چاغدا كەپسەن، ئوغلۇم، بەزگەك بولۇپ قالدىم، ۋاي سوغۇق، موينا جۇۋامنى ئۈستۈمگە يېپىپ قويغىنا، — دې-دى. مەن جۇۋىنىڭ پارچىلىرىنى پۈتى تەرەپتىن تىزىپ بېلد-

گە كەلگەندە، بېگىم ئوڭ يان تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، جۇۋا چۇۋۇلۇپ كەتتى، قايتىدىن كاللىسى تەرەپتىن تىزىپ بېلىگە قەدەر يېپىپ قويسام، سول يان تەرىپىگە يەنە بىر ئۆرۈلۈۋىدى، جۇۋا يەنە چۇۋۇلۇپ كەتتى. بېگىم:

— ۋاي سوغۇق، هوي ئوغرى، جۇۋىنى تېزرەك ياپقىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مىدىرلىماي ياتسىلا، بېگىم، بولمىسا جۇۋا چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ.

— چۇۋۇلۇپ كەتكىلى ياۋا قارىسايلىقنىڭ كونا سېۋەتلىرىمىدى ئۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ موينا جۇۋىسى.

— ماڭغىنا، ئوغرى، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ كۆزىنى ئالايتتى. قورقۇپ قېچىپ تاشقىرقى دەرۋازىدىمۇ ھەرگىز توختىمىدىم، ئوتتۇرا ئىشىكتە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا كەتمەي تۇرىسەن؟

— كېسەللىرى ئېغىركەن، ئۆلۈپ قالسىلا ئېگەكلىرىنى تېڭىشقا لازىم بولارمەن، — دېدىم. ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلىشىپ، جان تالاشقىلى تۇردى. مەن قاراپ تۇرسام ئەزرائىل مەندىنمۇ سورىماي، ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن يىپ سوغۇرغاندەك سوغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، كۆزۈمگە لىق ياش ئېلىپ، قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك يىغلاپ كەتتىم: «قاراپ تۇرسام مەن، ئۆلۈپ كەتتىڭ سەن، ئۆلسەڭ سەن ئۆلدۈڭ، ماڭا نېمە غەم. ئايىغىڭىزغا بارسام، بېشىڭىز قالدى، بېگىم، بېشىڭىزغا بارسام، ئايىغىڭىز قالدى، بېگىم. خۇدا يارىتىپتۇ تاغ ئارىسىدا بۇ ساينى، قاچانغىچە سىزنى يادلاپ ئىچەلمەي يۈرىمەن چاينى! كىشىنىڭ شەھىرىدە غېرىبچىلىقتا قالدىم، سىزدەك گالۋاڭ بېگىمدىن خويمۇ ئوبدان قۇتۇلدۇم. ئاچلىق-

تىن ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرەت قىلىپ يېتىپسىز، بېگىم، توخلاپ ئۆلدىمىكىن دېسەم، تەرلەپ كېتىپسىز، بېگىم، ئاھ بېگىم...» مۇشۇ تەرىقىدە ئۆزۈمنىچە يىغلىدىم. ئاندىن مەن ئوغۇل بالا چاقىقان، كۆسەي قاشلىق ۋاپادار ئىمام بولدۇم، قا-ناتلىق قارا جامائەتلەر مېھمان بولدى، بېگىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇنداق قىرائەت ئوقۇدۇم:

«ئاللاھۇمە بارىك ئەلا، ياغ ئالدىم دەپ جىگەر بىلەن بۆرەك ئالا، ئاياقۇ قوشۇقۇ قازانۇ تۇۋاق، ياۋا قاراساي، جىگدە قۇدۇق، بىجاقا، ئاق ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈم، سايۋا ھەم مۇناقا، ئات - ئېشەك، قوي - ئۆچكە، كالايۇ توپاقا، ئۆرۈك - شاپ-تۇل، بېھى - ئەنجۈر، ئالما - ئانار، ياڭاقا... ئۇلۇغ پەرۋەر-دىگارىم، لاتا قالپاق بېگىمنىڭ ياتقان يېرىنى دوزاخنىڭ تۈۋ-رۈكى يېنىدىن قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر».

# نەغمەجان

بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق بىر يېزىدا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ياشىنىپ قالغاندا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇ بالا بوۋاي بىلەن موماينىڭ بۇ دۇنيالىق-تىكى بىردىنبىر ئوغلى بولغاچقىمۇ، بالىنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپتۇ. كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى تولدۇرۇپتۇ. ئوغۇل-مۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، بۇرۇتى خەت تارتىپ، رەسمىي يىگىتلەر قاتارىغا ئۆتۈپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەقلى چولتىراق-كەن، يىگىت بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا ئۇششاق بالىلار بىلەن لايدىن قورچاق ياساپ ئوينايدىكەن. بۇ ئىشقا بوۋاي بى-لەن موماينىڭ بەكلا ئىچى پۇشىدىكەن. گەرچە بوۋاي بىلەن موماي بالىسىغا نەغمەجان دەپ ئىسىم قويغان بولسىمۇ، مە-ھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىغەمجان دەپ چاقىرى-شىدىكەن.

بىر كۈنى نەغمەجاننىڭ ئاتىسى ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ئۇششاق بالىلار بىلەن ئوينايدىغان ۋاقتىڭ كەتتى. ئۆز ھالىڭغا قويۇپ بەرسەك، سا-قىلىڭ مەيدەڭگە چۈشسىمۇ ئۆيلىنىشنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان ئوخشايسەن. قىز - جۇۋانلار گەپ قىلسا بوينۇڭنى تولغاپ ھۇرپىيىپ قارىما. يىگىت دېگەن قىز - جۇۋانلارغا قاش -

پاش، تاش ـ پاش ئاتمىسا قانداقمۇ يىگىت بولالايدۇ؟ — دەپ
نەسىھەت قىپتۇ.

ئەتىسى نەغمەجان ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىنى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ، كوچىدىن بىرەر قىزنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.
نەغمەجان خېلى كۈتسىمۇ كوچىدىن بىرەر قىز ئۆتمەپتۇ. نە-
غمەجان خىيالغا پېتىپ، تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا ئۇخلاپ
قاپتۇ. بۇ دەل رامزان ئېيى ئىكەن. گۇگۇم بىلەن مەھەللىدى-
كى بالىلار رامزان ئېيتىپ كېلىۋېتىپ نەغمەجاننى كۆرۈپ
قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇشتۇرۇپ ئويغىتىپتۇ.
نەغمەجان قورسىقى ئاچقانلىقىنى سېزىپ دەرھال ئۆيىگە يۈ-
گۈرۈپتۇ. ئەتى-
سى ئۇ يەنە بىر
تامنىڭ دالدى-
سىدا كوچىدىن
ئۆتكەنلەرنى
ماراپ تۇرۇپتۇ.
بىر چاغدا قا-
رىسا، يىراقتىن
قىزىل تاۋار
كۆڭلەك كىيگەن
بىر جۇۋان كې-
لىۋاتقۇدەك.
جۇۋان يېقىن
كەلگەندە نەغمە-
جان ئۇنىڭغا
سەپسېلىپ
قاراپتۇ، جۇۋان



ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. نەغمەجان ئىچىدە، قاش ئاتسىمۇ، تاش ئاتسىمۇ بولغۇدەك جۇۋانكەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، جۇۋانغا قاراپ قاش ئېتىپتۇ، ئەمما جۇۋان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئىشقا نەغمەجاننىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ، قاش ئاتسا قارىمىغان جۇۋانغا تاش ئاتقۇلۇق، دەپتۇ ـ دە، ئالدىدىكى يوغان بىر كېسەك پارچىسىنى ئېلىپ، جۇۋاننىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە كۈچەپ بىرنى ئۇرۇپتۇ. ھېلىقى جۇۋان ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جايىدىلا يىقىلىپتۇ. نەغمەجان ھېلىقى جۇۋانغا قاراپ:

— ھوي ئاپئاق جۇۋان، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ئەتىگەن ناشتا قىلماي چىققانمىتىلە؟ تاۋار كۆڭلەك بىلەن دوخاۋا كەمزۇلنى توپا قىلىۋەتسىلە ئاپىلىرى تىللايدۇ، يۇمشاق توپا ئىكەن، دەپ يېتىۋەرمىسىلە، — دەپتۇ. ھېلىقى جۇۋان يەنىلا گەپ قىلماپتۇ. نەغمەجان يەنە:

— ھوي خېنىم، مەيدە ئۇخلىغاندەكلا ئۇخلاپ كەتتىلىغۇ، بىزنىڭ قورۇدىكى باراڭنىڭ تېگىگە كۆرپە سېلىپ بېرەي، شۇ يەردە ئۇخلىسىلا، — دەپتۇ. جۇۋان يەنىلا زۇۋان سۈرمەپتۇ. نەغمەجان:

— ھوي... ياتسىلا، يېتىۋەرمەملا، — دەپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. نەغمەجاننىڭ ئاپىسى ئەمدىلا چاي دەملىگىلى چەينەكنى ئېلىپ ئوچاق بېشىغا ماڭغانىكەن، قولىدىكى چەينەك يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپتۇ.

— ۋاي جېنىم بالام، بالا ـ قازا مۇشۇ چەينەك بىلەن كەتسۇن. ساڭا بۈگۈن قانداق خۇشاللىق كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى.

— بىر جۇۋانغا تاش ئاتسام، گەپ قىلماي كوچىدا يې-

تىۋالدى، — دەپتۇ نەغمەجان.

— ۋاي جېنىم بالام، تاش نەرىگە تەگكەنىدى؟ ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ كىم سېنى كوچىدىن ئۆتكەنلەرگە تاش ئاتسۇن دېدى؟ — دەپتۇ ئاپىسى.

— ۋاي - ۋوي، ئوغلۇم قىز - جۇۋانلارغا تاش ئاتقۇدەك بوپتۇ دەپ، خۇشال بولماقتا يوق، تېخى مېنى ئەدەپلەيمەن دەۋاتامسەن؟ سېنىڭ گېپىڭنى ئاتامغۇ ئاڭلىمايۋاتسا، مەن ئاڭلامتىم، — دەپ، ئاپىسىغا ھورپىيىپتۇ. ئاڭغىچە ئۆيگە بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. نەغمەجان ھېجايغىنىچە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاتا، ئاتا، كوچىدا بىر جۇۋان كېلىۋېتىپتىكەن، كېسەك پارچىسى بىلەن قولاق تۇۋىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويۇۋىدىم، گەپمۇ قىلماي يىتىۋالدى، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي دەررۇ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ - دە:

— بىرەرى كۆردىمۇ، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ. نەغمەجان:

— سىيتنىياز مالىمانىڭ ئالا ئىنىكى كۆردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوۋاي دەرھال بىر تاغارنى ئېلىپ، ئوغلىنى باشلاپ كوچىغا چىقىپتۇ. بوۋاي ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار ھاپىلا - شاپىلا ھېلىقى جۇۋاننى تاغارغا سېلىپ قوتانغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بوۋاي ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولما، بولمىسا بېشىمىزغا بالا تېرىۋالىمىز، — دەپتۇ. نەغمەجان:

— مەن سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلسامۇ ماۋۇ ئاپام يەنە مېنى دۆشكەلەۋاتىدۇ. جېنىم ئاتا، مېنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئاپام دېگەن گالۋاڭنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ بەرگىنە. ئۇنداق قىلمىساڭ، بۇ ئىشنى مەن ھازىرلا كوچىغا چىقىپ ھەممە بالىغا

دەۋېتمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى نەغمەجاننى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ ئەركە ئۆستۇرگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرالماپتۇ. بوۋاي موماينى يالغاندىن بىر شاپىلاق ئۇرۇپ بەرگەن بولۇپ تەستە قۇتۇلۇپتۇ. بوۋاي نەغمەجانغا كۆن بويى چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ كوچىغا چىقارماپتۇ. ئەمما، بوۋاينىڭ خىيالى ھېلىقى جۇۋاننىڭ ئۆلۈكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەنلا بوپتۇ. گۇگۇم چۈشمەيلا نەغمەجان ئۇخلاپ قاپتۇ. بوۋاي قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە خۇپتەنگىچە خىيال سۈرۈپ، جەسەتنى يىراق بىر يەرگە ئاپىرىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، ئەمما بوۋاينىڭ يا ئېشىكى، يا ھارۋىسى يوق ئىكەن. بوۋاي ياشىنىپ قالغاچقا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە نەغمەجاننى ئويغىتىپتۇ.

— نېمە بولدى، ئاتا؟ — دەپتۇ نەغمەجان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. بوۋاي:

— يوق، بالام، سەيلە قىلىپ كىرىمىز، — دەپ، تاغارنى نەغمەجانغا كۆتۈرگۈزۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار مەھەللىدىن خېلى يىراق بىر يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ يەردە بىر سۈيى يوق قۇدۇق بار ئىكەن. ئۇلار تاغارنى ئاشۇ سۈيى يوق قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي قايتىپ كېلىپ يەنىلا كۆڭلى ئىمىن تاپماپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتا ئاشۇ ئارزۇلۇق ئەركە ئوغلىدىن باشقا يەنە بىر تېكىسى ۋە بىر سەركىسى بار ئىكەن. بوۋاي سەركىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، تېكىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا نەغمەجان قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن بېشىنى ياستۇققا قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. بوۋاي تېكىنى سۈيى يوق قۇدۇقنىڭ بېشىغا يېتىلەپ كېلىپ

ئۆلتۇرۇپتۇ ـ دە، ئۇنىمۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى نەغمىجان كوچىدا ۋاللەي ئويناۋاتسا، بىر نەچچە كىشى ئۇششاق باللارغا قاق، جىگدە، ياڭاق تارقىتىۋاتقۇدەك.

— ماڭىمۇ بەرمەمسىلەر؟ — دەپتۇ نەغمىجان.

— مەيلى، بېرەيلى يىگىت، ئەمما بىز سېنىڭدىن بىر ئىشنى سورايمىز، شۇنى دەپ بەرگىن، — دەپتۇ شاپ بۇرۇت-لۇق كىشى.

— ئاۋۋال بەرسەڭلار، ئاندىن دەپ بېرىمەن، — دەپ تۇ-رۇۋاپتۇ نەغمىجان. ھېلىقى كىشى نەغمىجانغىمۇ قاق، جىگدە، ياڭاقتىن بېرىپتۇ.

— سىلەرنىڭ نېمىنى سورايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ھەقىچان ھېلىقى قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن جۇۋاننى سورايدىغانسىلەر؟ — دەپتۇ نەغمىجان.

— ھە، ھە... دەل ئۆزى شۇ، سەن ئۇنى كۆرگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشىلەر.

— سىلىنىڭ قىزلىرىمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ نەغمىجان ھېلىقى شاپ بۇرۇت كىشىدىن.

— ھەئە... مېنىڭ قىزىم... ياق، ياق، كېلىنىم، — دەپ-تۇ ھېلىقى كىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ، — ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنا قىلغىلى كەتكەنىدى.

— نېملا قىلغىلى كەتسە مېنىڭ نېمە كارىم؟ — دەپتۇ نەغمىجان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپتۇ ياشراق بىرى، — سەن تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى ئېيتمىغانمىدىڭ؟

— قىزىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ يې-شىل دۇخاۋىدىن كەمزۇل كىيگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالتۇن

ھالقا سالغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالتۇن ھالقا دېگەنچۇ، بىز-نىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى سېيىت توقۇمنىڭ قىزى ھېپىز-زەكىنىڭ قولىقىدىمۇ بار. باشقا ئادەمدە يوقتەكلا قىلىشىپ كەتتىغۇ ماۋۇ نېمىلەر، — دەپ، ئەتراپىدىكىلەرگە ئالىيىپتۇ نەغمەجان.

— ۋاي، دەل ئۆزى شۇ! سەن ئۇنى نەدە كۆردۈڭ؟ — دېيىشىپ، ھېلىقى كىشىلەر نەغمەجانغا چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ.

— ھوي، قانداق توخۇ پوقى نېمىلەر بۇ؟ ئۇرۇشساڭ ئۆ-زۇڭنىڭ مەھەللەڭگە بېرىپ ئۇرۇشمامسەن، خەقنىڭ مەھەلل-سىگە كېلىپ ئۇرۇشامدىكىنە، — دەپتۇ نەغمەجانمۇ بوش كەلمەي.

— بىز ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق، ئادەم ئىزدەپ كەلدۇق، سەن كۆرمىسەڭ، ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ — دېيىشىپتۇ ھېلىقى كىشىلەر.

— كۆرسەم قانداق قىلىشماقچىدىڭ؟ كۆردۇمغۇ. قاش ئاتسام قارىمىدى، تاش ئاتسام يېتىۋالدى. ئاتام ئىككىمىز تا-غارغا سېلىپ قوتانغا يوشۇرۇپ قويدۇق. كەچتە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى سۈيى يوق قۇدۇققا تاشلىۋەتتۇق! قانداق؟ ئەمدىغۇ سورايدىغان گېپىڭلار قالمىغاندۇ؟ — دەپتۇ نەغمەجان. ھېلىقى بىرنەچچە كىشى نەغمەجاننى دۈشكەلەپ، سۆرەشتۈرۈپ يۇرتۇپ ئۆيىگە ئەكىرىپتۇ. بوۋاينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ، ئەمما چاد-دۇرماسلىققا تىرىشىپ ھېلىقى كىشىلەرگە ئۆزرە قويۇپتۇ:

— بۇ بالا تۇغۇلۇشتىلا چالا تۇغۇلۇپ قالغان. تاقتا-تۇققا گەپلەرنى قىلىپ ھەرقايسىلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ، كەچۈرۈشسىلە، — دەپتۇ. بوۋاي ھەرقانچە ئۆزرە قويسىمۇ، ھېلىقى كىشىلەر نەغمەجاننىڭ دېگەنلىرىنى راستقا چىقىرىپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى زادىلا گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. ھېلىقى



كىشىلەر، سۈيى
يوق قۇدۇققا
بىرىپ قاراپ
باقىمىز، دەپ
چىڭ تۇرۇۋاپ-
تۇ. ئاخىر
ئۇلار بوۋاي بى-
لەن نەغمەجاننى
ئېلىپ سۈيى
يوق قۇدۇقنىڭ
بېشىغا بېرىپ-
تۇ. قارىغۇدەك بولسا قۇدۇق ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئىچى-
مۇ ناھايىتى قاراڭغۇ ئىكەن. ھېچكىم قۇدۇققا چۈشۈشكە
جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇلار ئۇزاقىچە تالاش - تارتىش قىلى-
شىپتۇ، يەنىلا نەغمەجاننى چۈشۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. نەغمەجا-
نىنىڭ بېلىگە
ئارغامچىنى
باغلاپ قۇدۇققا
چۈشۈرۈپتۇ. يۇ-
قىرىدىكىلەر
قۇدۇق ئاغزىغا
كېلىپ:
— ھەي، بار-
مىكەن؟ — دەپ
سوراپتۇ. نەغمە-
جان ئۇلارغا:
— توختاپ



تۇرۇقلار، باردەك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نەغمەجان قاراڭغۇدا بىرھازا ئەتراپنى مالتىلاپ، تېكىنىڭ ساقىلىنى تۇ-تۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— هوي، قىزنىڭلارنىڭ ساقىلى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. جۇۋاننىڭ قېيناتىسى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ گاڭگىراپ قاپتۇ. ئاربىدىن بىرى: «تېپىلغىنى ئەۋزەل، بار ئى-دى دەيلى، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرمەيمىزمۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. جۇۋاننىڭ قېيناتىسى تۆۋەنگە قاراپ:

— ھە، ھە... بار ئىدى، تېپىلدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ، تېكىنىڭ بىر جۇپ مۈڭگۈزىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— هوي، قىزنىڭلارنىڭ مۈڭگۈزى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. «بار ئىدى، دەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ھېلى-قى كىشى جۇۋاننىڭ قېيناتىسىغا. جۇۋاننىڭ قېيناتىسى تۆ-ۋەنگە قاراپ:

— ھەي، ئاڭلاۋاتامسەن؟ بار ئىدى، بار ئىدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ، تېكىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— قىزنىڭلارنىڭ قۇيرۇقى بارمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— چېچىنى دەۋاتسا كېرەك، — دەپتۇ ئاربىدىن بىرى. قىزنىڭ قېيناتىسى يەنە تۆۋەنگە قاراپ:

— ۋاي بار ئىدى، بار ئىدى. ئەزمەڭنى ئەزمەي بولما-سەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. نەغمەجان يەنە سىلاشتۇرۇپ تېكى-نىڭ پۇتلىرىنى بىردىن ساناپ چىقىپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ:

— قىزنىڭلار ئىككى ئاياغلىقمىدى، تۆت ئاياغلىقمىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. قولىنىمۇ پۇت دەپ يۇرەمدۇ نېمە بۇ؟ دەپ

ئويلاپتۇ جوۋاننىڭ قېيناتىسى ۋە تۆۋەنگە قاراپ:

— نەچچىلا ئاياغلىق بولسا مېنىڭ كېلىنىم. ئاۋۋال ئارغامچىغا باغلا، تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپلەر بىلەن نەغمەجاننىڭ كارى بولماپتۇ. ئۇ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تېكىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاشتۇرۇپتۇ - دە، يۇقىرىغا قاراپ:

— ۋاي - ۋۇي... نېمىدېگەن يۇڭلۇق جوۋان بۇ؟ قانداقمۇ ئەر ئالغان بولغىيتى بۇنى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. جوۋاننىڭ قېيناتىسى غەزەپ بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قانداق نائەھلى بىرنېمىسەن؟ كېلىنىمنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي مىجىقلاپ چىقتىڭغۇ. ئەگەر يەنە ئارغامچىغا باغلىمايدىغان بولساڭ، ئۈستۈڭدىن تاش ئېتىپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن!

بىر چاغدا نەغمەجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھوي خالايىق، ئىشنىڭ قىزىقى تېخى ماۋۇ يەردىكەن.

يۇقىرىدىكىلەر: «نېمە دەيدىغاندۇ؟» دېيىشىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشۇپتۇ. نەغمەجان سىلاشتۇرۇپ تېكىنىڭ چاتىرىقىدىكى كىچىك بالىنىڭ پومزىكىدەك بىرنېمىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يۇقىرىغا قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ:

— ھوي... قىزىڭلارنىڭ پوردىقى بارمىدى؟

يۇقىرىدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قېتىپلا قاپتۇ. ئاڭغىچە بوۋاي:

— ھوي بۇرادەرلەر، مەن بايىلا ئېيتتىمغۇ، ئوغلۇمنىڭ خېلىلا دەردى بار. بېجىرىم ئادەم بۇنداق گەپنى قىلامدۇ؟ — دەپتۇ. ھېلىقى كىشىلەر:

— راستىنلا ساراڭ نېمىكەن بۇ، بىزنى كولدۇرلىتىپتۇ، — دېيىشىپ، كېتىپ قاپتۇ.

# ئىست، ھۈنىرىم

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى تۇتۇپ قالسا، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرىنى ئېلىپ كوچا ئايلىنىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا يولۇققان پۇقرالارنىڭ بىرەرى قىلدىن قىيىق كېتىپ قالسا ياكى مىجەزىگە ئازراق ياقماي قالسا، ئۇنى شۇ زامات ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ يۇرتتا سەھرادىكى كىشىلەر شەھەرگە كىرىشتىن، شەھەردىكى كىشىلەر كوچا - كويلارغا چىقىپ ئەركىن يۈرۈشتىن، بولۇپمۇ پادىشاھنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

بىر كۈنى شۇ يۇرتنىڭ يىراق تاغلىق يېزىلىرىنىڭ بىرىدە ياشايدىغان بىر دېھقان شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىشى ئىكەن. شەھەردىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا يېڭىلىق كۆرۈنۈپ ئاربلاپ يۈرگىنىدە، بىر ھەيۋەتلىك توپقا يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇ ساددا دېھقان بۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەسلىدە قان تۆكۈش خۇمارى تۇتقان زالىم پادىشاھ باشچىلىقىدىكى توپ ئىكەن. ھېلىقى دېھقاننى كۆرگەن پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپتۇ:

— ماڭا سالام قىلمىغان بۇ ئەدەپسىز دەرھال جازا مەيدا-

نىغا ئېلىپ بېرىلىپ دارغا ئېسىلسۇن !

پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن بۇيرۇق چىقىپ بولغۇچە، جاللاتلار ھېلىقى بىچارە دېھقاننى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ دېھقاننىڭ دارغا ئېسىلىشىنى «تاماشا» قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرى بىلەن بىللە يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ.

دېھقان دار تۈۋىگە كېتىپ بېرىپ:

— ئىسىت، ھۈنىرىم، ئىسىت، ھۈنىرىم ! ئۆزۈم ئۆلسەممىغۇ مەيلى، ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ، توختىماي يىغلىغۇدەك. جاللاتلار ھەيران بولۇپ:

— شۇنچە «ئىسىت» دەپ كەتكۈدەك نېمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان:

— پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن. ئەگەر پادىشاھ ھۈنىرىمنى ئاڭلايدىغان بولسا، چوقۇم بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، يەنە «ئىسىت، ھۈنىرىم» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ ھۈنىرىنى شۇنچە بىلىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق دېھقان: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن» دەپ زادىلا دېگىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش جاللاتلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن.

جاللاتلار ئەنە شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، دېھقاننىڭ تېخىچە دارغا ئېسىلمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن بىر نۆكىرىنى ئەۋەتىپتۇ. نۆكەر قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا:

— ئى قۇدرەتلىك شاھىم، دېھقان «ئۆزۈم ئۆلسەممىغۇ مەيلىدى، بىراق ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، ئىسىت، ھۈنىرىم» دەپ يىغلاۋېتىپتۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— نېمە ھۈنىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىپ بېرەتتىم، دەپ دېگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ نۆكەر.

پادىشاھ، قىزىق، ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئوشۇق كۆرىدىغان قانداق ھۈنەردۇ بۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دېھقاننى قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار شۇ ھامان دېھقاننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ كەپتۇ.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ ئېيتە! — دەپتۇ پادىشاھ دېھقانغا.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىمەن، — دەپتۇ دېھقان. ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان پادىشاھ:

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئېيت! — دەپتۇ. دېھقان:

— ئى قۇدرەتلىك شاھىم، مېنىڭ قېتىقتا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ.



ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. زالىم پادىشاھ يا غەزەپلىنىشنى، يا كۈلۈشنى ئۇقالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېھقان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

«قېتىقتا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرى بار» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئىككى گىرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئىككى گىرى ئۆتكەنىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى مەتباقى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مەتساقى ئىكەن. بۇ ئىككىسى شۇنداق دوست ئىكەنكى، ئۆز ئارا سىر ساقلاشمايدىكەن.

بىر كۈنى مەتباقى ئاغىنىسى مەتساقىنى مېھمان قىلماقچى بولۇپ، ئېتىز ئارىلاپ بېرىپ قىسماق قۇرۇپ، بىر قۇشقاچ تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇ قۇشقاچنى سويۇپ پولۇغا بېسىپ مەتساقىنى چاقىرتىپتۇ. مەتساقى پولۇنى يەپ راسا مېھمان بولۇپ قايتىپتۇ. ئۆيگە بېرىپ، بۇ ئاغىنەم مېنى بىر قۇشقاچ ئۆلتۈرۈپ پولۇ ئېتىپ چاقىردى، مەنمۇ ئۆيۈمگە بىر چاقىرىپ مېھمان قىلىپ قويسام بولاتتى، دەپ ئويلاپ، بىر كۈنى شۇنداق كېتىپ بارسا، بىر تېرەكنىڭ كامىرىدىن بىر پاختەكنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، پاختەكنىڭ ئۇۋىسىدىن ئۈچ تۇخۇمنى تېپىپ ئەكېلىپ، پولۇ ئېتىپ مەتباقىنى مېھمان قىپتۇ. مەتباقى پولۇنى يەۋېتىپ، بۇ ئاداش مېنى ئاران پاختەكنىڭ ئۈچ تۇخۇمىنى بېسىپ مېھمان قىلدى. مەن بىر قۇشقاچ ئۆلتۈرگەن تۇرسام. بۇ ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ، قايتىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇدۇل يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. يامۇلدىن دورغا ئەۋەتىپ مەتساقىنى چاقىرتىپ ئەكېلىپتۇ ۋە

يامۇل بېگى مەتساقىنى سوراق قىلىپ:

— هەي گىرى ! پاختەكنىڭ ئۈچ تۇخۇمىنى بىر داچەنگە ئالىدۇ، بىر قۇشقاچنى ئۈچ داچەنگە ئالىدۇ، سەن مەتباقىغا ئىككى داچەننى ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە تۆلەپ بېرىسەن ! — دەپ بۇيرۇپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەتباقى مەتساقىنىڭ ئۆيىگە قەرزىنى سۈيلەپ بارغان-كەن، مەتساقىنىڭ ئىككى داچەن تۈگۈل بىر داچەن پۇلىمۇ چىقماپتۇ. مەتباقى ئۇنىڭدىن:

— قاچان بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆگۈنلۈككە بېرەي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ مەتساقى.

مەتباقى كەتكەندىن كېيىن، مەتساقى خوتۇنىغا:

— ۋاي خوتۇن، مەتباقى ئۆگۈنلۈككە يەنە كېلىدۇ. بىز بۇ ئىككى داچەننى بېرەيلى دېسەك ھېچ نەرسىمىز بولمىسا، نېمىنى بېرەرمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆلگەن بولۇپ يې-تىۋالاي، سىلى مېنىڭ ئېڭىكىمنى تېڭىپ، پۇتۇمنى چېتىپ قويۇڭلا، ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ: «ۋاي ئاخۇنۇم» دەپ، راسا يىغلاڭلا. مۇشۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى داچەندىن بىر قۇتۇلۇپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ۋاي ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ خوتۇنى.

ئۆگۈنمۇ كەپتۇ. بۇ كۈنى مەتساقىنىڭ خوتۇنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، يىراقتىن بىر ئادەم چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆرەپ كېلىۋاتىمىش.

— ۋاي ئەركىشى، ھېلىقى بىرنېمە كېلىۋاتىدۇ، — دەپ-تۇ مەتساقىنىڭ خوتۇنى ئۆيگە كىرىپ.

— ئۇنداق بولسا مەن دېگەندەك قىلىڭلا، — دەپتۇ مەتساقى.

خوتۇنى دەرھاللا مەتساقىنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ، پۇتىنى چېتىپ قويۇپتۇ. مەتساقى ئۆلگەن بولۇپ يېتىپتۇ. ئارقىدىن

خوتۇنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:
— ۋاي ئاخۇنۇم، ۋاي ئاخۇنۇم ... — دەپ، نالە - پەرياد قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.
مەتباقى ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە يىغلاۋاتقان خوتۇنغا قاراپ:
— ۋاي نېمە بولدىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن، خوتۇن يىغلاپ تۇرۇپ:
— ۋاي دېمىسىلە، ئاخۇنۇم تۇيۇقسىز قازا قىپكەتتى ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ. مەتباقى بۇنى ئاڭلاپ:
— ۋاي ئىسىت، بۇ ئاغىنەمدە ئىككى داچەن پۇلۇم بار ئىدى، شۇنى بېرەلمەي ئاخىرەتكە بىرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئىككىمىز نەچچە يىلدىن بېرى بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئامراق ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى ئۆلۈكىنى ئۆز قولۇم بىلەن يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويۇۋېتىپ كېتەي، — دەپ، ئۆرۈك ئوتۇنىنى ئوچاققا راسا قالاپ قازاننى قايناتتىپ، نوگايغا قايناق سۇنى ئېلىپ «ئۆلگەن» مەتساقىنىڭ قولىقىنىڭ تۆشۈكىگە قۇيغانىكەن، مەتساقى «ۋايجان !» دەۋېتىپ يەنە جىم يېتىۋاپتۇ. مەتباقى يەنە بىر نوگاي قايناق سۇنى ئەكېلىپ ئىككىنچى قۇلىقىغا قۇيۇپتىكەن، «ۋايجان !» دەپ يەنە جىم يېتىۋاپتۇ. مەتباقى: «ھە، ئەمدى بۇ ئاغىنەمنى يەرلىكىدە قويىمەن» دەپ، جامائەت بىلەن بىللە يەرلىككە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. مەتباقى يەرلىككە توپا تاشلاشقا تەمشەلگەن جامائەتكە قاراپ:
— ئۇنىڭ تاش يەرلىكىنى ئەتمەي قويۇڭلار، بۇ ئاغىنەمدە مېنىڭ ئىككى داچەن پۇلۇم بار، بۇ دۇنيادا ئالالماي، ئۇ ئالەمگە قالغانىدى. ئەمدى بۇ يەرگە ئازاب پەرىشتىلىرى كىرىدۇ، مەن شۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق قىيامەتتە ئالىمەن، —

دەپ، مەتساقىنىڭ ئۆلۈكىنى گۆرنىڭ بىر چېتىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزى يەرلىكنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ قىستىلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. قورسىقى ئاچسا، گۆردىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كەپتۇ. بۇ پۇرسەتتە مەتساقىنىڭ خوتۇنىمۇ ئېرىگە ئاش توشۇپ بېرىپتۇ. مۇشۇنداق ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كې-چىسى ئۈچ ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسىلىرىنى ئۈلەشمەكچى بو-لۇپ، ھېلىقى زاراتلىققا بېرىپ ئۇندا مېڭىپ، مۇندا مېڭىپ گىرىلەر ياتقان گۆرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئوغرىلاردىن بىرى:

— ھەي، بۇ يامبۇلارنى قەيەردە ئۈلىشىمىز؟ — دەپتۇ. يەنە بىرى دەپتۇ:

— ۋاي ئاغىنىلەر، مانا بۇ يەردە ئاغزىنى ئەتمىگەن يەر-لىك تۇرمامدۇ، مۇشۇ يەرلىككە كىرىپ ئۈلەشمەيمىزمۇ.

بۇ ئۈچ ئوغرى ماقۇل بولۇشۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن يەرلىك ئىچىگە كىرىپتۇ ـ دە، بېشىدىكى تۇماقلىرىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئوغرىلاپ كەلگەن يامبۇنى ساناپتىكەن، ساق ئون يەت-



تە يامبۇ چىقىپتۇ. ئۈچ ئوغرى ئۈلىشىپتىكەن، بەشتىن تې-
گىپ ئىككى يامبۇ ئېشىپ قاپتۇ. ئوغرىلار ئېشىپ قالغان
ئىككى يامبۇنى ئۈلىشەلمەي جېدەللەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاشۇ
پەيتتە گۆرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋالغان مەتباقى:
— مەن جاپانى كۆپ تارتتىم، بۇنى مەن ئالىمەن، —
دەپ، ئورنىدىن قوپۇپتىكەن، ئۈچ ئوغرىنىڭ جان - پېنى
چىقىپ ئون يەتتە يامبۇنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئوغرىلار بىر
يەرگە بېرىپ توختاپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى شېرىكلىرىگە:
— ۋاي ئاداشلار، بۇ ئون يەتتە يامبۇنى يەرلىككە كىر-
مەيمۇ بۆلۈشۈۋالاركەنمىز، قاراپ تۇرۇپ بۇ بايلىقنى تاشلىۋې-
تىپ كەلدۇق، ئارقىمىزغا يېنىپ بېرىپ ئەكېلىۋالايلى، —
دەپتۇ، لېكىن قالغان ئىككىسى ئۇنىماپتۇ. ھېلىقى ئوغرى:
— سىلەر بارمىساڭلار، مەن بېرىپ ئېلىپ كېلىمەن، —
دەپ، ئارقىسىغا يېنىپ يەنە ھېلىقى يەرلىككە بېرىپتۇ. ئۇ،
كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ دەپ، يەرلىك بېشىدا بىرھازا قاراپ ئول-
تۇرۇپ ئاخىر كىرىپ بېقىش قارارىغا كېلىپ، ئاستا بېشىنى
تىقىپ قاراپ باققۇدەك بولسا، ھېلىقى يەرلىكنىڭ ئىچى قاپ-
قاراڭغۇ تۇرغۇدەك، نېمىلا بولسا بىر كىرىپ باقاي دەپ كى-
رىپتىكەن، يەرلىكنىڭ ئىچىدە ماراپ تۇرغان مەتباقى پەملەپ
تۇرۇپ ئوغرىنىڭ ئارقا دوقىسىغا بىرنى ئۇرۇپتىكەن، ئوغرى
ئالدىغا دۈملا چۈشۈپتۇ. ئوغرى ئورنىدىن شۇ ھامان تۇرۇپتۇ -
دە، گۆردىن چىققان پېتى ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ-
تۇ. شۇ قاچقانچە ھېلىقى ئىككى شېرىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ-
تۇ. ئوغرىلاردىن بىرى:
— ۋاي ئاداش، نېمە كارامەت كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپ-
تىكەن، ئۇ:
— ۋاي ئاغىنىلەر، يەرلىككە كىرىپ ئاجايىپ بىر كارا-

مەتنى كۆردۇم، جان ـ پان چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى دەڭلا. ئاخۇنۇملار: «گۆرگە كىرگەندە ئوتلۇق گۈرزە بار، بىرنى قويسا ئادەم تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىدۇ» دەيتتى. راست دېگەندەك، گۆردىكى سوئال ـ سوراق ئۈستىگە كىرىپ قالغانلىكەنمەن، پەرىشتىلەر ئارقا دوقامغا بىرنى قويۇۋىدى، تاس قالدى جېنىم چىقىپ كەتكىلى. شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ قېچىپ كەلدىم. ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارمايمەن، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئوغرى تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ئوغرى قورقۇنچىلىقتا قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغرىلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، مەتباقى ئورنىدىن تۇرۇپ يالغان ئۆلۈۋالغان مەتساقىغا:

ــ ھەي، ئەمدى ئورنۇڭدىن قوپقىن! خۇدا بىزگە ئون يەتتە يامبۇ بەردى. مەن تىرىك بولغاندىكىن ماۋۇ ئون بەش يامبۇنى ئالاي، ھېلىقى ئىككى داچەن پۇلدىنمۇ ئۆتتۇم. سەن ئۆلۈك بولغاندىكىن پۇلمۇ خەجلىمەيسەن، شۇڭا سەن ئىككى يامبۇنى ئالغىن، ــ دەپ ئىككى يامبۇنى ئالدىغا قويۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەتساقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يولىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

# كاج خوتۇننىڭ ئۆلۈمى

بىر موزدۇزنىڭ خوتۇنى بەكمۇ كاج ئىكەن. بۇ خوتۇن نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىدىكەن، ئېرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتىگە ھەرگىز قۇلاق سالمايدىكەن، ھەتتا تاكاللىشىدىكەن، قىلما دېگەن ئىشنى ئۈچ كۈن بۇرۇن قىلىدىكەن، بارما دېگەن يەرگە ھەپتە بۇرۇن بارىدىكەن. موزدۇز بۇ كاج خوتۇننىڭ دەستىدىن ئارامخۇدا ئىشمۇ قىلالمايدىكەن. بىر كۈنى ئاخشىمى موزدۇز ئىش قىلىپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئەتە كۈنگە يەكشەنبە، سىلە ئاتا ـ ئانائىلىدىنىڭ ئۆيىگە بارمائىلا، ئىشىم ئالدىراش، ماڭا بىرئاز يىپ ئېشىپ بېرىڭلا ماقۇلمۇ؟ — دەپتۇ.

— نېمە؟ ئۆلسەممۇ بارىمەن! — دەپتۇ خوتۇنى. موزدۇز خوتۇننىڭ كاجلىقىنى ئويلاپ:

— بوپتۇ، بارساڭلىمۇ بېرىڭلا، خوتۇن، لېكىن كېچىدە ماڭماڭلا، — دەپتۇ.

— مۇشۇنداق دېگەنلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ كېچىدە ماڭمىسام تازا! — دەپتۇ خوتۇنى چالۋاقاپ.

— ئۇنداق بولسا، لىڭ ـ لىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي، ئايلىنىپ چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈڭلا، — دەپتۇ ئېرى.

— ئاشۇ لىڭ - لىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەنغۇ ! قانداق، گەپلىرى بارمىدى؟ !

— سىلىنىڭ بىلىگلىنى باغلاپ، قوينۇڭلىغا تاش سېلىنۋالىدىغان بىر ئەسكى ئادىتىڭلار بار، ئەگەر لىڭ - لىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭلا، ھەرگىز بۇ ئىشنى قىلماڭلا.

— لىڭ - لىڭ كۆۋرۈككە بارغاندا بېلىمنى باغلاپ، قوينۇمغا يوغان تاشتىن سېلىۋالمەن، قانداق قىلاتتىڭلا؟

— نېمە قىلساڭلا قىلىڭلا، خوتۇن، لېكىن لىڭ - لىڭ كۆۋرۈكتىن سىلىق ئۆتۈپ كېتىڭلا، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھەرگىز سەكرىمەڭلا ! — دەپتۇ موزدوز نائىلاج.

— ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، — دەپتۇ خوتۇنى جاھىللىق بىلەن، — تازا سەكرەپ ئۆتىمەن !

شۇنىڭ بىلەن بۇ كاج خوتۇن يېرىم كېچە بولغاندا، ئېرىگە تۇيدۇرماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ. چوڭ كۆۋرۈك بىلەن ماڭماي، ئۇدۇل لىڭ - لىڭ كۆۋرۈككە قاراپ مېڭىپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن بېلىنى چىڭ باغلاپ، يوغان تاشتىن ئىككىنى قوينىغا ساپتۇ - دە، لىڭشىپ ئارانلا تۇرغان ئاجىز كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە: «مېنى تېخى سەكرىمەي، سىلىق ئۆتۈپ كېتىڭلا دەيدا !» دەپ، ئېرىنى تىللىۋېلىپ بىر سەكرىگەنىكەن، كۆۋرۈك قاق ئوتتۇرىسىدىن سۇنۇپ كېتىپتۇ. كاج خوتۇنمۇ سۇغا غەرق بولۇپ بېشىنى يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «جاھىل ئۆزى بېشىنى يەيدۇ» دېگەن سۆز كىشىلەر ئارىسىغا تارالغانىكەن.

# گۈل چامغۇۋاي

بۇرۇنقى زاماندا، كۆنپېتىش تاماندىكى بىر يۇرتتا بىر ئەر - خوتۇن ياشايدىكەن. ئەرنىڭ ئىسمى گۈل چامغۇۋاي، ئا-يالىنىڭ ئىسمى شادىخان ئىكەن. شادىخان ھەر كۈنى تاماقتىن كېيىن ئوچاققا بەش نان ياقىدىكەن، ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى گۈل چامغۇۋاي خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— ھەر كۈنى نان ياققىنىڭدا ئىككى نانلىق خېمىرنى ئاشۇرۇپ قويىسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ۋاي تاڭەي، ھېچ بىلەلمىدىم. مالال كەلمىسە ئانامدىن سوراپ كەلسىلىچۇ؟ — دەپتۇ شادىخان.

گۈل چامغۇۋاي قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چى-قىپتۇ. ئۇ، كۈن تاغ كەينىگە قايرىلغاندا قېيىنانىسىنىڭ ئى-شىكىگە كەپتۇ ۋە:

— ئانا، مەن كەلدىم، ئىشىكنى ئاچسىلا، — دەپتۇ.

— كەلسىلە، بالام، — دەپتۇ ئۇنىڭ قېيىنانىسى ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى قېقىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. گۈل چامغۇۋاي قېيىنانىسىنىڭ سالام -سەھەت ۋە گەپ - سۆزىگىمۇ قارىماستىن بەلۋېغىنى ئاقتۇرۇشقا باشلاپتۇ. قېينانا بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ ھەم

قىزىم بىرەرنەرسە ئەۋەتكەن بولسا تاپالمايۋاتامدىكىن، دەپ ئومۇنۇپ قاپتۇ. ئاخىر گول چامغۇۋايدىن سوراپتۇ:

— بالام، بىر نەرسىلىرى يوقمۇ؟

— ھە، يوق، يوق. خوتۇن بىر گەپ دېگەنىدى، ئۇنى بەلۋېغىمغا چىگىپ قويسام يوق تۇرىدۇ، — دەپتۇ گول چامغۇۋاي ۋە ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قېينانا سەمىمىي ھالدا:

— يۇرسىلە، بالام، يىتكەن نەرسىمۇ چىقىپ قالار، ئۆيگە كىرىپ چاي - پاي ئىچىپ ئىزدەيلى، — دەپتۇ.

گول چامغۇۋاي ئۆيگە كىرگەن پېتى پۇتلىرىنى كېرىپ سوزۇلۇپ يېتىۋاپتۇ، قولىغا سۇ، ئالدىغا مەزە ئەكەلسىمۇ قويماپتۇ. بىر چاغدا قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى چاچراپ تۇرۇپ:

— تاپتىم، تاپتىم، — دەپتۇ.

— نېمىنى تاپتىلا، بالام، ئېيتسىلا قېنى؟ — دەپتۇ قېينانا.

— قىزلىرى شادىخان ئوچاققا ھەر كۈنى بەش نان ياقىدۇ، لېكىن ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالىدۇ. قانداق قىلسا ئىككى نانلىق خېمىر ئېشىپ قالمايدۇ، دەپ بەرسىلە، ئانا! — دەپتۇ گول چامغۇۋاي. گول چامغۇۋاينىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان قېينانا ئۇنىڭغا سەمىمىي جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالام، بىر جىلىڭ ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ، يەنە بىر چاڭگال ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىر سىقىم ئۇن قوشسا جەمئىي بەش نان بولىدۇ. بۇنى قىزىمغا ئۇنتۇپ قالماي ئېيتىپ قويسىلا، — دەپتۇ.

گول چامغۇۋاي چۈشىنەلمەي ھاڭقېتىپ - داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، قوللىرىنى جۈپلەپ قېينانىسىغا ئوخشاش قىلىپ بېقىپمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ. كۆيئوغلىنىڭ ھېچ نەرسىنى ئاڭ-

قىرالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قېينانا ئىككى ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ تۇرۇپ ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىپتۇ:

— مۇشۇنچىلىك ئۇندا ئىككى نان، يەنە مۇشۇنچىلىك ئۇندا ئىككى نان بولىدۇ، — ئۇ بىر ئوچۇمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — مۇنچىلىك ئۇندا بىر نان بولىدۇ. ئۇنتۇپ قالماي مۇنداقراق، مۇنداقراق، مۇنچىلىك دەپ ماڭسىلا، بالام!

گۈل چامغۇۋاي قېينانىسى كۆرسەتكەندەك «مۇنداقراق، مۇنداقراق، مۇنچىلىك» دەپ، مېڭىپ بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. جاڭگالدا بىر ئوۋچى كېيىكنى قارىغا ئېلىپ ياتقاندا، گۈل چامغۇۋاينىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن كېيىك ئۈركۈپ كېتىپ قېچىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئوۋچى گۈل چامغۇۋاينى تۇتۇۋېلىپ بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. لېكىن، گۈل چامغۇۋايمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ ئوۋچىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— سەن مېنى ئۇرۇپ، گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭ، تۆلە، مەن ئەمدى نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ. ئوۋچى ئۇرۇشتىن توختاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە:

— بىرى ئون بولسۇن، ئونى يۈز بولسۇن، يۈزى مىڭ بولسۇن، مىغىلداپ كەتسۇن، دەپ ماڭ، — دەپتۇ.



گۈل چامغۇۋاي بۇ سۆزنى تەكرارلاپ يولنى داۋام قىپتۇ، بىر يەرگە بارسا، بىر پادىچى بالا قويغا چۈشكەن پىتلارنى تېرىپ بولالماي تېرىكىپ

تۇرغانىكەن. گۇل چامغۇۋاي ئۇۋچى ئۈگەتكەن سۆزنى تەكرارلاپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. پادىچى بالا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپتۇ - دە، ئۇنى بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. گۇل چامغۇۋايمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ:

— سەن مېنىڭ گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭ، تۆلە، ئەمدى مەن نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ.

— بىرى بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئىككىسى بولسىمۇ ئۆلسۇن، ئۈچى بولسىمۇ ئۆلسۇن، قورۇپ تۆگەپ كەتسۇن، دەپ ماڭ، — دەپتۇ پادىچى.

گۇل چامغۇۋاي پادىچىنىڭ دېگىنىنى تەكرارلاپ مېڭىپتۇ. مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە مېيىت نامىزى چۈشۈرۈۋاتقان بىر توپ جامائەت ئۇچراپتۇ. گۇل چامغۇۋاي يۇرت - جامائەت ئالدىدا ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. جامائەت ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ. تاياق يېسىمۇ، گۇل چامغۇۋاي بوش كەلمەپتۇ.

— مېنى ئۇرۇپ گېپىمنى يىتتۇرۇۋەتتىڭلار، ئەمدى مەن نېمىدەپ ماڭىمەن؟ — دەپتۇ ئۇ.

— تۈز ماڭ، — دەپتۇ جامائەت. ئۇ جامائەتنىڭ دېگىنى بويىچە گەدىيىپ مېڭىپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر تارچۇقتا باپكار خام يۆگەۋاتقانىكەن، ئۇ باپكارنىڭ يىپلىرىنى ئۈزۈپ بېشىغا ئارتىپ مېڭىۋېرىپتۇ. غەزىپىگە پايلىمىغان باپكار گۇل چامغۇۋاينى گەز بىلەن ئۇرۇپ، ھالىنى قويماپتۇ. تاياق يېسىمۇ، باپكارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋالغان گۇل چامغۇۋاي:

— ئېيتە، مەن قانداق ماڭىمەن؟ — دەپتۇ. باپكار كۈلۈپ كېتىپ:

— ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ئۈمىلەپ ماڭ، — دەپتۇ.

گۇل چامغۇۋاي ئېرىق ئىچىدە ئۈمىلەپ كېتىۋاتقاندا،

ئوغرىنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ يۈرگەن بىر توپ كىشىگە ئۇچراپ-تۇ. ئۇلار ئېرىق ئىچىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان گۈل چامغۇرۋاي-نى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئوغرى دېيىشىپ، تۇتۇۋېلىپ كال-تەكلەشكە باشلاپتۇ. لېكىن، گۈل چامغۇرۋاي ئېرىق ئىچىدە يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالغاچقا، تاياق - توقماقلار گۈل چام-غۇرۋايغا تەگمەي ئېرىقنىڭ قېشىغا تېگىۋېرىپتۇ. گۈل چام-غۇرۋاي ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. جامائەتمۇ «ئۆلۈك»نى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

گۈل چامغۇرۋاي ئېرىق ئىچىدە راسا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ-تۇ. ئۇ يېرىم كېچە بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شادىخاننىڭ تاپشۇرمىلىرىنىڭ جاۋابىنىمۇ بەرمەستىن، ئۇنىڭغا:

— خوتۇن، مەن ئۆلدۈم، كېپەنلىك ھازىرلاڭلا، — دەپتۇ.

— ھوي، نېمە بولدىلا، ساراڭ بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە؟ — دەپتۇ شادىخان.

— ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك، جامائەت مېنى «ئۆلدى» دېدى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ گۈل چامغۇرۋاي.

ئەخمەق ئېرىدىن بىزار بولغان خوتۇن كېچىچە يەرلىك تەييارلىتىپتۇ. بامدات نامىزىدا جامائەت گۈل چامغۇرۋاينى يۇ-يۇپ - تاراپ يەرلىكىدە قويماقچى بوپتۇ ۋە جىنازىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. جامائەت تۇپراق بېشىغا كېلىپ گۈل چام-غۇرۋاينى يەرلىكىدە قوياي دېيىشكە، گۈل چامغۇرۋاي جىنازا ئىچىدە تۇرۇپ:

— ياق، ياق، جامائەت، مەن ساق، — دەپتۇ. ئەخمەقتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان جامائەت ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي يەرلىكىگە قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەقلەر تۇگەپ، يۇرت تىنچىپتۇ.

# قوغۇنچىنىڭ باھاسى

يېقىنقى زاماندا، شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا مامۇت دې-
گەن بىر قوغۇنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قوغۇنلىرى شۇنداق
چوڭ، شۇنداق تاتلىق ئىكەن، بىر قېتىم يېگەن كىشى يەنە
بىر قېتىم يېسەم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. مامۇت ھەر يىلى
قوغۇنى پىشقاندا، باش - بۇرنىنى يۇرت چوڭلىرىغا، ئاندىن
قوۋم - قېرىنداشلىرىغا ئېغىز تەگكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ رازى-
لىقىنى ئالغاندىن كېيىن بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىكەن.

مامۇت بىر كۈنى ئەتىگەندە پىشقان قوغۇنلارنى ئۈزۈپ
بازارغا ماڭدۇرۇپتۇ - دە، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپە-
دە ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، ناتونۇش بىر ئادەم ئېرىق ياقىلاپ
كېلىپ، غىپپىدە قوغۇنلۇققا كىرىپتۇ. ئۇ چۆنەك ئارىلاپ
بىر قوغۇننى ئۈزگەندە، قوغۇنچىنىڭ ئوغلى بۇنى كۆرۈپ قې-
لىپ، دادىسىغا:

— دادا، ئاۋۇ ئادەمنى قارىغىنا، قوغۇننى ئۈزۈۋالدى، —
دەپتۇ. مامۇت قاراپ:

— بوپتۇ، بالام، ئۇ يولۇچى ئوخشايدۇ، قوغۇن يەپ
ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋالسۇن، — دەپتۇ.

— ۋۇي دادا، قوغۇندىن يەنە بىرنى ئۈزدى، — دەپتۇ
ئوغلى دادىسىنى نوقۇپ.

— بوپتۇ، بالام، ئۇ ئادەم موللا ئوخشايدۇ، موللا دېگەن نەپسىگە ئامراق بولىدۇ، بىرنى ئۆزى يەپ، يەنە بىرنى ئۆيگە ئېلىپ كەتمەكچى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— ۋۇي دادا، ئۇ تويمىغۇر يەنە بىرنى ئۈزدى، — دەپتۇ ئوغلى تېپچەكلەپ.

— بوپتۇ، بالام، ئۇ ئادەم يولۇچى ئەمەس، موللىمۇ ئەمەس، هاجى ئوخشايدۇ، هاجىلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەر كېلىدۇ، بىرنى ئۆزى يەپ، ئىككىسىنى ساتماقچى ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— ۋۇي دادا، ۋۇي دادا، ئۇ ئادەم يەنە بىرنى ئۈزدى، يەنە ئۈزگىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ تېپىرلاپ ئوغلى.

مامۇت قوغۇنچى دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بالام، ئەمدى بولمىدى، ئۇ ئوغرى ئوخشايدۇ، ئوغرى دېگەن پىشقانىنىمۇ، سويمىنىمۇ ئۈزۈپ، قوغۇنلۇقنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. يۈر، ئۇنى تۇتۇۋالايلى، — دەپ، قولىغا كالتەك ئېلىپ، كەپىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. قوغۇنچىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوغرى ئۈزگەن قوغۇنلارنى قولتۇقىغا قىسىپ قېچىپتۇ. بىراق، ئوغرىنىڭ قولتۇقىدىكى تۆت قوغۇن ئېرىقتىن ئۆتە - ئۆتمەيلا سىيرىلىپ چۈشۈپ قاپتۇ.

## مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك-دىك

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇن-قى زاماندا بىر مەھەللىدە مەمتىكام يالغان بىلەن ئەمتىكام دىك - دىك دەيدىغان ئىككى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. مەمتىكام يالغان خۇش چاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولۇپ، يالغان گەپ تا-پالمىغاندا راستىنى قوشۇپ سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. ئەمتىكام داۋاملىق دىكىلداپ مەمتىكامنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىشىغا تېگىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەمتىكام يالغان ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتسا، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمتىكام دىك - دىك ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىكام مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئەمتىكام:

— ھەي مەمتىكا، شۇنچە ئالدىراش نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. ئىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بەكمۇ ئال-دىراۋاتقان مەمتىكام يالغان:

— ھە، نېمە زۆرۈر گېپىڭ بار ئىدى؟ قېنى چاپسانراق دېگىن، — دەپتۇ.

— باشقا زۆرۈر گېپىممۇ يوق، ئەمما زېرىكىپ ئىت بو-لۇپ كېتەي دېدىم، بىردەم ئولتۇرۇپ بىر يالغان ئېيتىپ

بەرسەڭ ياخشى بولاتتى، — دەپ، ئەزمىسىنى ئېزىپتۇ ئەمتىدە-كام دىك - دىك.

شۇ ئەسنادا كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈككەن مەمتىكام يالغان، توختا، بۇ قىرى دىك - دىكنى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە، توپىسىنى كۆزىگە قىلىپ بىر بابلاي، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، جىلە بولغان قىياپەتتە:

— مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى، دېگەندەك، ئېشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ تاقىتىم قالمايۋاتسا، بىر پۈڭغا ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپ ئۈچۈن مېنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ. بۇگۈن دەرياغا كەلكۈن كېلىپ نۇرغۇنلىغان ياغاچ - تاش، ئوتۇن - چاۋارلارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقۇدەك. ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان «يالغان» ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن. ياغاچ - تاشلارنى سۈزۈۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خۇدا ئامان قىلسا، راسا قىزىقنى ئېيتىپ بىر كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىۋېتەرمەن، — دەپ، مېڭىشقا ئالدىراپتۇ.



ياغاچ ـ تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەمتىكام دىك ـ دىكنىڭ بۇ تەييار ئولجىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغۇسى كەلمەي:

— بەللى، مەمتىكا، بالدۇرراق دېسەڭ بولماسمىدى. بىر ئاز تەخىر قىلىپ بىزنىڭ مەمەتنىمۇ بىرگە ئېلىۋال. ئۇ ساڭىمۇ ياردەملەشكەچ ياغاچ ـ تاش سۈزۈپ كەلسۇن، — دەپتۇ. ئەمتىكام دىك ـ دىكنىڭ ئالدانغانلىقىنى پەملىگەن مەمتىكام يالغان:

— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، ئوغلۇڭ ئارقامدىن يەتسۇن، — دەپ، يولغا چۈشۈپ ئالدىراش ئىشىنى تېزلا تۈگىتىپ، غىپپىدە ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپتۇ ۋە يوتقانغا يۆگىنىپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئەمتىكام دىك ـ دىكنىڭ چوڭ ئوغلى مەمەت دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە مەمتىكامنى ئىزدەپ دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا مەمتىكام ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. دەريادا نە كەلكۈن، نە ياغاچ ـ تاشنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. مەمەت كەچكىچە ساقلاپ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ تەنتەكلىكىگە ئۆكۈنۈپ، چېلىشتا يىقىلغان ئادەمدەك سولىشىپ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئەمدىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان مەمتىكام يالغان ھويلىغا چىقىپ كۆڭگە قارىغۇدەك بولسا، كۈن ئولتۇرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا، ئەمتىكام دىك ـ دىك ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا پەيدا بوپتۇ ـ دە:

— ھوي مەمتىكا، دەريا بويىدىن قاچان كەلدىڭ؟ بىزنىڭ مەمەت قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قويغىنا، ئاداش، شۇنىمۇ بالام بار دەپ بېقىپسەن، — دەپتۇ مەمتىكام. بۇنى ئاڭلىغان ئەمتىكام ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— ئېنىقراق بىرنېمە دېسەڭچۇ؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپتۇ.

— ئېيتمىسام بولمىدى، ئاداش. ئوغلۇڭ دەريادىن ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر تال ياغاچنى سۇزىمەن دەپ ئۆزىنى دەرياغا شۇنداق ئېتىشىغا، ئۇلۇغ كەلكۈن ئۇنى بىرلا يۈگەپ قايناмغا تاشلىدى. مەن كۆپ ئۇرۇنغان بولساممۇ، قۇتقۇزۇشقا قۇربىم يەتمەي قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ مەمتىكام كۆزلىرىدىن ياشنى سۈرتكەن بولۇپ. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەمتىكام دىك - دىك لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە:

— ۋاي بالام، باغرىم بالام، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، سەن قەيەردە؟ — دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئۆيدىكى-لەرگە مەلۇم قىپتۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ، مەمەتنىڭ هازىسىنى ئېچىپ زار - زار يىغلىشىپتۇ. پۈتۈن مەھەللە - كويمۇ بىر - بىرلەپ جەم بوپتۇ.

قاش قارايغان مەزگىلدە، مەمتىكام مەمەتنىڭ دەريا بويىد-دىن يېنىشىنى كۈتۈپ مەھەللە دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك مەمەتمۇ ئېشەكتە يانتۇ ئولتۇرۇپ، ئېشەكنىڭ لىڭ-شىشىغا ماسلىشىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يېتىپ كەپتۇ.

— يا ھەزرەت، تولىمۇ مىس - مىس بىرنېمىكەنسەن، ئادەمنى شۇنچىمۇ تەقەززا قىلامسەن؟ — دەپتۇ مەمتىكام يال-غان ئەنسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— ئاشۇ بىر باغ بېدىدەك ساقلىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان بولسام، بىلىگىدىن قۇشتەك قاماپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، — دەپتۇ مەمەت ئاچچىقىنى ئاران بېسىپ.

— بۇنچىلىك چاقچاققا شۇنچىلا چېچىلىپ كېتىسەنۇ، ئۆيۈڭدىكى بالا - قازانى ئاڭلىساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالىد-

غان ئوخشىمامسەن؟ بۇ يەردە مېنىڭ ساقلىمىغا يامىشىمەن دېمەي، دەرھال ئۆيۈڭگە بار. بايىلا كىچىك ئوغلۇڭ سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سېنى دەريا بويىدا ساقلاتقان گۇنا-ھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ساڭا خەۋەر قىلغىلى كېتىۋاتقا-نىدىم، — دەپتۇ مەمتىكام.

مەمەت بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، ئاغ-زىدىن كىرگەن ئوق تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئېشەكتىن سەكرىگەن پېتى ئەلەڭ - سەلەڭ ھالدا ھويلىغا كىرسە، ئۆيئىچىدىن «ۋاي بالام، ۋاي بالام» دېگەن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇمۇ ئاۋازنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ:

— ۋاي بالام، جىگىرىم بالام، ئاھ بالام، ئاپئاق قوزام، — دەپ، يىغلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدىكىلەر «مەمەتنىڭ ئوت - پىراقىدا» زار - زار يىغلاپ چىراغ يېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاچقا، ھېچكىم ھېچكىمنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. ھەممەيلەن يىغا -زار قىلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. شۇ ئەسنادا بى-رىنىڭ ئەقلىگە چىراغ يېقىش كېلىپ، قاراڭغۇدا سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، «كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن» مەمەت «ۋاي بالام» دەپ، داد - پەرياد قى-لىۋاتقۇدەك، «سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالدى» دېگەن بالىنى ئا-نىسى كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقۇدەك. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەل-مىگەن ھازىدارلار مەمەتكە قاراپ، مەمەت بولسا بالىسىغا قاراپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئېسىگە كېلىپ پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇنداق سورۇقچىلىققا سالغان مەمتىكام يالغان بىلەن تۇزۇكرەك ھېسابلاشماقچى بولۇپ قوللى-رىغا كالتەك ئېلىپ، مەمتىكام يالغاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ ۋە ھەممەيلەن تەڭلا ۋارقىراپتۇ:

— ھوي يالغانچى كاززاپ، بۇ ياققا چىق ! سەن بىلەن

ئوبدان ھېسابلىشىمىز !

مەمتىكام يالغان ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەندەك، مىيىقىدا كۈلگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپتۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ئەمتىكام دىك - دىك ئاچچىقلانغىنىدىن ساقاللىرىنى دىر - دىر تىترىتىپ مەمتىكام يالغاننىڭ ياقىسىدىن ئالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەنىكەن، مەمتىكام يالغان ئەمتىكامدىن چاققان كېلىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپ:

— ئەمتاخۇن، ئۆزۈڭلا بىر يالغان ئېيتىپ قىزىقچىلىق قىلىپ بەر دەپ، دىكىلداپ ئالدىمغا كەلدىڭلا، يالغان دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە ئۆزى خاپىلىق تاپقان ئەمتىكامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نائىلاج ئۆيىگە قايتىپتۇ. «يالغانچىغا ئالدانساڭ، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "57u05ZC+5bCU5rCR6Ze05pWF5LqLIOS5nSDnu7TlkL7lsJTmlodfNDAyMDk5MDAuemlw",
"filename_decoded": "\u7ef4\u543e\u5c14\u6c11\u95f4\u6545\u4e8b \u4e5d \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209900.zip",
"filesize": 44172292,
"md5": "cf768e4b40a30d990954c24dacd5554f",
"header_md5": "5dd672dc94194c16f004a003b75caf73",
"sha1": "e3430fdb800bb3d1962618d00c773846dea3c665",
"sha256": "506fbe0f287a93a65568336748b086fd492288b38f2d702081c9a99b08b8fb4d",
"crc32": 1182858438,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 45135445,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2563\u2569\u2569\u252c \u255b\u253c \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209900",
"pdg_main_pages_found": 351,
"pdg_main_pages_max": 351,
"total_pages": 361,
"total_pixels": 1434036096,
"pdf_generation_missing_pages": false
}